تېيىپجان ئېلىيېۋ

# ئەسەرلەر

(ماقالىلەر، خەت-چەكلەر، ئەسلىمىلەر ۋە ھېكايىلەر)

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېيىپجان ئېلىيېۋ

# ئەسەرلەر

(ماقالىلەر، خەت - چەكلەر، ئەسلىمىلەر ۋە ھېكايىلەر)

مىللەتلەر نەشرىياتى



شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيەت ئۈستىدە.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ماقالىلەر، خەت ـ چەكلەر


ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى يېڭى بۇرۇلۇش ................ ( 1 )

كونسېرت تېكستلىرى توغرىسىدا ........................ ( 17 )

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى ..................... ( 35 )

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جەڭگىۋار تېمىسى .................. ( 74 )

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر .................. ( 90 )

خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلايلى!
............................................................ (120)

شېئىرىيەت توغرىسىدا ياش ھەۋەسكارلار بىلەن سۆھبەت...... (140)

نۇر ئوغلىنىڭ ناخشىسى .................................. (168)

شانلىق دەستۇر ........................................ (175)

«تارىم» تېخىمۇ جۇش ئۇرسۇن .......................... (188)

شېئىردىكى "مەن" توغرىسىدا ........................... (196)

ئەدەبىيات بېغىدا "يېرىم دۇنيا" گۈللىرىمۇ تەكشى ئېچىلىشى
كېرەك ................................................. (199)

«ئەزىزسەن ۋەتىنىم، گۈزەلسەن ھامان» ................... (203)

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي مىراسى توغرىسىدا
............................................................ (206)

ئا. خوجىنىڭ «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» توپلىمىغا
كىرىش سۆز ........................ (221)
ناخشىدا شېئىر بىلەن مۇزىكىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى
توغرىسىدا ........................ (225)
«يېڭى رۇبائىيلار» كىتابىغا كىرىش سۆز ........................ (236)
ئەلشىر ناۋايى ........................ (253)
«ئابدۇللا ئارىپوۋ شېئىرلىرىدىن تاللانما»غا كىرىش سۆز...... (281)
شائىرنىڭ ئانىسى خەلق، ئۇ ئانىنى رازى قىلىش بىلەنلا
قەدىرلىك ........................ (283)
يولداش نەجمىدىنگە خەت ........................ (286)
ئىنىم ئەخەت تۇردىغا خەت ........................ (291)
يولداش جاڭ شىرۇڭ! ........................ (295)
ئىنىم ئەركىنجان ياسىنغا! ........................ (297)
يولداش ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر! ........................ (298)
يولداش ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر! ........................ (299)
ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم ........................ (300)
شېئىرىيەت ھەققىدە ........................ (305)

## ئەسلىمىلەر، ھېكايىلەر

قايغۇلۇق كۈنلەردىكى ئەسلىمىلەر ........................ (305)
بىر توينىڭ تارىخى ........................ (315)
ئەينەك ........................ (355)
تۈركىيىدە 20 كۈن ........................ (373)
شائىرنىڭ ئۆيىدە ........................ (405)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى
# يېڭى بۇرۇلۇش

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئادەملەر ھاياتىنىڭ ئاجرالماس مۈلكىدۇر. ئادەملەر ئۇ ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى، ئىدىيىسىنى، ئارزۇسىنى، كۈرەشىنى ئىپادىلەيدۇ. قىسقىسى، ئادەملەر ئۇنى ئۆزىنىڭ مەلۇم مەقسىتى ئۈچۈن ئىشقا سالىدۇ.

بارلىق شەكىلدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئانىسى خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتتۇر. رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مەشھۇر ئىلمىي دوكلاتىدا شۇنداق دېگەنىدى: "...ئادەملەر ھاياتىدا ئەزەلدىنلا خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ خەزىنىسى بار. بۇلار تەبىئىي فورمىدىكى نەرسىلەر، يىرىك نەرسىلەر، ئەمما بۇلار ئەڭ جانلىق، ئەڭ باي، ئەڭ ئاساسىي نەرسىلەر. بۇلار بارلىق ئىنسان قولى بىلەن ئىشلىنىپ چىققان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆركەملەشتۈرىدۇ. ئۇلار بارلىق ئىنسان كۈچى بىلەن ئىشلىنىپ چىقىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى بولىدۇ".

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى قوشاقتۇر. قوشاق ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. ئۇ، سەنئەت جەھەتتىن، ئۆزگە شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل، گۈزەل

نەمۇنىلىرىنى يىقتان مۇزىكىلىق ئەدەبىياتتۇر. مەزمۇن جەھەتتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتتا بولغان كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى م. گوركى رۇس خەلق قوشاقلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۇنى "رۇس خەلقىنىڭ تارىخى" دەپ ئاتىغان ئىدى. بو سۆز ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغىمۇ تېگىشلىك باھادۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزدىكى بارلىق مىللەتلەردەك ئۆتمۈشتە ناھايىتى قاتتىق ئېزىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازاب-كۈلپەت ئىچىدە قالغان ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئۆز قوشاقلىرىدا ئىپادىلىدى ۋە قارا كۈنلەرگە غەزەپ-نەپرەت بىلدۇردى.

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ.
ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۈتقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

ئۆتمۈشتە ئۇيغۇر خەلقى نېمە توغرۇلۇق ناخشا ئېيتمىسۇن، ئۇنىڭدا پۈتۈن دەۋرنىڭ مۇڭى ئۇرغاتتى. 1858-يىلى قازاق خەلقىنىڭ دەسلەپكى ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋ شىنجاڭغا قىلغان ساياھىتىدە ئۇيغۇر قوشاقلىرىنى ئايرىم زوق بىلەن ئۆگەنىدى. ئۇ، ئۆزى توپلىغان تېرىيالارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر قوشاقلىرى ھەققىدە شۇنداق دېدى: "بۇ يەردىكى شېئىرىيەتنىڭ بىردىنبىر

www.uyghurkitap.com

شەكلى خەلق ناخشىلىرىدۇر... مەزمۇنى سىياسىي ۋەقە ياكى مۇھەببەتتۇر. ناخشىلارنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى ــ قايغۇ ۋە ھەسرەتتىن ئىبارەت".

چۇقان ۋەلىخانوۋ ئېيتقان "قايغۇ ۋە ھەسرەت" ئۆتمۈشتىكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ ئومۇملاشقان خاراكتېرى ئىدى.

قايغۇ ـ ھەسرەت بار يەردە ئازادلىققا ئىنتىلىشنىڭ بولۇشى ــ بۇ، بىرتەبىئىي ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت ـ ئەلەملەرگە "سەللەملا" دەپ تۇرۇۋەرمىدى. ئۇلار ئازادلىقنى خالاپ، كۆرەشكە ئىنتىلدى، نۇرغۇن قانلارنى تۆكتى. لېكىن زامانىنىڭ قارا كۈچلىرى ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئازادلىق ھەرىكىتىنى بوغۇپ تاشلىدى. لېكىن خەلق ئۆز ئۈمىدىدىن ۋاز كەچمىدى. ئۇلار قاراڭغۇ قىستاڭلاردا زۇلۇمغا نەپرەت ئوقۇدى ۋە كۆرەش ناخشىلىرىنى قورقماي توۋلىدى.

يامۇلنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەردلەرگە نېمە دەيلىك.
ئەرلىككە بەلنى باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.
ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
تېرىۋالدىم غازاڭنى.
ئالدىرىمىغىن زالىملار،
بىز بېرىمىز جاجاڭنى.

ئۆتمۈشنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەزىز ئىستەكلىرىنى ئۇجۇقتۇرالمىدى. ئاخىرى خەلق دۈشمەنلىرى ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى.

جۇڭگو كوممۇنستنك پارتييسى ۋە رەئس ماۋزېدۇڭنڭ دانا يېتەكچلكدە، خەلق ئازادلق ئارمييسنڭ ئۇزۇن يللق مۇشەققەتلك كۈرەشلرى نەتجسدە ۋە دوستمز سوۋېتلەر ئتتپاقنڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردمى ئارقسدا ۋەتنمزدە ئازادلق تېڭى يوردى. خەلق جۇڭگوسدكى بارلق مللەتلەر ئەسرلەردن بېرى زارقپ كۈتكەن ئازادلق كۈنلرگە ئۇلاشتى. جۈملدن ئۇيغۇر خەلقمۇ تۆت يلغا يېقن ئازادلق دەۋر ئچدە سياسي، ئقتسادي، مەدەنيەت جەھەتتن زور ئۇتۇقلارغا ئېرشتى.

جۇڭگو كوممۇنستنك پارتيسنڭ يۈرگۈزگەن توغرا مللي سياستى ئۆلكمزدە ھەقىقي مللي دوستلۇقنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھەممە مللەت خەلقلرىدە كوممۇنستك پارتييگە، خەلق ھۆكۈمتگە، رەئس ماۋزېدوڭغا بولغان مۇھەببەت كۈچەيدى ۋە ئۇلار ئۆزلرنڭ بەختلك كېلەچكگە مەھكەم ئشەنچ باغلدى.

ئۆلكمزگە خەلق ئازادلق ئارمييسنڭ كرشى خەلقمزگە ئازادلقنڭ كەلگەنلكدن دېرەك بەردى. خەلق ئۇلارنى ئۆزلرنڭ نجات يۇلتۇزى دەپ تونۇدى ۋە بۇندن كېينكى ھاياتقا زور ئشەنچ ۋە خۇشاللق بلەن قاردى. خەلقنڭ بۇ ئشەنچ ۋە خۇشاللقى ئۇلارنڭ ئازاد ناخشلردمۇ جاراڭلدى.

تاڭلار ئېتپ، كۈن چقتى،
نۇرى ئۇنڭ بۆلەكچى.
يېڭى كەلگەن ئارميە
ئاجزلارغا يۆلەكچى.
ئارميمز سلدى
ئاجزلارنڭ بېشنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەپقەت بىلەن سۈرتتى
كۆزىمىزنىڭ يېشىنى.

ئۆلكىمىزدە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە يۈرگۈزۈلگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر مېھنەتكەش خەلقنىڭ يۈرىكىدە يېڭى-يېڭى تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. بولۇپمۇ ئۆلكىمىزنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يۈرگۈزۈلگەن يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھات ھەرىكىتى جەريانىدا دېھقانلار قەددىنى كۆتۈرۈپ ئەسىرلەدىن بېرى كۈتكەن ئۈمىدلىرى باشقۇچلۇق ھالدا ئەمەلگە ئېشىپ باردى. مۇشۇ كۈرەش جەريانىدا مېھنەتكەش خەلق ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلىرىنى ئايرىپ ئالالىدى. دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇ ئۆتمۈشلىرىنى ئەسلەپ، يېڭى تونۇشلىرى ئاساسىدا مىڭ يىللىق دەرد-ئەلەملىرىنى تۆكتى ۋە مېھنەتكەش خەلقنىڭ كۆتۈرۈلگەن جەڭگىۋار قەددىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۈيلىدى.

دەرد بولغانۇ، دەرد بولغان،
ئەمگەكچىگە دەرد بولغان.
ئەمگەكچىنىڭ تاپقىنىنى،
پومېشچىكلار يەپ بولغان.
دەردى بايۇ، دەردى بار،
كەمبەغەلنىڭ دەردى بار.
دەردنى تارتقان دەردمەنلەر،
ئەمدى بولدى ئەتىۋار.

ئېزىلگەن مېھنەتكەش خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى زومىگەر، پومېشچىكلارنى كۈرەشكە تارتتى. زالىملارنىڭ قىلغان ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جىنايەتلىرىنى خەلق تۆمۈردەك دەلىل-پاكىتلار

بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىسكىلەپ قويىدى ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلمەس ئۇلۇغ كۈچىنى تونۇتتى. چۈنكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇلارنى شۇنداق بۈيۈك ھوقۇققا ئىگە قىلغانىدى. بۇ ئەھۋاللار خەلقنىڭ جەڭگىۋار قوشاقلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

كومىنداڭدىن ئايرىلىپ،
پومېشچىكلار يىغلايدۇ.
قىلغۇلۇقنى قىپ بولۇپ،
ئەمدى نېمدەپ يىغلايدۇ.
ئازاب چەككەن كەمبەغەل،
بۈگۈن دەردنى تۆكىدۇ.
زومىگەر، پومېشچىكلار،
دالدا يەرگە مۆكىدۇ.
مۆكۈۋالساڭ مۆكۈۋال،
ئىزدەپ يۈرۈپ تاپىمىز.
ئەمدى سىرىڭ پاش بولدى.
تاناۋىڭنى تارتىمىز.

خەلق كۆرىشى غالىبىيەت قازاندى. خەلق دۈشمەنلىرى ئۆز قىلمىشىغا لايىق جازانى تارتتى. خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى قارانىيەت، ۋەھشىي دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئۈستۈنلۈك قازاندى، بۇنىڭ بىلەن دەرد-ئەلەمدىن ئىچى-قارنى بوشىغان خەلق ئۆز قوشاقلىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ ئەپت-بەشرىسىنى ۋە ھالاكەتلىك ئاقىۋىتىنى كۈيلىدى:

ئۆز ۋاقتىدا پومېشچىك،
ئۇچۇپ يۈرگەن قۇش ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماۋجۇشىنىڭ دەۋرىدە،
تۇمشۇقىغا مۇشت يېدى.

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن يېزىدا دېھقانلار ھەممىگە خوجايىن بولدى. يەرلەر ئۆز ئىگىسىگە قايتتى. يەر ـ ماكانىغا، سايمان ـ ئۇلاغقا، ئوزۇق ـ تۈلۈككە ئېرىشكەن نامرات ئەمگەكچىلەر ئەركىن ئەمگەك ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. فېئوداللىق زەنجىرى ئۈزۈلۈپ، يېڭى ھاياتنىڭ باشلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرگەن بۇ ئەھۋال دېھقانلار ھاياتىدا قىزغىن خۇشاللىق ياراتتى. بۇ خۇشاللىق يېزىنىڭ تارىخىدىكى بىرىنچى چوڭ ۋەقە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئازاد يېزىدا دەرد ـ ئەلەمسىز، قايغۇ ـ ھەسرەتسىز ناخشىلار ياڭراپ كەتتى:

بۇلۇت كەتتى، جۇت كەتتى،
ئاسمانلارمۇ سۈزۈلدى.
پومېشچىكنىڭ بىزنى بوققان
زەنجىرلىرى ئۈزۈلدى.

ئىشىك ئالدى چىمەنزار،
سۇ قۇيۇپ سولاتماسمەن.
ئازاد بولغان كۈنۈمنى،
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتماسمەن.

كونا يېزا ئۆزگەردى. يېزىدىكى ئاچارچىلىق، قاششاقلىقنىڭ يىلتىزى قۇرىدى. ھەربىر دېھقان ئۆزى تەر تۆككەن مېھنەتنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشكە باشلىدى، خەلق مۇندىن كېيىنكى بولىدىغان زور تەرەققىياتقا ئالدىنئالا ئىشەنچ باغلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدە ياشىغىنى ئۈچۈن بەختلىك دەپ ھېس قىلىپ مۇنداق

قوشاقلارنى توقۇدى.

ئۇ ئۆيۈقتىمۇ پاختا بار،
بۇ ئۆيۈقتىمۇ پاختا بار.
ماۋ زېدۇڭنىڭ دەۋرىدە،
ئەمگەكچىنىڭ بەختى بار.

ئازادلىق نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن يېڭى ھاياتنى، توقچىلىقا قاراپ يۈكسىلىۋاتقان تۇرمۇشنى ۋە كېلەچەكتىكى زور تەرەققىياتنى كۆچادىكى قوشاقچى موللا تۇردى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىدى.

ئازاد بولۇپ ئۆلكىمىز،
كىيدۇق يېڭى چاپاننى.
تاغار ـ تاغار ئۇن تارتىپ،
تولغاپ يېدۇق ئاق ناننى.
ئەمگەك دېدى پارتىيە،
ئۆستەڭ چاپتى ئارمىيە.
شۇنداق ماڭساق كۆپ ئۆتمەي،
گۈلزار بولۇر ھەممە يە.

يېزىدا چىققان قوشاقلار ئىچىدە كادىرلار توغرىسىدىكى قوشاقلارمۇ خېلى جىق. يېزىغا ئىجتىمائىي ئىسلاھات خىزمىتى بىلەن چىققان كادىرلار پارتىيە سىياسىتىنى جارى قىلدى. ئۇلار ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن پارتىيە سىياسىتىگە ۋەكىللىك قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلقلەر ئۇلارنى "پارتىيىنىڭ غۇنچىلىرى"، "ماۋجۇشىنىڭ بالىلىرى"، دەپ ئاتىدى ۋە ئۇلارنىڭ خەلقپەرۋەر ئىشىنى ئۆز ناخشىلىرىدا ئىپادىلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇرۇك دوستلار بارايلى،
كادىرلارنىڭ ئالدىغا.
دەردىمىزنى ئېيتايلى،
ئادالەتچى باللىغا.
ئەجەب كەلدى زوقىمىز
كادىرلارنىڭ يولىغا.
ئۇلار زادى تەگمىدى
خەلقىنىڭ بىر تال قىلىغا.
يېڭى ئۆستەڭنىڭ تاللىرى
شېخىدا مارجانلىرى.
ئادىللىقتا بىر ئىكەن
ماۋجۇشىنىڭ باللىرى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدى. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مېھنەت ھەققىدىكى نەزەرىيىسى يېزىدا ھەقىقىي ئەمگەكچىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئۆستۈردى. ئىشلەپچىقىرىشتا خەلقنىڭ يېڭى-يېڭى نەمۇنىلىرى، ئىجادىيەتلىرى تۇغۇلۇشقا باشلىدى. فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى خەلقنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېڭى تۇرمۇش تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرەلمەيتتى. بۇ ھال فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئەڭ چىرىك نۇقتىسى ئىدى. يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب بۇ چىرىك نۇقتىنىڭ بىتچىتىنى چىقاردى. شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ يېڭى يەنى خەلقنىڭ ئۆسۈۋاتقان تەلىپىگە لايىق مۇناسىۋەت ئورناتتى، مېھنەتكە بولغان يېڭى كۆز قاراش ئۆستى. ئازاد ئەمگەك يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى

بىر تېمىسى بولۇپ قالدى:

دوست ـ دۈشمەننى چۈشەندۇق،
بەختىمىزگە ئىشەندۇق.
ئەمدى يەتتۇق مەقسەتكە،
كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيلۇق.
ئېرىغىمنى ئوي ئويدۇم،
چۆرىسىگە گۈل قويدۇم.
ماۋجۇشىنىڭ دەۋرىدە،
ئىشچانلىققا قول قويدۇم.
كەل ئەمگەكچى يولداشلار،
ئۆملۈشەيلى بەرىمىز.
ھەمكارلىشىپ ئىشلىسەك،
بوشقا كەتمەس تەرىمىز.

خەلق نۇرغۇن كۈرەش بەدىلىگە كەلگەن ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك بەختىنى ئاسرايدۇ. بۈگۈن ئۇلاردا سىياسىي سەزگۈرلۈك ئۆسمەكتە. ئۇلار كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە دۈشمەنلەرنىڭ ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى رەخۋازلىقىغا قارشى كۈرەشكە تەييار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىگە بارغانسېرى قاتتىق ئىشەنمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار خەلق دۈشمەنلىرىنى ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرىدۇ؛ خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرگۈزگەن ۋە يۈرگۈزمەكچى بولغان بۇزۇق ھەرىكەتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ دادىللىق بىلەن زەربە بېرىشتە تەييار ئىكەنلىكىنى ئۆز ناخشىلىرىدىمۇ توۋلايدۇ.

ئاتنى باغلىدىم تۈزگە،
بۇ يىل تېرىدىم كۈزگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆتمۈشتىكى بۇزۇقلار ،
خىيال ئەيلىمەك بىزگە.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى دېھقان ھاياتىدۇر. شۇنداقلا خەلق قوشاقلىرىمۇ ھازىر مۇشۇ تېمىدا ئۆسمەكتە. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىشچىلار ئارىسىدىمۇ ئىشچىلار ھاياتى توغرىسىدىكى قوشاقلار تۇغۇلماقتا. مەلۇمكى ئىشچىلارنىڭ ھاياتى ئازادلىقتىن بۇرۇن بەك ئېغىرچىلىقتا ئىدى. ئۇلاردا ھوقۇق دېگەن نەرسە زادىلا يوق ئىدى. ئۆتمۈشتىكى خاڭ ئىشچىلىرى ئارىسىدىكى قوشاقلار ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ نە قەدەر ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ.

زوخادىن چۇشۇپ بېرىپ،
سۇنى چاپقان ئوخشايمەن.
بەرگىنى سۇنۇق ياماق،
جاننى ساتقان ئوخشايمەن.
ئەردى يۇپاڭمۇ دەيمىز،
سەندى يۇپاڭمۇ دەيمىز.
داڭقىدىن چۇشكەن ناننى،
خام سۇغا چىلاپ يەيمىز.

ئىشچىلارنىڭ ھاياتى ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ زاۋۇت، كانلاردا ئېلىپ بېرىلغان خەلقچىلىق ئىسلاھات ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى دەۋر ياراتتى. شۇنداقلا ئۇلار ئازاد ئەمگەك تۈزۈمىنى ئورناتتى. بۈگۈن ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى ئەزاسى ۋە دۆلەتنىڭ رەھبىرىي كۈچىگە ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەركىن ۋە خۇشال ھېس قىلىدۇ. شۇنداقلا

ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىدا ئازادلىق ئاۋازى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ھەم رەئىس ماۋ زېدۇڭغا بولغان چەكسىز مۇھەببەت جاراڭلايدۇ.

ئاتىمىز سەن ماۋ زېدۇڭ،
ئانىمىز سەن ماۋ زېدۇڭ.
خاڭلارغا يورۇق بەرگەن،
كۈنىمىز سەن ماۋ زېدۇڭ.
بۈگۈن بىزنىڭ زاۋۇتتا،
ئازادلىقنىڭ ئاۋازى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشچىلار،
ماۋ زېدۇڭدىن كۆپ رازى.

كۆپ مىللەتلىك بۇ ئۆلكىدە ئۆتمۈشتە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەك يامان ئىدى. ئېكسپلاتاتور سىنىپلار مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، ئۇزاق يىللىق مىللىي جاڭجاللاردىن ئۆزلىرى نەپ ئالاتتى. پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيلا شىنجاڭدا مىللىي مەسىلىنى توغرى ھەل قىلىشنىڭ داغدام يولىنى ئاچتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى يامان مۇناسىۋەتلەر ئورنىغا يېڭى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىدى. بۇ ئۆلكىمىزنىڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي غالىبىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلقىمىز بۇ غالىبىيەتتىن ئىلھاملانماي، زوقلانماي تۇرالمايدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ يېڭى تېما ئاچتى. شۇنداقلا خەلق قوشاقلىرىدىمۇ كۈيلەنمەكتە:

گومىنداڭلار گۇم بولدى،
ئەجەب ياخشى كۈن بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماۋجۇشىنىڭ دەۋرىدە،
ھەممە مىللەت ئۆم بولدى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى ئۆلكىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىلىق دولقۇنىنى كۆچەيتتى. ئۇيغۇر خەلقى پۈتۈن دۇنيا ئۇچۇن تىنچلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، سۆيۈملۈك قوشنىمىز چاۋشەن خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرنى يوقىتىشنىڭ لازىملىقىنى شۇنداقلا خەلقئارا تاجاۋۇزچى ئۇرۇش خۇمار لاگېرغا قارشى كۆرەشنى كۈچەيتىپ ئۇرۇش ئوتىنى يوقىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىدۇ ۋە بۇ يولدا ئۆزلىرى ئۆتەشكە لازىم بولغان ۋەزىپىنىڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇر قوشاقلىرىدا ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىلىق روھ زور كۈچ بىلەن جاراڭلايدۇ.

بۇلبۇل چىداپ تۇرامدۇ،
قاغا قونسا گۈلشەنگە.
ئۇچار قانىتىم بولسا،
ئۇچۇپ بارسام چاۋشەنگە.

تۆت يىلغا يېقىن بولغان ئازادلىق دەۋر خەلقىمىز ھاياتىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي ـ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى ـ يېڭى شەرتلىرىنى ياراتماقتا. جۈملىدىن ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەرىكىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆلكىمىزدە كەڭ ـ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كەتتى. ھەربىر جايدا خەلقنىڭ ئوقۇشقا، مەدەنىيەتكە بولغان يېڭى كۆز قارىشى ۋە يېڭى تەلەپلىرى ئۆسۈپ

باردى. چۈنكى خەلق قولغا كەلگەن ئۇتۇقلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىلىم-بىلىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماقتا. شۇنداقلا بۇرۇنقى نادانلىقنىڭ ساقلىنىشى يېڭى زامانىمىزغا ياراشمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ناخشا ئېيتىدۇ:

ئىشىك ئالدى شاپتۇلا،
يۈرىكىمدە گەپ تولا.
بۇرۇنقى نادانلىقنى،
ئەمدى قىلساق سەت بولا.

بۈگۈن ئۆلكىمىزدە خەلق ھاياتى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ يېڭى باسقۇچتا ئۆسۈۋاتماقتا. ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈن نېمە توغرۇلۇق ناخشا ئېيتمىسۇن، ئۇنىڭدا خۇشاللىق، مەغرۇرلۇق جارىڭلايدۇ. چۈنكى بۈگۈن ئۇنىڭ ھاياتىغا ۋە ناخشىسىغا مۇڭ-ھەسرەت بېرىدىغان بۇرۇنقى دەھشەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈم بىتچىت قىلىنغان. ئەمدى بۇ ئۆلكىدە خۇشال ھايات باشلانماقتا ۋە تەرەققىي قىلماقتا. بۇ ھايات خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى چاڭقىپ كۈتكىنى ئىدى. خەلقىمىزنى بۇ كۈنگە جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە داھىيمىز رەئىس ماۋ زېدۇڭ يەتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز پارتىيە ۋە ماۋ زېدۇڭنى جان-دىلى بىلەن سۆيىدۇ. كومپارتىيە ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەركىزىي تېمىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۆلكىمىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان بارلىق يېڭى ئۆزگىرىشلەر كومپارتىيە ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىدىيىسى، پولىيورۇقى ۋە بىۋاستە يېتەكچىلىكى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. كومپارتىيە ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا خەلق ئۆزىنىڭ چوڭقۇر يۈرىكىدىكى چۈشەنچىسىنى ئۆز ناخشىسىدا كۈيلەيدۇ:

گۈگچەنداڭ يېتىپ كەلدى،
يۇرتىمىزغا نۇر چېچىپ.
كەمبەغەللەرگە كۈچ بەردى،
ئازادلىققا يول ئېچىپ.
ئۇزۇن يىللار ئېزىلدۇق،
گومىنداڭنىڭ قولىدا.
ئەمدىغىنا قۇتۇلدۇق،
ماۋجۇشىنىڭ يولىدا.

كومپارتىيە، ماۋجۇشى خەلقىمىزنىڭ نىجات يۇلتۇزىدۇر. خەلقىمىز بۈگۈن كومپارتىيىگە ۋە ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك داھىيسى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يېتىشكەنلىكى ئۈچۈن تاغدەك خۇشال. ئۆتمۈشتىكى ئېغىر كۈنلەرنى ئەسلىگەندە، شۇنداقلا بۈگۈنكى ئازادلىققا قانداق ئېرىشكەنلىكىنى ئويلىغاندا كومپارتىيە ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مىسلىسىز ئۇلۇغ بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. كۇچا 4-رايوندىكى 50 ياشلىق قوشاقچى ئابدۇللا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق قوشاق ئوقۇدى:

ئوي ئېتىزمۇ ئۆتسىكەن،
دۆڭ ئېتىزمۇ ئۆسسىكەن.
ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدا،
ماۋجۇشىمىز بولسىكەن.

خەلق ئۆزلىرىنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىققان ۋە مۇڭلۇق يۇرتىنى خۇشاللىق بىلەن تولدۇرغان كومپارتىيىگە ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ئۆز يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مۇھەببىتىنى ئاتايدۇ. پارتىيە ۋە داھىيغا شان-شەرەپ تىلەيدۇ.

ئىلخونىڭ غوللىرى،
ئالىيىشىل گۈللىرى.
كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىسۇن،
پارتىيىنىڭ يوللىرى،
ئاق بەلباغمۇ توقۇيمەن،
كۆك بەلباغمۇ توقۇيمەن.
ماۋجۇشى، ستالىنغا،
يۈزمىڭ رەھمەت ئوقۇيمەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى، مىللىي ئەنئەنىلىرى بىلەن يېڭى دېموكراتىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىرلەشكەن بىر پۈتۈن شەكلى بولغان ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى بۈگۈن ئازاد زامان قۇچىقىدا ئۆسمەكتە. بۇلۇپمۇ بۈگۈنكى زور بۈرۈلۈش جەريانىدا ئۆسۈۋاتقان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى يېڭى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى نەمۇنىسى بولماقتا. بۇ ئىستىقبالى كەڭ ۋە شەرەپلىك ئەدەبىياتتۇر. چۈنكى بۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىلغار ئەدەبىي ـ سەنئەت نىشانى بايراقدار بولماقتا.

1955 ـ يىل 8 ـ ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كونسېرت تېكستلىرى توغرىسىدا

كونسېرت تېكستلىرىنىڭ ناچارلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىنى بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ هازىرقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ كەمچىلىك كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپىلەر بىلەن ماسلىشىپ بارالماسلىق، يەنى پارتىيە ۋە خەلق هۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت ۋە قارارلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا جاۋاب بېرەلمەسلىك، رېئاللىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەسلىك، جەمئىيەتنىڭ تەلىپىدىن ئارقىدا قېلىش، شۇنداقلا سەنئەت بىلەن سىياسەتنىڭ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلەشمەسلىكىگە ئوخشاش ئەهۋاللاردا ئىپادىلىنىدۇ. دۇرۇست، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپىلەرگە بېغىشلانغان بىر قاتار ناخشىلار (يالغۇز كىشىلىك ناخشا، خور، لەپەر، ئۇسسۇللۇق ناخشا ۋە باشقىلار) مەيدانغا چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ خىل يېڭى تېمىدىكى ناخشىلار سەنئەت جەهەتتىن بەك ناچار ئىكەنلىكى ئۈچۈن جامائەتچىلىكىمىزنىڭ ئانچە ئالقىشىغا ئىگە بولالماي كېلىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمىزدە ”سىياسىي تەرىپى چاتاق بولمىسىلا بولىدۇ“ دېگەن ئەرزەن ئىجادىيەت خاھىشى مەۋجۇت، بولۇپمۇ بۇ خىل ئەهۋال بىزنىڭ ناخشا تېكستلىرىمىزدە

ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇنداق قاراش ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسەت.
نى سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلەش پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ياتتۇر. مۇنداق
"ئەرزەن ئىجادىيەت" خاھىشى بىزنىڭ ناخشا تېكىستلىرىمىزدە ئالدى
بىلەن شوئارچىلىق، قۇرۇق سەپسەتىچىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.
بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدىكى (جۈملىدىن پوئېزىيىمىزدىكى)
ھەددىدىن ئاشقان شوئارچىلىق توغرىسىدا بولۇۋاتقان گەپلەر خېلى
كۆپ. شۇنىڭدەك شوئارچىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ
يەتمىگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس.

زادى پوئېزىيىمىزدىكى شوئارچىلىق دېگەن نېمە؟ شوئارچىلىقنىڭ
ئىپادىلىرى خىلمۇخىل بولغانلىقتىن، بۇنىڭغا مۇكەممەل جاۋاب
بېرىش ئاسان ئەمەس، قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، شوئارچىلىق
سىياسەتنى، مەلۇم سىياسىي - نەزەرىيىۋى فورمۇلىلارنى مىسرالارغا
تىزىپ، قاپىيىلەشتۈرۈش بىلەن مەقسەتنى تۈرمۇشقا باغلىماي يالىڭاچ
سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئۇرۇنىدىغان ئىجادىيەت مېتودىدۇر.
مۇنداق "شېئىر"لار پوئېزىيىنىڭ گۈزەللىك ۋاستىلىرى بىلەن
قۇراللانمىغاچقا ۋە تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەچكە
كىشىگە بەدىئىي زوق بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېيتماقچى
بولغان ياخشى مەقسەتنى سۇيۇقلاشتۇرىدۇ. قىسقىسى، ئۇ، بەدىئىي
ئەسەر بولالمايدۇ.

ئەمدى گەپنى شوئارچىلىقنىڭ كونكرېت تېكىستلىرىدىكى
ئىپادىسىغا بۇرايلۇق. ئۆلكىلىك مىللىي سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەھنىدە
ئىجرا قىلغان ۋە ئىجرا قىلىۋاتقان ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدە مەخسۇس
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، داھىيمىز رەئىس ماۋ زېدۇڭغا
بېغىشلانغانلىرى 20 گە يېتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە داھىيمىز ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بەدىئىي رەۋىشتە گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بىرەر تېكىستنىمۇ ئالاھىدە كۆرستىش قىيىن. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى ياخشى دەپ ئاتالغانلاردىن «كومپارتىيە» (يالغۇز كىشىلىك ناخشا)، «ياشا داھىي» (ئومۇمىي خور)، «داھىيمىزياشا» (ئۇسسۇللۇق ناخشا)غا ئوخشاش- لارنىڭ تېكىستلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كۆپرەك يالىڭاچ شوئار، يېقىمسىز تەسۋىرلەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

«كومپارتىيە» دېگەن ناخشىنىڭ تېكىستىدا مۇنداق مىسرالار بار:

كومپارتىيە ھۆر، ئادالەت،
يوقتۇر ئەمدى جاھالەت.
ياشا ـ ياشا كومپارتىيە،
بىزگە بەردىڭ سائادەت.

بۇ بىر كۇپلېت تېكىستتىكى "ئادالەت"، "جاھالەت"، "سائادەت" دېگەن قاپىيىداش سۆزلەرنىڭ بولۇشى، سۆزلەرنىڭ تۆت مىسراغا تىزىلىپ بىر كۇپلېت تۇسكە كىرىشى، رىتىملىق بولۇشى ئۇنى بىرقەدەر شېئىرىي شەكىلگە يېقىنلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا نازۇك، چوڭقۇر پىكىر، مەقسەتنى گەۋدىلەندۈرگىدەك ۋە كىشىنى ھاياجانغا سالغىدەك تەسۋىرىي سۆزلەر يوق ھېسابىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىسرالارنىڭ بىر ـ بىرسى بىلەن مۇناسىۋىتىمۇ زىچ ئەمەس. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، "ھۆر" دېگەن سۆز پارتىيىنىڭ ئۇلۇغۋارلىق خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدىغان سۆز. قىسقىسى، بۇ تېكىستتا ئىلھام بەرگەن نەرسە تۇرمۇش پاكىتلىرى بولماي، پەقەت ياسانچۇق قاپىيىلەر دېيىشكە بولىدۇ.

«داھىيمىز ياشا» دېگەن ئۇسسۇللۇق ناخشىنىڭ تېكىستى تېخىمۇ ناچار، ئۇنىڭ دەسلەپكى كۇپلېتىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

بەختىمىزنىڭ تەلىيى —
ماۋ زېدۇڭ ئۇلۇغ داھىي؛
سەن ئامان بول داھىيمىز، ياشا!
كۆڭلىمىز نۇرغا تولدى
سەن بىلەن ئۇلۇغ داھىي،
سەن ئامان بول داھىيمىز، ياشا!

"بەختىمىزنىڭ تەلىيى" دېگەن مىسرانىڭ ئۆزىدە مۇجمەللىك بارلىقىنى سۈرۈشتى قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. "كۆڭلىمىز نۇرغا تولدى، سەن ئۇلۇغ داھىي" دېگەن مىسرالاردا بىرقەدەر شېئىرىيەت بار دېيىشكە بولىدۇ. ئامما باشقا سۆزلەر تولىمۇ يالىڭاچ، قايپىسىنىڭمۇ تايىنى يوق. قالغان كۇپلېتلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇ بىرىنچى كۇپلېتتىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. قىسقىسى بۇ ناخشىنىڭ سەرلەۋھىسىمۇ "ياشا"، قايپىسىمۇ "ياشا"، قايتۇرمىسىمۇ "ياشا"، ئەۋجىلىرىمۇ "ياشا"، مەزمۇنىمۇ "ياشا"، زادى ھەممە نېمىسى دېگۈدەك "ياشا".

ئازادلىقتىن كېيىنكى ھاياتىمىز شەنىگە، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە داھىيمىز رەئىس ماۋ زېدۇڭغا بېغىشلانغان تېكىستلاردا "ياشا" دېگەن سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ. دۇرۇست "ياشسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى"، "ياشسۇن داھىيمىز رەئىس ماۋ زېدۇڭ" دېگەن شوئارلار خەلقىمىزنىڭ پارتىيە ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا بولغان سەممىي مۇھەببىتى ۋە مىننەتدارلىقىنىڭ ھەقىقىي ساداسىدۇر. لېكىن شېئىرىيەتتە بۇ مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن "ياشا"

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دېگەن سۆزدىن باشقا سۆزلەر تېپىلماسمۇ؟ بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ "ياشا" دېگەن سۆزلەرنى يالىڭاچ ھالدا تەكرارلاۋېرىش بولماي، بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق شۇنى گۈزەل قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىش ئەمەسمۇ؟

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن «داھىيمىز ياشا» دېگەن ناخشا تېكىستىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي سەھنىلەردە خېلى نۇرغۇن ئىجرا قىلىندى ۋە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ مۇزىكىسىنىڭ گۈزەللىكىدە. ۋەھالەنكى بۇ گۈزەل ئاھاڭغا ئىگە بولغان ناخشا سەھنىلەردە شۇنچە كۆپ ئىجرا قىلىنغانىغا چۇشلۇق ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ بىر-ئىككى مىسراسىمۇ خەلق ئىچىگە رەسمىي تارالغىنى يوق. ئەگەر بۇ ئاھاڭ ئۆزىگە لايىق گۈزەل تېكىست تاپالىغاندا ناخشىلارنىڭ ناخشىسى بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. ئەپسۇسكى، جانسىز تېكىست ئۇنىڭ مۇۋاپپەقىيىتىگە نۇرغۇن پۇتلاشتى.

بۇنداق ئەھۋاللارنى باشقا تېمىدىكى ناخشىلاردىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز. يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتىنى يۇرگۈزۈش جەريانىدا دېھقانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئېغىر ھاياتىنى، پومېشچىكلارنىڭ زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەمگەكچى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە بېغىشلانغان تېكىستلار يارالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خېلى ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. لېكىن ناھايىتى كۆپ قىسمى "بىزنى ئەزدى پومېشچىك"، "زومىگەرلەر يوقالسۇن"، "پومېشچىك دېگەنلەرنىڭ يىلتىزىنى قومۇرايلى". "ئەمگەكچىلەر بىرلىشىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئالايلى"، "پومېشچىكنى يوقىتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرايلى" دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار، يالىڭاچ گەپلەر بىلەن تولغان. شۇنىڭدەك ئەمگەك تېمىسىغا

سەن بىلەن كەلدى سائادەت،
سەن بىلەن ھۆرلۈك زامان.
ھەر چېلىشتا، ھەر كۆرەشتە
غەلىبە ئالدۇق سەن بىلەن.
نۇرلىنىپ بارلىق ئېلىم
خۇشال ياشار نامىڭ بىلەن.

قايتۇرمىسى:

بەختىمىز سەن، شانىمىز سەن،
داھىيمىز ياشا!
ھاھاھاھاھاھاھا
ھاھاھاھا!...

ماۋ زېدۇڭ داھىي،
ئەلنىڭ پاناھى،
باغنىڭ باغۋىنى،
يۇرت پاسىۋانى.

ئۇلۇغ ئېلىم نۇرغا تولۇپ
يۈكسەلدى داھىي يولىدا.
ماۋجۇشى قۇياش كەبى
يورۇتار ۋەتەننى نۇرىدا.

ياخشى زەڭ قويغانىدا، بۇ ئىككى تېكىستنىڭ ئاساسەن بىر-بىرسىدىن پەرقى يوقلۇقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ. بەلكىم بەزىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىسىنىڭ بىرسى ئوغرىلانغان تېكىست دېمۇ ئېيتار. ئۇنداق بولغاندا، «ياشا داھىي» دېگەن تېكىست («داھىي ماۋ زېدۇڭ»دىن كېيىنرەك مەيدانغا چىققانلىقى ئۈچۈن) ئوغرىلانغان تېكىست بولىدۇ. بىراق، ئۇنداق دېمۇ بولمايدۇ. «داھىي ماۋ زېدۇڭ» دېگەن شېئىردىمۇ، بۇرۇن چىققان بىرقانچە شېئىرلاردا تەكرارلانغان تەسۋىرلەر خېلى جىق ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ "ئوغرى-لىۋالغۇدەك"مۇ شېئىر ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، بولغان گەپنى ھەددى-ھېسابسىز تەكرارلىۋېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

مەلۇم بىر تېمىدا يېزىلغان شېئىرلارنىڭ بىر-بىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىشى بىزنىڭ شائىرلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشنى ياخشى، ئەتراپلىق ئۆگەنمىگەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىدۇر (بۇ ئەھۋال بىزنىڭ پروزا ئەسەرلىرىمىزدىمۇ، دراماتورگىيىمىزدىمۇ ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت). ئەگەر مەلۇم بىر تېمىدا ئەسەر يېزىشقا توغرا كەلسە، شۇ ساھەنىڭ تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ، تېپەككۇر يۈرگۈزگەندە، ئۇنى ھەر تەرەپلىمىلىك ئەكس ئەتتۈرۈش مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ تېكىست يازغۇچىلىرىمىز مەلۇم بىر تېمىغا بېغىشلاپ بىرەر نەرسە يازماقچى بولغاندا تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگەنمىگەچكە شۇ تېمىغا دائىر ئومۇملاشقان، ئابستراكت چۈشەنچىسىنىلا شېئىرىي قېلىپقا سېلىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

بىزدىكى تېكىستلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنى ئەمگەك تېمىسىغا بېغىشلانغانلىرى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تەگدىن تولىسى بار بولغان گەپلەرنى تەكرارلىۋېرىش (يەنى ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش

توغرىسىدىكى ئومۇملاشقان چۈشەنچىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش) دائىرى-سىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ تېمىغا بېغىش-لانغان خېلى ياخشى تېكىستلار بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، «ئانا ئارزۇسى»، «دېھقان قىزنىڭ ناخشىسى» ۋە باشقىلار.

ئەمگەك تېمىسىغا بېغىشلانغان، بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەسىھەتكويلۇق بىلەن تولغان نۇرغۇنلىغان تېكىستلاردىن «ئانا ئارزۇسى» دېگەن تېكىستنىڭ ئەھمىيىتى چوڭلۇقىنى ھەممە كىشى بىلەلەيدۇ. بۇ تېكىست ئۆز ئالدىغا يېڭى بىر شەكىل ۋە يېڭى مۇندەرىجىگە ئىگە بولۇشى بىلەنلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇشقا بولغان چوڭقۇر مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. تۆۋەندە ئۇنى ياخشى تېكىستنىڭ نەمۇنىلىك ۋەكىلى قىلىپ كۆرسى-تىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

بىر يىگىتكە سۆز بەرسەم،
ئويناپ كۈلىمىز دەيدۇ.
كەتمەننى ئېلىك دېسەم،
باغقا كىرىمىز دەيدۇ.

باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
كۆردۇق بىز قىزىلگۈلنى.
مەن دېدىم: قىسالمايمەن
ئەمگەك سۆيمىگەن قولنى.

ئانامغا بېرىپ ئېيتسام،
كۆڭۈل بۆلمىگىن، دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىم لەمۇلنچى بولسا
شۇنى خالىغىن، دەيدۇ.

بىز ئاخشا تېكىستلىرى يېزىش ئۈچۈن فولكلور بايلىقىدىن پايدىلىنىشتا تېخى توغرا ئاساسقا ئىگە بولۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز. بۇ — بىزنىڭ فولكلور بايلىقىدىن تەنقىدىي پايدىلىنىشنى تېخى بىلەلمەيۋاتقانلىقىمىزنىڭ، فولكلورنىڭ ئوبدان نەمۇنىلىرىنى هازىرقى زامان پوئېزىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ بەك ئۈزەلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىنى بىز خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە يېزىلغان تېكىستلاردا ئۇرغۇن ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، خەلق قوشاقلىرىدىكى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان:

كورلىدىكى بېغىمنىڭ
نەشپۈتى تاتلىق.
مېنىڭ سۆيگەن بىر يارىم بار
...خان ئاتلىق.

دېگەن قوشاقتا سىياسىي تۈس بېرىمىز دەپ، ئۆلكىلىك مىللىي سەنئەت ئۆمىكى ئۇنى مۇنداق باپلىغان:

كورلىدىكى بېغىمنىڭ
نەشپۈتى تاتلىق.
مېنىڭ پۈشتى ـ پاناهىم بار
پارتىيە ئاتلىق.

بۇنى قانداق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ مەھسۇلى دەپ ئاتاش مۇمكىن؟ "مېنىڭ پۈشتى ـ پاناهىم بار پارتىيە ئاتلىق" دېگەن سۆزنى قوشۇش بىلەن ئۇنىڭغا سىياسىي تۈس بەرگەنلىك بولامدۇ؟ ئاشۇ سۆزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت

قىلالمايۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش تەس بولمىسا كېرەك. ئەگەر بۇنى فولكلورنىڭ ئوبدان ئۈلگىلىرىنى ھازىرقى زامان پوئېزىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىك دېگەن چۈشەنچە بولسا، بۇ پۈتۈنلەي مەنتىقىسىز خىيال ۋە جۆيلۈش بولار ئىدى.

* * *

ئۇيغۇر فولكلورىدا دەسلەپكى بىر ياكى ئىككى مىسراسىدا تەبىئەت ياكى بىر ھەرىكەت ئۈستىدە تەسۋىر بېرىلىپ، كېيىنكى مىسرالىرىدا ئەينى مۇددىئا ئىپادىلىنىدىغان قوشاقلار ناھايىتى جىق. ئۇنىڭ بەزىلىرىدە دەسلەپكى مىسرالار بىلەن كېيىنكى مىسرالاردا ئىپادىلىنىدىغان ئەينى مۇددىئا ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ باغلىنىش بار. مەسىلەن:

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.

ھەقىقەتەن، بۇنىڭ بېرىنچى، ئىككىنچى مىسرالىرىدا تەبىئەت تەسۋىرى بېرىلگەن. لېكىن بۇ تەسۋىرلەر كېيىنكى مىسرالارنىڭ مەزمۇنى بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنىڭ گۈزەللىكى بەك ئۈستۈن. بىز مۇنداق نەمۇنىلاردىن ئەلۋەتتە پايدىلىنىشىمىز كېرەك. لېكىن بەزى قوشاقلار باركى، ئۇنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرىدا بېرىلگەن تەبىئەت، ياشقا بىر ھەرىكەت تەسۋىرى كېيىنكى مىسرالاردا بايان قىلىنىدىغان مەقسەتكە زادى مۇناسىۋەتسىز، ياكى بولسىمۇ ناھايىتى يۈزە. مەسىلەن:

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كەلسەم،
ئىككى بۆرىنىڭ ئىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈمنى ئېلىپ كەتتى،
ھەقەمسايىنىڭ قىزى.

بۇ قوشاقنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسى بىلەن كېيىنكى مەقسەتنى ئىپادە قىلىۋاتقان ئىككى مىسراسى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق. يۇقىرىقى ئىككى مىسرا پەقەت بۇ قوشاقنىڭ كۇپلېتىنى شەكىل جەھەتتىن تولدۇرۇشقا، "ھەقەمسايىنىڭ قىزى" دېگەن گەپكە "ئىزى" دېگەن بىر سۆزنى قاپىيداش قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈرۈلگەن.
بىزدە خەلق قوشاقلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن پايدىلىنىش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئۆززە بولغاچقا دەسلەپكى كۆرسىتىلگەن ياخشى ئۈلگىلەرنىڭ ئورنىغا كېيىنكى كۆرسىتىلگەن ناچار ئۈلگىلەر بىلەن ئاۋارە بولۇشقا ئوخشاش ئەھۋاللار خېلى دەرىجىدە بار. مىسال ئۈچۈن ئاتاقلىق ناخشىلاردىن بولغان «ئازاد زامان»نىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئىشچى ـ دېھقان باللىرى،
قىزىل گۈللۈك باغلىرى.
ئېتىزلىقتا گۈلشەندە،
خۇشال ئۆتەر چاغلىرى.

بۇنىڭدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى مىسرا، كۇپلېت ئىچىدىكى بىر تۇتاش مەزمۇنغا ئانچە يېپىشىپ كەتمىگەن. بۇنى گرامماتىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈپ چىققاندا ناھايىتى مۇجمەل گەپ بولۇپ چىقىدۇ. «دوستلۇق قوشىقى» دېگەن ناخشىنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىنى كۆرۈپ باقايلى:

تاغ بېشىدا قارىغاي،
باغدا بۇلبۇل سايرىغاي.
يۈرىكى بىر دوستلارنى،
دۈشمەن قانداق ئايرىغاي.

بۇنىڭدا دەسلەپكى مىسرالار بىلەن كېيىنكى مىسرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى يۇزە.

شۇنىڭدەك يۇقىرىدا ياخشى تېكىستقا نەمۇنە قىلىپ كۆرسىتىلگەن «ئانا ئارزۇسى» دېگەن تېكىستنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت.

ناخشا تېكىستلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مەسىلە ئۈستىدە خېلى كەسكىن پىكىرلەر تۇغۇلماقتا. ئۇ بولسىمۇ خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستىنى تاللاش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مەلۇمكى، خەلق ناخشىلىرى ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن تارىخىي جەريانلارنى كەچۈرۈپ ئۆتتى. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى (بولۇپمۇ مۇھەببەت ناخشىلىرى)مەلۇم تارىخىي شارائىتلار ئاستىدا ئۆز ئالدىغا مۇقىملاشقان تېكىستنى ئىگەللەپ كېتەلمىگەچكە، ھەر ياڭزا تېكىستلار بىلەن ئېيتىلىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ھەربىر كىشى ئۆزى بىلگەن ياكى ئۆزى ياقتۇرغان تېكىستلار بىلەن ئېيتىپ كەلمەكتە. شۇنىڭدەك بۇ ئېيتىلغان ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىدا بىرىنچى كۇپلېتنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتى بىلەن زادى مۇناسىۋىتى يوق ۋە بەلكى قارىمۇقارشىلىقلار بار. مەسىلەن، بىرىنچى كۇپلېتقا چىن مۇھەببەت، ئەقىدە توغرىسىدىكى بېيىت سېلىنسا، ئىككىنچى كۇپلېتقا ساختا مۇھەببەت، كۆنۈدەشلىك توغرىسىدىكى بېيىتلار سېلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مەزمۇنىدا ئىزچىللىق بولماي قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنداق ئەھۋاللارنىڭ سەھنىلەردە داۋام قىلىپ كېلىشى كىشىنى دىققەتكە سېلىپ قويىدۇ. بۇنداق كېلىشمەسلىكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئىجادىيەت خىزمىتىنىڭ مەسئۇل ئادەملىرى، تېكىست يازغۇچىلار، مۇزىكانتلارنىڭ ئالاھىدە باش قوشۇپ دەسلەپكى بىر مۇقىم پىكىرگە كېلىشى لازىم بولۇپ قالدى. كېلەچەكتە بىزدىمۇ مۇزىكا ھەققىدە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلىغاندىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى كېلىشمەسلىكلەر پۇختا ھەل قىلىنىشى مۇمكىن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ كېلەچەكتىكى پۇختا ھەل قىلىشنى كۈتمەي، ھازىر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ھازىرقى جىددىي تەلەپ شۇكى، تېكىستى ئۇزاق تارىختىن بېرى مۇقىملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ناخشىلارغا ئۇنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتسىز بولغان تېكىستلارنى سالماسلىق، تېكىستلىرى مۇقىملاشقان ناخشىلاردىكى كۇپلېتلىرى بىر ـ بىرگە قارىمۇقارشى كېلىدىغان ئەھۋالنى يوقىتىپ، مۇزىكىنىڭ رۇھىغا ماس كېلىدىغان، كۇپلېتلىرى بىر ـ بىرگە مەزمۇن جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك بولغان تېكىستلارنى قوللىنىشنى يولغا قويۇش لازىم. شۇنىڭدەك مەيلى مۇھەببەت توغرىسىدىكى بولسۇن، مەيلى غېرىبلىق توغرىسىدىكى بولسۇن، ئىش قىلىپ شۇنىڭغا دائىر تېكىستلارنىڭ ئىچىدىن مەزمۇن ۋە سەنئەت جەھەتتىن نەمۇنە بولالىغۇدەك قىسىملىرىنى تاللاش كېرەك. ئەكسىنچە ھەقىقىي خەلق ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغان، ئېكسپلاتاتۇر سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىدىغان، خاتا، چېرىك كۆز قاراش بىلەن سۇغىرىلغان، شۇنىڭدەك سەنئەت جەھەتتىن ناچار بولغان تېكىستلارنىڭ سەھنىگە

چىقىشىنى چەكلەش كېرەك.

شەكىل تۈرلەرنى كۆپەيتىشكە ئىنتىلمەسلىك بىزنىڭ بۈگۈنكى ناخشا ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر. بىزدىكى يېڭى يېزىلغان ناخشا تېكىستلىرىنىڭ شەكلى ئۆز دائىرىسىنىڭ تارلىقى بىلەن خەلق قوشاقلىرىدىكى مەلۇم بولغان شەكىللەرنىمۇ تولۇق نامايىش قىلىپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. بىزدىكى يېڭى تېكىستلارنىڭ ۋەزنى شەكلى ئاساسەن 7 ۋەزىنلىك، 7 ـ 8 ۋەزىنلىك، 13 ۋەزىنلىكلەردىنلا ئىبارەت. رىتىملىرىمۇ ئاشۇ شەكىللەردە مەۋجۇت بولغان رىتىملار دائىرىسىدىن چىقالىغىنى يوق. دورۇست، بىزنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىمىز خەلق قوشاقلىرىنىڭ رىتىمى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتلىك، ناخشا مۇزىكىسىدىكى ئۆزۈندىن بېرى مۇقىملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ رىتىم دائىرىسىدىن چىقىپ يېڭى رىتىملار ئاساسىدىكى تېكىست ۋە شۇنىڭغا لايىق مۇزىكا ئىشلەپچىقىرىش ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ بىزدىكى شېئىرىيەت رىتىمىغا ۋە مۇزىكا رىتىمىغا يېڭى بايلىق قوشۇش دېگەن سۆز. بۇ بىزنىڭ ناخشا ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئالدىدا تەدرىجىي قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. ناخشا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان مۇزىكانت ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ ھازىرقى بار بولغان ئىجادىي كۈچى ئۇيۇشقاندا بۇ ساھەدىمۇ خېلى يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئەمەلىيەت كۆرسىتىۋاتىدۇ. "ئەگەر، — دەيدۇ م. گوركى، — شائىرلار بىلەن مۇزىكانتلار بىرلىشىپ، يېڭى، تېخى دۇنيادا يوق، بىراق كەلگۈسىدە بولىدىغان ناخشىنى چىقارسا، ئۇنى پۈتۈن جاھان ئالقىشلاپ ئاڭلىغان بولار ئىدى".

ناخشا ئىجادىيىتىمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن تېكىستلارنى ياخشىلاش

www.uyghurkitap.com

توغرىسىدىكى مەسىلىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ بۈگۈن ناھايىتى جىددىي ئىش بولۇپ تۇرغىنىنى يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن كۆرۈش مۇمكىن. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىزنىڭ شائىرلىرىمىز مۇندىن كېيىن بۇ ئىشقا ئىخلاس بىلەن كىرىشىپ يېڭى-يېڭى ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقىرىشى مۇمكىن. بۈگۈن بىزدىكى خەلق ئۆچۈن ئىشلەشكە بەل باغلىغان شائىرلىرىمىز جەمئىيەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلەپلىرىگە قولاق يۇپۇرۇۋېلىشىنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمەس، ئەلۋەتتە.

لېكىن يۇقىرىقى گەپلەردىن بارلىق كەمچىلىك تېكىست يازغۇچى-لاردا، مۇزىكانتلىرىمىز ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئاتقۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، دېگەن خۇلاسە مۇتلەق چىقمايدۇ، بىزنىڭ مۇزىكانتلىرىمىز ئۆز كەسپى جەھەتتىن تېخى تۈزۈككىرەك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ تېكىست ھەققىدە بىرەر ئاساسلىق چۈشەنچە ئىگەللەشكە ئىنتىلمەيۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇلار ئۆزلىرى تېكىست تاللاشنى تېخى بىلمەيدۇ. پەقەت تېكىستنىڭ رىتىمى مۇزىكا رىتىمىغا لايىق كەلسىلا بولدى دەپ قانائەتلىنىدۇ. نۇرغۇن ناخشىلاردا مۇزىكا بىلەن تېكىست-نىڭ ماسلاشمىسلىقىدىكى كەمچىلىكتە، مۇزىكانتلارنىڭمۇ ئالاھىدە جاۋابكارلىقى بار.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: ناخشا پوئې-تىكىلىق ۋە مۇزىكىلىق ئىككى ئېلېمېنتنىڭ قوشۇلۇشىدىن بارلىققا كېلىدىغان لىرىكىلىق ئىجادىيەتتۇر. ناخشىنىڭ يېقىملىق بولۇشى ئۇنىڭ مۇزىكىلىق ئىمتىيازىغا ۋە ئاساسىي ئۇيىنى بىلدۈرىدىغان تەسىرلىك شېئىرىگە، يەنى تېكىستقا مۇناسىۋەتلىك. ياخشى تېكىست

ياخشى ناخشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە ياكى ئەسەرگە ئىلھام بېرىشتە
مۇزىكانتقا زور ياردەم بېرىدۇ. ناخشا تېكىستلىرىدىكى چۈشىنىشلىك
بولغان پوئېتىكىلىق سۆز ئاڭلىغۇچىلارنى مۇزىكىنىڭ كەڭ دولقۇنلۇق
ئىنتوناتسىيلىك بايلىقى بىلەن تەسىرلەندۈرىدۇ. مۇزىكانت تېكىست
نىڭ پوئېتىكىلىق مەزمۇنىنى چۈشەنگەندىلا ئۇنىڭغا يېڭى ئىموتسىيە
لىك مەنە بېرىپ ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ
تۇرۇپتىكى، مۇزىكانت تېكىستنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن،
ئۇ ھەقىقىي ئىجادىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ. يىغىنچاقلاپ
ئېيتقاندا، ياخشى ناخشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە مۇزىكانت بىلەن
شائىرنىڭ چوڭقۇر ھەمكارلىقى ئاساسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ
ئۈچۈن بىزنىڭ تېكىست يازغۇچىلىرىمىز بىلەن مۇزىكانتلىرىمىزنىڭ
بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشلىرى كېرەك.

1954 ـ يىل 10 ـ ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر تالانت مەيدانغا چىقىپ كەلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئازادلىقنى ئارزۇ قىلغان يالقۇنلۇق ناخشىلىرى بىلەن دەردمەن خەلقنىڭ يۈرىكىگە ئۈمىدلىك تۇيغۇ بېغىشلىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ناخشىلىرىدا ئالاھىدە بىر يېقىملىق ئاھاڭ بار ئىدى. بىز — ئۇنىڭ زامانداشلىرى، قايغۇ-ھەسرەت مۇڭىنى يېرىپ، ئازادلىق ئىشقىدا چېلىش ناخشىسىنى ياڭرىتقۇچى ئوت يۈرەك شائىرنىڭ مەيدانغا كەلگىنىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولغانىدۇق. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قانداقتۇر بىر يېڭى تەلپۈنۈش ۋە بارا-بارا ئىنقىلابىي ئىرادە، شۇنىڭدەك بەختلىك كېلەچەككە بولغان زور ئىشەنچ جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا ئۇ، بىزنىڭ 20-ئەسىردىكى ئەدەبىيات مەيدانىدا ئېرىشكەن ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىخارىمىز (ماختىنىشىمىز) ئىدى. بىز ئۇنىڭ كېلەچىكىدىن تېخىمۇ زور ۋە شېرىن ئۈمىدلەرنى چوڭ ئىشەنچ بىلەن كۈتەتتۇق. خەلقنىڭ شۇنداق ئۇلۇغ ئىشەنچ ۋە مۇھەببىتىگە ئىگە بولغان كىشى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ۋە ئىنقىلابىي شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ۋاپاسىز زاماننىڭ قارا كۈچلىرى ئۇنى بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىدى. ئۇ خەلقنىڭ ئارزۇ ۋە ئىرادىسىنى كۈيلىگەن "گۇناھى" ئۈچۈن خەلق دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلدى.

گومىنداڭ ئەكسيەتچى ھاكىمىيىتى شۇ قاتىللىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىپلاس ئەپت ـ بەشىرىسىنى خەلق ئالدىدا يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى.

ل. مۇتەللىپنىڭ ئەنە شۇ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگىنىگە بۇ يىل سېنتەبىردە ئون يىل تولىدۇ. يۈرەككە سىغدۇرۇپ بولمايدىغان بۇ ماتەم خاتىرىسى بىزگە ل. مۇتەللىپنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەسلىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆرەشچان، ئىنقىلابىي پائالىيىتى، باتۇر ناخشىلىرى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك قىلىپ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 ـ يىلى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ بالىلىق چېغى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىلقا ناھىيىسىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ دادىسى موللا كىشى بولۇپ، لېكىن ئائىلىسى ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن تەمىنلىنەتتى.

لۇتپۇللىنىڭ بالىلىق ھاياتىمۇ بۆلەكچىلا ئىدى. ئۇ، بولۇپمۇ چۆچەك، ناخشا، قوشاق ئاڭلاشقا، تېپىشماق ئېيتىششقا بەك خۇمار ئىدى. ئۇ، كېچىلىرى ئۆيدە ئاتا ـ ئانىلىرى ئاكا ـ ھەدىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى قولۇم ـ قوشنا ۋە مەھەللىدىكى قېرى ـ چۆرىلەرنىمۇ چۆچەك، قوشاق ئېيتىپ بېرىشكە قىستايتتى. چۆچەك ئېيتىلىۋاتقان يەردە ئۇيقۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن يات نەرسە ئىدى. ئۇ، ئاڭلىغان چۆچەك، ناخشا، قوشاق، تېپىشماقلىرىنى باشقىلارغىمۇ ئېيتىپ بېرىشتىن زېرىكمەيتتى. ماقال، تەمسىللەرنىمۇ خېلى ئەپلىك ئىشلىتەتتى. لۇتپۇللىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى باشقا بالىلاردىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ توغرىسىدا زوقلىنىپ "بۇ چوڭ بولغاندا خېلى چوڭ ئىش تەۋرىتىدىغان نەرسە بولىدۇ" دېيىشەتتى.

لۇتپۇللا كىچىكىدىنلا بەك ئەمگەكچان، زېرەك بالا بولۇپ چىقتى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، ئائىلىسىنىڭ ئېغىر-ئېغىر ئىش-لىرىغا ياردەملىشەتتى. ئۇ، ئورۇپ ئاتقا ئارتىپ ئەكەلگەن بېدە ۋە ئوت-چۆپلەرنى كۆرگەن قوشنىلار ھەيران بولۇشۇپ، ئۆز بالىلىرىنى لۇتپۇللىچىلىك بولالمىغىنى ئۈچۈن كايىپ جىملەيتتى.

زېرەك لۇتپۇللا ئائىلىدە خەت-ساۋاتىنى چىقاردى. كېيىن 1932-يىلى ئاتىسى ئۇنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىگە چۈشۈردى. لۇتپۇللا شەھەردىكى تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىردى. ئوقۇشتىمۇ ئۇ ساۋاقداشلىرىدىن ئۆزۈپ چىقتى. مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن يىللىرىدىن باشلاپ لۇتپۇللا ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك تىللىرىدىكى ئەدەبىي كىتابلارنى ناھايىتى زوق بىلەن ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، رەسىمچىلىككە ۋە رۇس تىلىنى ئۆگىنىشكىمۇ ئايرىم قىزىقسىندى. لۇتپۇللىدىكى بۇ قىزغىنلىق ۋە تالانت ئايرىم ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئۇنىڭغا بولغان دىققەتنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى.

لۇتپۇللا تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىدە تۆت يىلچە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىلى رۇس گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ 2-3 يىلدىن كېيىن رۇسچە ماتېرىياللاردىن خېلى ياخشى پايدىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ يىللىرى بىر تەرەپتىن ئۇ ئەدەبىياتقا دائىر ماتېرىياللارنى ئۆگەندى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىشى شېئىر بىلەن باشلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەتبۇئات يۈزىدە مۇشتىرىلەر بىلەن پات-پات يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. ياش بالىدىكى بۇ تالانتنى كۆرگەن نۇرغۇن ئىلغار ياشلار ئۇنىڭغا ئايرىمچە قىزىقسىندى. شۇ ۋاقىتتىكى ئىلى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىچىدە ئەدەبىيات مەيدانىدا خېلى كۆزگە

كۆرۈنگەن ئەنۋەر ناسىرى ۋە يېڭىدىن ئەدەبىي ئىشقا كىرىشۋاتقان ژۇنۇن قادىرىلار ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلدى. لۇتپۇللا شېئىرىيەتتە كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ چاغلاردا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە «ھۆرۈن دېھقانغا»، «مىللەتچىلەرگە زەربە»، «جۇڭگو» دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرى ئايرىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

لۇتپۇللا رۇس گىمنازىيىسىدە ئۆزىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ چوڭ زوق بىلەن ئىنتىلدى. ئۇ ماركسىزملىق سىياسىي ئەدەبىياتلارغا قىزىقتى، رۇس ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرى پۇشكىن، لېرمونتوۋ، نېكراسوۋلارنىڭ، گوركى، ماياكوۋسكىلارنىڭ، تاتار شائىرلىرى ئابدۇللا توقاي، ھادى تاقتاش، ئۆزبېك شائىرى غاپۇر غۇلام، سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى ئۆمەر مۇھەممىدى ۋە باشقىلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بىلەن تونۇش بولدى.

لۇتپۇللا 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ، ئوقۇش جەريانىدىمۇ ئىجادىيەت ئىشىنى قىزغىنلىق بىلەن ئېلىپ باردى. ئۆز ـ ئۆزىدىن ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت يولىدا دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنىمۇ قولدىن بەرمىدى. لۇتپۇللىنىڭ ئوقۇش جەريانىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە «ماي، كۆرەشچان ئاي» دېگەن سىياسىي لىرىكىسى مەتبۇئاتتا چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى تېخىمۇ كەڭ تارالدى. ماياكوۋسكىنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىغا يېقىنلاشقان بۇ شېئىر ياش شائىرغا ھەقىقەتەن چوڭ مۇۋەپپەقىيەت بېغىشلىغانىدى.

لۇتپۇللا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئىككى يىلچە ئوقۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مەكتەپ ئۇلىگىغا ئىلمىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن خېلى ياخشى نەتىجە بەردى. بۇ چاغلاردا دارىلمۇئەللىمىندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرقانچە ئەزالىرى ۋە سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن بىرقانچە يەرلىك ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە (گەرچە ئاشكارا رەۋىشتە بولمىسىمۇ) خېلى ياخشى كوممۇنىستىك تەربىيىۋى خىزمەتنى ئېلىپ بارغانىدى. بۇ تەربىيە باشقا بىرقانچە ئويلىغان ياشلار قاتارىدا لۇتپۇللىدىمۇ خېلى ئىلغار تونۇشلارنى پەيدا قىلدى. شۇنداقلا بۇ تونۇش ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ ئىپادىلەندى.

1941 ـ يىلى لۇتپۇللا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشقان گېئولوگەيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا تەرجىمان بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ، بۇ جەرياندا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە تارىخىغا دائىر خېلى جانلىق ماتېرىياللارنى يىغدى. بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭ كېيىن يېزىپ، لېكىن پۈتتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن «داۋانلار ئاشقاندا» رومانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى بولغانىدى. شۇنداقلا ئۇ بۇ جەرياندا سوۋېت كىشىلىرىدىن ھەر جەھەتتىن ياخشى تەسىر ئالدى.

لۇتپۇللا شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتقاندىن كېيىن ئۈرۈمچى گېزىتخانىسىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. بۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرقانچە ئەزالىرى گېزىتخانىنىڭ خېلى ئاساسلىق (رەھبەرلىك) خىزمىتىدە ئىدى. لۇتپۇللا بۇ يەردىمۇ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدىن چەتتە قالمىدى.

لۇتپۇللا گېزىتخانىدا ئىشلەش جەريانىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يەنىمۇ چوڭ زوق بىلەن كىرىشتى. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» ناملىق مەخسۇس ئەدەبىيات بېتىنى تەشكىل قىلىپ،

ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان ئەدەبىياتچىلارنى جەلپ قىلدى.

لۇتپۇللا ئوقۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ياش ئەدەبىياتچىلارغا ئالاھىدە ياردەم بېرىش بىلەن بىللە ئۆزىمۇ بۇ جەرياندا بىرقانچە ئونلىغان ياخشى شېئىرلارنى («يانار تاغلار»، «مەڭگۈلۈك ھەسەن ـ ھۈسەن»، «تۈن يېرىم ئىزلار باسقاندا»، «لېنىن شۇنداق ئۆگەت ـ كەن»، «ياشلىق ئۆگەن»، «يىللارغا جاۋاب» ۋە باشقىلار)، پوئېما («مۇھەببەت ھەم نەپرەت»)، بىرقانچە سەھنە ئەسەرلىرىنى («چىمەن بىلەن پالۋان»، «كۈرەش قىزى»، «ساماساق ئاكاڭ قايناپ يدۇ»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»)، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر بىرقانچە تەنقىدىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر ھەم پىلىيەتونلارنى يازدى.

1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇ، ئۇرۇمچىدە سىقىلىشقا ئۇچرىدى. كۆندىن ـ كۈنگە رەسۋالىشىپ كېتىۋاتقان شىڭ شىسەي ھاكىميىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياقلايدىغان، كوممۇنىستلارنى ھىمايە قىلىدىغان ئىلغار ياشلارنى ئۇجۇقتۇرۇش ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ نەتىجە ـ سىدە لۇتپۇللا ھۆكۈمەتنىڭ گۇمانلىق دائىرىسىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭدا گومىنداڭ پارتىيىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ يامانلاشتى. گومىنداڭنىڭ رازۋېتكا ئورۇنلىرى لۇتپۇللانى ئىلاجى قىلىپ ئۇرۇم ـ چىدىن ھەيدىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. لۇتپۇللانىڭ ئىلغار ھەرىكەتلەر ئۆسۈپ كېتىۋاتقان شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشى گومىنداڭچىلار ئۈچۈن يامان نەتىجىلەر بېرىشى ئېنىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا خىزمەتكە يۆتكىدى.

لۇتپۇللا ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن (1944 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر تەرەپتىن، گېزىتخانىدا ئىشلىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاممىۋى مەدەنىي ھەرىكەتلەر (بولۇپمۇ تىياتىر ۋە تەنھەرىكەت ئىشلىرى) بىلەن، شۇنىڭدەك ياش ئەدەبىياتچىلارنى تەربىيىلەش ئىشى بىلەنمۇ قىزغىن شۇغۇللاندى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تىياتىر ئىشلىرىغا بولغان زور قىزغىنلىقى ۋە ماھارىتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تىياتىرىنىڭ خىزمىتىنى خېلى ياخشىلاپ يولغا سالدى. «غېرىب – سەنەم»، «تاھىر – زۆھرە» پىيېسىلىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى ۋە بۇ ئەسەرلەردە ئۆزى باش روللارنى ئوينىدى. بۇ خىزمەتلىرى بىلەن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ پۈتۈن ئاقسۇ تەۋەسىگە داڭقى كەتتى.

لۇتپۇللا مۇندىن باشقا ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھاياتىنىمۇ ئۆگىنىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىمۇ قىزغىن داۋاملاشتۇردى. ئاقسۇ گېزىتىدە مەخسۇس «جەنۇب شامىلى» دېگەن ئەدەبىيات بېتىنى ئېچىپ، نۇرغۇنلىغان ياش ئەدەبىياتچىلارنى جەلپ قىلدى ۋە ئۆزى «داۋانلار ئاشقاندا» دېگەن رومانىنى داۋاملاشتۇردى.

1943 – يىلدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. گومىنداڭچىلار شىڭ شىسەينىڭ بۇزغۇنچىلىق سىياسىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى. ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى چىرىكلەشتى. شىنجاڭدا بىكار تەلەپ ئۇششۇق چىرىكلەرنىڭ سانى ئاشتى، ئالۋان – ياساق كۆپەيدى، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ماددىي ھاياتىغا قىلچىلىك پەرۋا قىلمىدىلا ئەمەس، ۋەھشىلەرچە بۇلاپ – تالىدى، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن – كۈنگە يامانلاشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلق ئىچىدە گومىنداڭچىلارغا قارشى كۈرەش دولقۇنى كۈندىن –

كۇنگە كۇچەيدى. قوزغىلاڭ، كۆتۈرۈلۈشلەر پەيدا بولدى. ئاخىرى "جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى" بولغان ئىلى ئىنقىلابى پارتلىدى ئىلى ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە ئۇنىڭ سۈرئەتلىك غالىبىيىتى شىنجاڭنىڭ بارلىق بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتنى كۇچەيتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنقىلابتىن خۇددى ئەجەلدىن قورققاندەك قورقىدىغان گومىنداڭچىلار ئۆز ئاسارىتىدىكى جايلاردا خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى تېخىمۇ قىسىشقا باشلىدى.

ئەنە شۇ يىللىرى ل. مۇتەللىپ ئاقسۇدا چوڭ بىر ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە تۇتۇش قىلدى..

ئاقسۇدا گومىنداڭنىڭ زۇلمى ۋە بۇزغۇنچىلىقى ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھاكىمىيەتكە قارشى خەلق نارازىلىقىمۇ ئېشىپ باردى. نەتىجىدە بىر تۈركۈم ئىلغار ئىنقىلابىي ياشلار گومىنداڭغا قارشى مەخپىي ھەرىكەتكە كىرىشتى. 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئاقسۇ ئەتراپىدىكى ئىلغار ئىنقىلابىي روھلۇق ياشلار جەلپ قىلىندى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيىتىگە ھەسسە قوشۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن گومىنداڭنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تۈردىكى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە پىلانلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئىگەللەش ھەم ئىلغار ياشلار ئارىسىدا مەخپىي تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، تەشكىلات دائىرىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

ل. مۇتەللىپ گومىنداڭچىلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋپلىك ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدى. بۇ توغرۇلۇق شۇ چاغدىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: "ئاقسۇدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر توغرۇلۇق ئويلىغىنىمدا ئەڭ ئالدى بىلەن كۆز ئالدىمغا مۇتەللىپ كېلىدۇ" دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گومىنداڭچىلار ئۇنى ئايرىمچە تەقىپ ئاستىغا ئالغانىدى. بۇ ئەھۋال لۇتپۇللىنىڭ مەخپىي تەشكىلاتقا ئىزچىل رەھبەرلىك قىلىشقا يار بەرمەيتتى. ئۇ، تەشكىلات ئىشلىرىغا ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىلا مەسلىھەت بېرىپ تۇردى.

تەشكىلاتنىڭ ئېلىپ بارغان مەخپىي تەشۋىقى خىزمىتى خەلق ئىچىدە، بولۇپمۇ يەرلىك ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى نارازىلىقنى خېلى كۈچەيتتى. ئاقسۇدىكى يەرلىك ئەسكەرلەرنىڭ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا قارشى سوقۇشقا مېڭىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈشى، خەلق ئىچىدىكى نارازىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى شۇ ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ تەشۋىقى خىزمىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

تەشكىلاتنىڭ خىزمىتى بارغانسېرى جىددىيلەشتى. ئۇلار ئىلى ئىنقىلابىي ئەسكەرلىرىنىڭ يېقىنلىشىشى بىلەن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغانىدى. لېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىچىگە ھىيلىگەرلىك بىلەن كىرىۋالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن تەشكىلاتنىڭ خېلى رەھبىرىي ئورۇنلىرىدىن بىرىنى ئىگىلىگەن ئەشەددىي جاسۇس ھېكىم نۇرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن ھەرىكەت قاتتىق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. گومىنداڭ رازۋېتكىسى بۇ جاسۇس ئارقىلىق تەشكىلاتنىڭ سىرىدىن خەۋەردار بولغانىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن (1945-يىل ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا) ل. مۇتەللىپ بىلەن بىلال ئەزىزنى باشقا بىر نەرسىلەرنى باھانە قىلىپ قولغا ئالغانىدى. تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ

ئاسالىق ئىككى رەھبىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مۇنىرىدىن خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىداملىق بىلەن ئىش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، گومىنداڭ ساقچىسى 1945 ـ يىلى ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرىدا تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي قاتناشچىلىرىنى قولغا ئېلىپ بولدى.

لۇتپۇللا ۋە مۇنىرىدىن خوجا رەھبەرلىكىدىكى تەشكىلات ئەزالىرى گومىنداڭ ساقچىسى ئالدىدا ئۆزلىرىنى مەردانە تۇتتى. ئۇلار ئەڭ دەھشەتلىك قىين ـ قىستاقلارغا باش ئەگمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي مەقسىتىگە ھەقىقىي سادىقلىقىنى كۆرسەتتى.

شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئىلى ئەسكەرلىرى ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى. گومىنداڭچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇپۇر ـ توپۇر كۆچىيىپ كەتتى. ئۇلار ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي، ئاقسۇنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. ئەپسۇسكى، ئىلى ئەسكەرلىرىنىڭ تۈرمىدىكى ئىنقىلابچىلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى. ساقچى شۇ ئۇپۇر ـ توپۇردا تۈرمىدىكى ئىنقىلابچىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى.

لۇتپۇللا ئاخىرقى نۆۋەتتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ھېچبىر ھودۇقمىدى. ئاخىرقى نەپەسىگىچە ئۆزىنى مەغرۇر تۇتتى ۋە دۈشمەنگە بولغان ئۆتكۈر غەزەپ ـ نەپرەتتىن يانمىدى.

لۇتپۇللا 1945 ـ يىللىرى ئىنقىلابىي تەشكىلات خىزمىتى ۋە تۈرمە ھاياتىنى كەچۈرۈش بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمىتىنى بۇرۇنقىدەك ئېلىپ بارالمىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئاخىرقى ۋاقىتلاردا «خىيالچان تىلەكلەر» دېگەن ئۆتكۈر سىياسىي لىرىكىسى ۋە بىرقانچە قىسقا شېئىرلارنى يازدى.

لۇتپۇللىنىڭ ھاياتى ھەقىقىي خەلق پەرزەنتىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىيات ۋە سەنئەت جەڭچىسىنىڭ (شۇ دەۋر شارائىتىغا نىسبەتەن) ياخشى نەمۇنىسىدۇر.

داڭلىق سوۋېت يازغۇچىسى نىكولاي ئوستروۋسكى ئۆزىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن رومانىدا شۇنداق دېگەنىدى: "ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھاياتتۇر. ئۇ ساڭا بىر قېتىملا كېلىدۇ. ئادەم شۇنداق ياشىشى كېرەككى، ئۆتكەن يىللار سېنى ئېچىندۇرمىسۇن. رەزىل ۋە پەس ئۆتمۈشىنىڭ ئۇياتلىقى يۈرەكنى ياندۇرمىسۇن. كىشى ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندىمۇ، پۈتۈن كۈچۈم ۋە پۈتۈن ئۆمرۈم دۇنيادا ئەڭ گۈزەل نەرسىگە — كىشىلىكنى ئازاد قىلىش ئىشىغا بېرىلگەنىدى، دېيەلىسۇن".

بىزنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاخىرقى تامچە قېنى قالغىچە ئەنە شۇنداق ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئىنتىلگەنىدى.

ل. مۇتەللىپ (قايىنام ئۆركىشى) 24 يىلغا يېتەر-يەتمەس ئۆمۈر كۆردى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجادىيەت دەۋرىمۇ ناھايىتى قىسقا. لېكىن ئۇ، شۇ قىسقا دەۋر ئىچىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس قىممەتلىك ھەسسە قوشتى.

ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۇنىڭ پوئېزىيىسى (شېئىرىي ئىجادى) تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى پائالىيىتى يېڭى ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ دەسلەپكى دولقۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان مۇھەببەت، ئىمپېرىيالىزم ۋە فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، خەلقلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە مەدەنىي ھاياتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش. كىشىلەرنى يېڭى ھايات ئۈچۈن ئويغىتىش ۋە باشقىلار

تەشكىل قىلىدۇ. ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرىمۇ ئەنە شۇ يەردە!

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: ل. مۇتەللىپنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرىدە شىڭ شىسەيگە بېغىشلانغان مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز. لېكىن بۇ مىسرالار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىلغار ۋە ئىنقىلابىي خاراكتېرىنى يوققا چىقىرالمايدۇ. مەلۇمكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭدا خېلى ئىلغار ھەرىكەتلەر يۈرگۈزۈلدى. لېكىن بۇ ھەرىكەتلەر دوستىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى ۋە شىنجاڭدا ئويغىنىۋاتقان ئىلغار كۈچلەرنىڭ پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. لېكىن ھىيلىگەرلىك بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان شىڭ شىسەي دەسلەپتە بۇ ئىلغار ھەرىكەتلەرگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، ئۆزىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستلار تەرەپ قىلىپ كۆرسەتتى. ئىمپېرىيالىزىمغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈش، خىيانەتچىلەرنى يوقىتىشقا ئوخشاش شوئارلار شۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي پرىنسىپى ئىدى. ئومۇمەن شىڭ شىسەينىڭ بۇزغۇنچىلىقى تېخى ئېچىلماي تۇرغان بىر پەيتتە (ئەكسىنچە شىنجاڭدىكى ئىلغار ھەرىكەتلەر شىڭ شىسەي بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن چۈشەنچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن) ل. مۇتەللىپنىڭ ئايرىم شېئىرلىرىدا ئۇنى مەدھىيىلىشى ئانچە ھەيران قالارلىق ھادىسە ئەمەس. شۇنىڭغىمۇ نەزەر سېلىش كېرەككى، شۇنداق مىسرالارنى يازغان كىچىك لۇتپۇللىدا مەسىلىگە ماركسىستىك نۇقتىئىنەزەردىن قاراش تېخى بەك تۆۋەن ئىدى. شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ شارائىتى ل. مۇتەللىپتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىلې شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ نەگە قاراپ يۈز تۇتۇشى ھەققىدە تەلتۆكۈس ئانالىز قىلىشىلىشىنىڭ زېھنىنى ھازىرلىمىغانىدى. لېكىن ل. مۇتەللىپ قانداقلا بولمىسۇن، ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شىڭ شىسەينى ماركسىزمغا ئاشكارا قارشى چىقمىغان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستلار بىلەن دوست بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتىلا مەدھىيىلىدى. مەسىلىگە تارىخىي نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، لۇتپۇللىنىڭ شىڭ شىسەي ھەققىدە مەدھىيە يېزىشى ئۇنىڭ "كەمچىلىكى" دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ شىسەيگە مەدھىيە توقۇش ل. مۇتەللىپ ئىجادىنىڭ ئاساسىي مەركىزى بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭغا قارشى مەزمۇن بىر پۈتۈن مەركىزىي نۇقتىنى ئىگىلىدى. ئەمەلىيەت ــ ئۇنىڭ ھايات يولى، ھەرىكىتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى بىزگە ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ل. مۇتەللىپ ئەدەبىيات مەيدانىغا ئۆزىنىڭ ستىخىيىلىك تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى بىلەن كىرىپ كەلدى. بۇ ئىدىيە ئۇنىڭ يېشى تولمىغان، شۇنىڭدەك ئۆزىدە بىر پۈتۈن ئىنقىلابىي ئىدىيە ـ كۆز قاراشنىڭ تولۇق شەكىللەنمىگەن ۋاقىتتىكى شېئىرلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ يازغانلىرىدا كۆپىنچە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى تاتار ئەدەبىياتىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر كۆز قارىشىنىڭ جۈملىدىن ئابدۇللا توقاينىڭ تەسىرى بار ئىدى. لېكىن مۇشۇ كۆز قاراشنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىلغار كۆز قاراشلارغا نىسبەتەن ئانچە تۆۋەن ئەمەس ئىدى. ئۇ بارا ـ بارا تۇرمۇشقا چۆكۈش بىلەن، شۇنىڭدەك رۇس كلاسسىك ئەدەبىـ

ياتى ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش بىلەن مەسىلىگە ماركسىزم-لىق نۇقتىدىن قاراشقا يېقىنلاشتى.

ل. مۇتەللىپ ئۆز ھاياتىنى ئۆلكىمىزنىڭ كېيىنكى يىللىرىدىكى مۇرەككەپ شارائىتى ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ھايات ئۇنى ئۆستۈردى. ئۇ ھاياتتىكى قارىمۇقارشىلىقلارغا قىزىقىسىندى. تۇغۇلۇپ ئۆسۇۋاتقان يېڭىلىقلارغا يېقىنلاشتى. ماركسىزملىق ئەدەبىياتنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ پىكرىنى بارغانسېرى ئاچتى. ماياكوۋسكى "شائىر ھاياتنىڭ ئەڭ قايناق يېرىدە ياشىشى كېرەك" دېگەنىدى. ل. مۇتەللىپ ھەقىقەتەنمۇ ھاياتنىڭ شۇنداق قايناق يېرىدە ياشاشقا ئىنتىلدى. ئەنە شۇ ئىنتىلىش ئۇنى كىشىلىك بەختى ئۈچۈن كۈرەش قوينىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ، بۇ كۈرەش قوينىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تەقدىرى چەمبەرچاس باغلانغان سۆيۈملۈك جۇڭخۇا ئېلىنىڭ تەقدىرىگە قىزىقتى، سۆيۈملۈك ئېلىنىڭ دەردىنى، كۈرىشىنى، ئارزۇسىنى ۋە ئىستىقبالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە ئۆزىنى شۇ ئەلنىڭ ئازادلىقى يولىدا كۈرەش دولقۇنىغا ئېتىشنى شەرەپلىك ئىش دەپ بىلدى. تەدرىجىي تونۇش ئۇنى شۇ ئۇلۇغ مەقسەت ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈردى. بۇ مەقسەت ئۇنىڭ «كۈرەش ئىلھامى» دېگەن لىرىكىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى:

ئېغىر يىللارنىڭ
ئېيتقۇسىز قايىنغان قايناملىرىدا
ماتروسلارچە ئۈزۈپ،
باشتىلا قايناپ پىشتۇق.
شۇڭلاشقا، قاينام سۆيىنى
خۇددى كۆجەدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە باھا بېرىپ،
زوق بىلەن يازىسىپ ئىچتۇق.

ئەنە!
بىزنى تۆت كۆز بىلەن
ساقلاپ تۇرىدۇ ئالدىمىزدا
پۇرۇقلىغان ھەر چوڭ قايناملار،
تېخى بىزقەھرىمانلارچە،
چېقىپ، پارچىلاپ ئۆتىدىغان
بار ئالدىمىزدا نۇرغۇن
ئەسكى پۇتلاش تاملار.
تېخى تۇنۇگۇنلا تام تۆۋىلىرىدە
توپىغا مىلىنىپ
مەن ئىدىم دوستۇم
ئويناپ يۈرگەن مۇتەللىپ.

مانا بۈگۈن كۈرەش قوينىغا
ئۆزەمنى ئاتتىم،
كۈرەش دولقۇنلىرىدىن
تاتلىق ئىلھاملار ئېلىپ.

ل. مۇتەللىپ خەلق ئازادلىقىنى، بەختىنى يارىتىش ئۇچۇن ئىمگە قارشى تۇرۇپ، ئىمىنى تىكلەشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە خېلى ياخشى تونۇش ھاسىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ تونۇشى 1938 ـ يىلى يېزىلغان «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» دېگەن شېئىرىدە ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىپادىسىنى تاپتى. شائىر شۇ ياخشى تونۇشىغا

ئاساسەن خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈمىدلىرىنى كۈيلىدى. بۇ — كونا تۈزۈمنى ھەيـداپ، خەلقـلەرنىڭ تەڭلىـك، باراۋەرلىكتە ياشاش ۋە مەدەنىي تەرەققىياتقا ئېرىشىش ئۈمىدىدۇر. شائىر بۇ يەردە بەختلىك ھاياتنى يارىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كونا تۈزۈمگە قارشى كۈرەش باشلاش ۋە شۇنىڭ بىلەن ئېزىلـگەنلەرنى بەخـتلىك ھاياتقا يەتكۈ- زۈش لازىـملىقـىنى ئىپادىلـىدى. شۇنىڭ ئۈچـۈنمۇ ئۇ، شېئىرىنى ئاشۇ مەقسەتتىن باشلايدۇ.

كۈرەش - كۈرەش دەپ، دائىما تىرىشىپ تۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.
ھەر قەدەمدە كونا تۈرمۈش بىلەن ئېلىشىپ تۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

شائىر ئۆز ئېلىنىڭ ئازادلىقـى ۋە بەختىگە بولغان تومالغۇلۇقلارغا كۆز تاشلاپ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىمپېرىيالىزمـىنىڭ يىرگىنچ قىياپە- تىنى كۆردى. ھەقىقەتەنمۇ ئىمپېرىيالىزم جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەركىنلە- كىـنى بوغۇپ، ئېزىـپ كەلـگەن ئەڭ چوڭ ئاپـەت ئىـدى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىي ئازادلىقـىنى ياقلىغۇچى ھەربىر ۋەتەن پەرزەنتىـگە ئالـدى بىلەن ئىمپېرىـيالىزمغا قارشى كۈرەشـنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنـدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتىنى- مىزگە ئىـمپېـرىيالـىزم تاجاۋۇزى يۈرگـۈزۈلـۈپ تۇرغان بىرچاغدا ۋەتەننى بۇ تاجاۋۇزدىن قۇتۇلـدۇرۇش جۇڭـگو خەلقىنىڭ بىردىنـبىر چوڭ ۋەزىپىـسى بولۇپ قالـدى. يالقۇنلـۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن شائىرلىق كۈچـى بىلەن شۇ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ۋەتەنـىنى قوغداش كۈرىـشىنىڭ قاينىمـىغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇ تېمىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرى ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى ئىجادىي نەمۇنە-

لىرىنىڭ مەركەزلىك خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ل. مۇتەللىپ ۋەتەن-نىڭ ئەزىزلىكىنى، دۈشمەنگە تەسلىم بولماي، ئاخىرغىچە كۆرەش ئېلىپ بېرىش ھەربىر ۋەتەن پەرزەنتىنىڭ زىممىسىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپىسى، قەرزى ئىكەنلىكىنى جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن كۈيلىدى:

بىل! بۇ يېزا ئاتا ـ بوۋاڭ،
تۇپرىقى ئۇرۇق ـ پۇشتۇڭ.
دالىلىرى، گۈلباغلىرى،
ئېگىز تاغلىرى جان دوستۇڭ!

(«تۇن يېرىپ ئىز باسقاندا»)

جۇڭگو!
جۇڭگو!
سۆيۈملۈك يۇرتىمىز سەندۇ!
چۈنكى بىز مىليونلىغان خەلق،
سېنىڭ ئۇماق،
ساپ ھاۋاڭدا چوڭ بولغان.
تېپىپ سېنىڭدىن ئەقىل،
ئۆزىمىزنى تونۇپ ئوڭ بولغان!
ئېھ!...
شۇڭلاشقا جۇڭگو،
بىزنىڭ بويىنىمىزدا تۈگىمەس قەرزىڭ بار.
بىز ئۇنى مۇكەممەل قىلىمىز ئادا،
بۇ توغرۇلۇق جېنىمىز پىدا.

(«جۇڭگو»)

ل. مۇتەللىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بېغىشلاپ يازغان «مۇھەب-بەت ھەم نەپرەت» دېگەن پوئېمىسىدا ۋەتەنگە قان-داق مۇھەببەت باغلاش لازىملىقىنى تەسۋىرلىدى. پوئېمىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

ئەتراپ ئۇرۇش دەھشىتى بىلەن قاپلانغان يېزىنىڭ خەلقلىرى پارتىزانلار ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە كېتىدۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئۆز ھاياتىنى شۇ كۈرەشكە ئاتاپ تاغقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ئوغلى جاك ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. ۋەتەن ئۈچۈن جەڭگە كەتكەن ئوغلىنىڭ مۇنداق بىمەھەل قايتىپ كەلگىنىنى كۆرگەن ئاتىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قالىدۇ. بوۋايغا بىردىنلا كۈچلۈك غەزەپ ئۇلىشىدۇ ۋە بالىسىنى كايىدۇ. ئاتىسىدىكى غەزەپنى كۆرگەن جاك نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇ شۇنچە قورقۇنچلۇق يەردىن ئېسەن-ئامان كەلگىنىم ئۈچۈن ئاتا-ئانام مېنى قارشى ئالار، مېھرى بىلەن ئىسسىق باغرىغا باسار دەپ ئويلىسا كېرەك، ئېھتىمالىم. لېكىن ئۇ، ئاتىسىنىڭ بىگىز-دەك قادىلىپ تۇرغان غەزەپلىك كۆزى ئالدىدا گۇناھكارلارچە يەرگە قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى ئاقلاشقا ھېچبىر ئىلاج ۋە بىر ئېغىز گەپمۇ تېپىلمايدۇ. ئۇ، شۇنداق ئوڭايسىزلىنىدىكى، ھەتتا ئۆز سۆيگۈسىنى سېغىنىپ كەلگىنىنىمۇ ئېيتىشقا پېتىنالمايدۇ.

لېكىن قەھرلىك بوۋاي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بالىسىغا سوئاللىق ھومىيىپ ۋارقىرايدۇ:

— ئېيت نېمە ئۈچۈن
كەلدىڭ بۇ يانغا.
باشقىلار جەڭدە
بويالسا قانغا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاڭ جاۋاب ئورنىغا ئارانلا:
سىلەرنى سېغىندىم،
شۇڭلاشقا كەلدىم.
ئاخىرقى ئۆمرۈمدە
بىللە ئۆلەي دېدىم.

دېيەلەيدۇ.

بوۋاينىڭ قەھر-غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۆز ئوغلىغا بولغان ئوتلۇق نەپرەت ياڭرايدۇ:

كەچتىم سېنىڭدەك مېنىڭ ئوغلۇم يوق،
سەندەك ئوغۇلسىز مېنىڭ كۆڭلۈم توق.

بوۋاي بىلەن موماي تاغقا — پارتىزانلار قېشىغا كېتىدۇ. ئېغىر ھەسرەتكە پاتقان جاڭ ئەمدى نەگە بارسۇن؟ كىمدىن مېھرىبانلىق كۈتسۇن؟ ئۇ ئاخىرى ئۆز سۆيگۈسى لى دىن "كۆڭلۈم سۇ ئىچەر دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئاخىرى لى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم قىلىدۇ، سۆيگۈسى ئۇنىڭغا ئۇنتۇلماس نەپرەت ياغدۇرۇپ پارتىزانلار ئەترەتكە راۋان بولغاندا، جاڭ چوڭقۇر نومۇس ئىچىدە ئۆز ئېسىنى تاپىدۇ ۋە نەپرەتنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قايتىدىن كۈرەشكە بېغىشلايدۇ، نەپرەتنى قان بىلەن يۇيىدۇ.

شائىر بۇ پوئېمىسىدا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنىڭ يۈكسەك ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن كۈيلىدى. ئۇ پەقەت ۋەتەنگە ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىلىغان ۋە كېرەك بولسا بۇ يولدا پۈتۈن ھاياتىنى بېرىشكە تەييار تۇرغان ئادەملەر ھەقىقىي مۇھەببەت ئىگىسى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان شەخسىي مۇھەببەت نەپرەتلىك قىلمىچتۇر، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. ھەممىنى ۋەتەن ئۈستىگە شۇنداق

خەۋپ كېلىپ تۇرغاندا، پۈتۈن ھاياتىنى شۇ خەۋپنى يوقىتىش كۈرىشىگە بېغىشلاشقا ئۈندەيدۇ. ۋە شەخسىي مۇھەببەتنى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ئالدىدا قۇربان قىلىشنى دەيدۇ.

لۇتپۇللا ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان جەڭگىۋار خەلق پەرزەنتلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشتى. ئۇ جەڭچى يىگىت («بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»نىڭ قەھرىمانى) ۋە گۈل («كۈرەش قىزى»نىڭ قەھرىمانى) ئوبرازى ئارقىلىق ۋەتەن ئىشقىدا، ۋەتەن ئازادلىقى يولىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن شەخسىي مەقسەت-لىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، دەھشەتلىك كۈرەش يوللىرىنى باسقان ھەقىقىي جەڭگىۋار ئەر-ئاياللارنىڭ پائالىيىتىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى ھايات مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغۇچىلار ئەمەس، بەلكى ھايات ئۈچۈن بولغان كۈرەشنىڭ ئاكتىپ كۈرەشچىلىرى. ئۇلار كۈرەشسىز بەختنىڭ قولغا كەلمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ، باشقىلارنىڭ كۈرەش ھېسابىغا راھەت كۆرۈشنى خالىمايدۇ، بەلكى ئۇلار مىليون-لىغان كىشىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن لازىم بولغاندا ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاياتىنى قۇربان قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ شەرىپى ۋە ۋەتەن ئالدىدىكى قەرزى دەپ بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىرادىسى «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»تىكى قەھرىماننىڭ يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتقان ناخشىسىدا شۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

كۈرەشمىگۈنچە ئازادلىق ئەسلا يوق،
سائادەتسىز بۇ كۆڭلىمىز بولماس توق
بەس بۇ يولدا ئەزىز جانلار تەسەددۇق.

. . . . . . . . . . . . .

ل. مۇتەللىپ جۇڭگودا ئۆسۈۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە

ئالاھىدە زوق بىلەن قارىدى. شۇنداقلا بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ بېشىدا تۇرغۇچى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك رولىنىمۇ، بۇ كۈرەشنىڭ سىياسىي خاراكتېرىنىمۇ، شۇنداقلا ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا كومپارتىيىنىڭ تەكىتلىگەن پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تېمىدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇرۇشنىڭ شۇ خاراكتېرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ، بۇ ئۇرۇشتا بىرلىك سەپنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ناھايىتى توغرا پىكىرلەر يۈرگۈزىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ۋەتەننى جاھانگىرلىك تاجاۋۇزىدىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىدە بولسۇن ۋە كېلەچەكتىكى پارلاق ئىستىقبالىمىزنى يارىتىشتا بولسۇن، ھەل قىلغۇچى رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تونۇشى «كۈرەش قىزى» پيېسىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ پيېسىنى گومىنداڭچىلار سەھنىدىن يىراقلاشتۇردى.

ل. مۇتەللىپ جۇڭگونىڭ تارىخىغا كۆز تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى قانلىق، پاجىئەلىك مەنزىرىلىرىنى كۆرۈش بىلەن بىللە، كېيىنكى تارىخ بەتلىرىدىن ئۇنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقىنىنى بايقىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ «جۇڭگو»، «قىزىل گۈلگە پۈركەنگەنچە يەر جاھان» دېگەن شېئىرلىرىدا ۋەتەننىڭ قەدىمىي تارىخلىرىنى ۋاراقلاپ، قارا قۇرلار ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئېچىنىشلىق خاتىرىلەرنى غەزەپ بىلەن ئەسلەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەمدى ۋەتەندە يېڭى تارىخ باشلانغىنىنى، بۇ تارىخ غالىب كۈرەش ۋە پارلاق ئىستىقبال بىلەن يېزىلىدىغىنىنى ئىشەنچ بىلەن كۈيلىدى:

مانا شۇنداق جۇڭگو مەيداندا ئويناپ،
ھەر مىنۇتتا سېنى قوغداپ،

سىنىڭ ئىستىقبالىڭنى قولغا ئالىمىز.
دۇنيادا بىرلا قىلىپ،
يېڭى مۇستەقىل جۇڭگو قورۇمىز.
جۇڭگودا مەڭگۈ لەپىلدىتىپ،
تائەبەت چۈشمەس قىلىپ،
ئازادلىق تۇغىنى قادايمىز.

(«جۇڭگو»).

شائىر «كۆرەش دولقۇنلىرى» دېگەن شېئىرىدىمۇ "جۇڭگونىڭ ئازادلىقى شەكسىز كەۋدىلەندى" دەپ يازغاندى. ئۇنىڭ بۇ ئىشەنچىسى هاياتنىڭ مەنىسىنى بىلىدىغان ۋە ئۆز ۋەتىنىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن قىزغىن كۆرەشكە ئاتلانغان ئىنقىلاب جەڭگىۋارلىرىنىڭ ۋە كۆرەشكە يېتەكچىلىك قىلغان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر تۇتاش ئىدى. تارىخ ئاخىرى بۇ ئىشەنچ ۋە ئىرادىنىڭ ھەققانىي ۋە غالىبلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغان يەنە بىر مەزمۇن ئىنسانلار داھىيسى لېنىنغا، ستالىنغا، ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ غەمخورى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان مۇھەببەت ۋە ئىنتېرناتسىئونال-لىق روھتۇر. شائىر ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۇبدان ئەسىرىدىن بىرى بولغان «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن» دېگەن شېئىرىدا پۈتۈن دۇنيا مېھنەت-كەشلىرىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى لېنىننى ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار تەلىماتىنى ئۆز يۈرىكىنىڭ ئەڭ قايناق زوقى بىلەن تەسۋىرلىدى. لېنىن ۋە ئۇنىڭ ئىشىنىڭ كىشىلىك تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئەھمىيىتى شائىرنىڭ جەڭگىۋار مىسرالىرىدا مەغرۇر جاراڭلايدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ، چۆل - جەزىرىلەرنى بوستان قىلىشقا،
كىشىلىك دۇنياسىنى گۈلىستان قىلىشقا،
ئېزىلگەننى ئالغا باسار ئىنسان قىلىشقا،
گىگانت يېڭىنى قۇرۇشقا ئۆگەتكەن.

گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۇياتسىزلارچە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، فاشىزم پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىگە ئۇچرىدى. ئەنە شۇ كۈنلەردە سوۋېت خەلقى ئۆز ۋەتىنى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە جەڭگە ئاتلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنى چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن لۇتپۇللا ئۆز خەلقى نامىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان تىلەكداشلىقىنى، فاشىزمغا قارشى غەزەپ - نەپرىتىنى ۋە بۇ ئۇرۇشتا غالىبىيەت لېنىن پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ چېنىققان سوۋېت خەلقىغە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چىن دىلى بىلەن كۈيلىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» دېگەن فېلىيەتونىدا گىتلېر ۋە مۇسسولىنىلارنىڭ ھالاكەتلىك ئاقىۋىتىنى بايان قىلدى ھەقىقەتەنمۇ ئۇرۇش، ئاخىرىدا فاشىزمنىڭ مەغلۇبىيىتى، سوتسىيالىزم ۋە خەلق دېموكراتىيە كۈچىنىڭ غالىبىيىتى بىلەن تاماملاندى.

ل. مۇتەللىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا خالىسانە ياردەم بەرگۈچى بىردىنبىر ھەقىقىي دوست دەپ تونۇش بىلەن، بۇ غەمخورلۇق ۋە ياردەملەرنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ناھايىتى زور ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارا رولىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا مېھنەتكەشلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن بىردىنبىر يۆلەكچى ئىكەنلى-

كنى چۇشىنەتتى. ئۇ «ئازادلىق ئۇرۇشىمىزغا» دېگەن شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەڭگۈ بىر بولۇپ ياشاشنى چىن يۈرىكى بىلەن كۈيلەيدۇ:

قاينا ئازادلىق كۈرەش، پۇرۇقلاپ قاينا!
مەزلۇملار ئۆملۇشۇپ يېڭى تۇرمۇش قۇرىمىز.
دوست بولۇپ كۆيۈمچان سوۋېت بىلەن ئەبەتكە،
پاراقلاپ كۈلۈپ، بۇ دۇنيادا ئەركىن تۇرىمىز.

شائىر دۇنيادا چىرىپ كېتىۋاتقان كونىلار بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسۈۋاتقان يېڭىلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى ھاياتتىكى كۈرەشنىڭ ئاساسىي مەركىزى دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ئەزگۈچىلەرنىڭ چىرىپ كېتىۋاتقانلارغا، ئېزىلگۈچى مېھنەتكەش ئاممىنىڭ ئۆسۈپ كېلىۋاتقانلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنى شۇ ئۆسۈپ كېتىۋاتقان مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ كۈرەش سېپىدە ھېسابلايدۇ. قايسى دۆلەتتە بولمىسۇن، ئۆسۈۋاتقان ئاشۇ يېڭى كۈرەشچىلەرنى چىن يۈرىكى بىلەن سۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىغىمۇ، خۇشاللىقىغىمۇ ئۆز يۈرىكىنى يېقىن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتى «كۈرەش دولقۇنلىرى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

كىملەر ئۇ، ئېكۋاتور ئاستىدا زۇلۇم تاغلىرى باسقان؟
ئاھ...شۇلارنى ئۇيلاپ ھېچ تېپىرلاپ تۇرالمايمىز.
لېكىن كۆپچىلىك ئېزىلگۈچىلەر ھەممىسى بىزنىڭ ياقتا،
توختا ئالدىرىما...يىللار ئۆتۈپ ئۇلارنى قۇچاقلايمىز.

شائىرنىڭ خەلقئارا مېھنەتكەشلەر ئاممىسىغا بولغان ئۆز مۇھەببىتىنى، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار پائالىيىتىگە بولغان سەممىي تىلەكداش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىقنى ئىپادىلەپ يازغان «ماي، كۈرەشچان ئاي» «ماي ناخشىسى»، «يانار تاغلار» ۋە باشقا شېئىرلىرى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىنتېرناتسىئونال-لىق روھىنى ئېنىقمۇ روشەن ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ مۇقەررەر غالىبىيىتىگە ئىشىنىدۇ ۋە بۇ غالى-بىيەتنى تەمىنلىگۈچى مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئىنقىلابىي سېپىدە تۇرۇپ، بۇ سەپنىڭ كۈرەش ئىرادىسى توغرۇلۇق گىمن ئوقۇيدۇ:

كۈرەشىمىز زۇلۇم بىلەن
قىزىلگۈلگە پۈركەنگىچە يەر جاھان.

ل. مۇتەللىپ ئۆلكىمىزدە ئەسىرلەر بويى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن فېئودالىلىق تۈزۈمىنىڭ ئېغىر كۈلپەتلىرى توغرۇلۇقمۇ يازدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ «چىمەن بىلەن پالۋان»، «چىن مودەن» دېگەن پيېسىلىرىنى شۇ تېمىغا بېغىشلىغانىدى. ئۇ، بۇ ئەسەرلەردە فېئوداللارنىڭ دېھقانلارنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېزىشلىرىنى، فېئودال-لارنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئەزىز-ئىستەكلىرىنىڭ، مۇھەببەتلىرىنىڭ ئاياغ-ئاستى قىلىنىشىنى تەسۋىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دېھقانلارنىڭ فېئودالارغا بولغان قارشىلىقىنىمۇ ئىپادى-لىدى. «چىمەن بىلەن پالۋان» پيېسىنىڭ قەھرىمانى پالۋان ياڭ-جىڭ① ھاكىمىيىتى ۋە يەرلىك فېئودالارنىڭ ئېغىر زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان ۋە بارا-بارا بۇ زۇلۇم دەستىدىن ئۇلارغا قارشى غەزەپ-نەپرەت بىلەن يانغان دېھقان ياشلىرىنىڭ ۋەكىلىدۇر. ئېغىر دەرد-كۈلپەتلەر قەھرىمانغا سىنىپىي ئاڭ بېغىش-لايدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشىنى زىندانىدىكى چېغىدا

① ياڭ زېڭشىڭ، جىن شۇرېن

ئازادلىقنى چاقىقاپ كۈتكەن باتۇر ناخشىسىدا ئىپادىلەيدۇ:

يامۇلنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەردلەرگە نىم دەيلىك؟
ئەرلىككە بەلنى باغلاپ
ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.

ل. مۇتەللىپنىڭ فېئودالىق زۇلۇمنى تەسۋىرلىگۈچى بۇ ئەسەر-
لىرى ئاپتورنىڭ تېخى سىنپىي كۈرەش ھەققىدىكى تونۇشى ۋ
ئەدەبىي ماھىرلىقى دېگەندەك تولۇق بولمىغان ۋاقىتلاردا بارلىق
كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئەسىردە فېئودالىق ئېزىش -
ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ تۈپ يىلتىزى تولۇق ۋە كونكرېت گەۋدىلەنمە
قالغان. بۇنى لۇتپۇللا ئۆزىمۇ كېيىن سەزگەنىدى. لېكىن كېيىنك
تونۇشلىرى ئاساسىدا بۇ تېمىدا بىرەر نەرسە يېزىشقا مۇيەسسە
بولالمىدى. گەرچە بۇ توغرۇلۇق خېلى جانلىق ماتېرىياللار توپلاپ
ئىشلەشكە ئىنتىلگەن بولسىمۇ، زامانىنىڭ رايى يول قويمىغانىدى.

ل. مۇتەللىپ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىن ئازاد ئىدى؛ مىللەتچ
لىكنىڭ خەلقلەر ئازادلىقى كۈرىشىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى چۈشە
نەتتى. ئۇ، خېلى كۆپ شېئىرلىرىدا مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە قارش
نەپرەت بىلدۈردى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى چى
يۈرىكىدىن ئارزۇ قىلدى. ئۇ «مىللەتچىلەرگە زەربە» دېگەن شېئىرىد
پەقەت ئۆز مىللىتىنىلا ياخشى كۆرۈپ، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش
ئۇلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراش ئىدىيىسىگە قارشى لەنەت ئوقۇدى
ئۇنىڭ بۇ مەقسىتى «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» ۋ
باشقا بىرقانچە شېئىرلىرىدىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك ل
مۇتەللىپ ئۆلكىمىز شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئۈتاش باغر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن ئايرىـشقا ئۇرۇنغان قەبىـھ ئۇرۇنۇشـلارغا، چىرىـك ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇپ كەلـدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىـكى تونۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىـنىڭ (جۈملىـدىن ئۇيغـۇر خەلقىنىڭ) ئىستىقبالى پۈتۈن ئىلىمىزدىـكى خەلقـلەرنىڭ ئىستىقبالـى بىلەن تۇتاش ئىكەن-لىكى، جۇڭگو ئىنقىلابىـنىڭ غەلىبىسـى بۇ ئەلدىـكى بارلىق مىللەت خەلقلىرىـنىڭ ئازادلىقـى، بەخـت ـ سائادىتـىنى تەمىنلەيدىغانلىقـى توغرىسىدىكى ئۇلۇغ ھەقىقەت بىلەن باغلانـغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆلكىمىزنىڭ مۇشۇ ھەقىقەت بايرىقى ئاستىدىكى كۆرەش ئىرادىسىنى «بىزنىڭ ئۇتۇقلار» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلىدى:

جۇڭگودىن ئايرىلماس،

ھېچبىر قايرىلماس،

مۇقەددەس ئۆلكەم

ئىزىدىن تايماس.

لۇتپۇللا ئەمگەك توغرۇلۇقمۇ كۆپ يازدى. ئۇ ھەقىقىي ئەمگەكچى-نىڭ چىن قىياپىتـىنى، ئىش قايىنىغان خـۇشال ئىنتىزلارنى تەسۋىر-لەشكە زوقمەن ئىدى. ئۇ، ئۆزىـنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئەمگەكچى دېھقانىنى مۇھەببەت بىلەن كۈيلىدى. چۈنكى شائىر ھەقىقىي ئەمگەك-چىنىڭ قەدىر ـ قىممىتـىنى، ئۇلۇغلىقـىنى چۈشىنەتتى. ئۇ، ئۆزىـنىڭ «كەل باھار» دېگەن شېئىرىدا باھاردىـكى ئازاد ئەمگەك تەنتەنىسىنى سېغىنىـپ ناخشا ئېيتـتى. ئۇ، تەبىئەتـنىڭ ھۆسنىنى ئاچقان باھارغا زوقلىنىپ، ئەركىـن ئىش قايىنىغان ئېتىـزنى كۆرگـىسى كېلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى، ئۇ، ئۆزىـنىڭ كۆڭۈللـىكى بىلەن شائىرنىڭ ھەۋە-سىنى قايىنتىـدۇ. شېرىـن ئارمان قوينىغا كىرىـپ قالغان شائىـر ئۆز يۈرىكىنىڭ لىرىكىسىنى ياڭرىتىدۇ:

كۆكلەم باغرىم كەل،
سېغىندىم سېنى.
ئوماق قوينۇڭغا
تارتىۋال مېنى.
. . . . . . . . .
جاراڭلىسۇن ئېتىزدا،
ئەمگەك ئاۋازى.
سەيلە قىلسۇن ھەر ياندا
باھار پەرۋازى.

ل. مۇتەللىپ ئاياللار ۋە بالىلار توغرىسىدىمۇ يازدى. ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرىدە ئاياللارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان ھوقۇقىنى تىكلەش، ئۇلارنى ئەرلەر بىلەن تەڭ ھوقۇقتا ئېرىشتۈرۈش مەقستى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ مەقسەت ئاياللارنى ئادەم ھېسابلىمايدىغان فېئودالىلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى نەپرەت بىلەن باغلانغان «چىمەن بىلەن پالۋان» ناملىق دراممىسىنىڭ قەھرىمانىدىن بىرسى بولغان چىمەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتسىيىسى فېئودالىلىق نىكاھ قانۇنىنىڭ كۈلپىتى بىلەن ئۆز ئەقلىدىن ئازدى ئۇنىڭ ھاياتى شۇ دەۋردىكى كەمبەغەل مېھنەتكەش ئائىلىدىكى ئاياللارنىڭ تەقدىرىگە خېلى ئورتاق بولغان ئوبرازدۇر. ئاپتور ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە چوڭقۇر ئېچىنىش بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ، مۇندىن كېيىن ئاياللار ھاياتىنىڭ بۇنداق پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن خەلقنى تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ل. مۇتەللىپ ئىنقىلابىي كۈرەش سېپىدىكى ئاياللارنىڭ ئوبرازىنىمۇ يازدى («كۈرەش قىزى»). بۇنىڭدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەھرىمانىنىڭ تەقدىرى پۈتۈنلەي باشقىچە. ئۇ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەشنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىسى. ئۇ، ئۆز ھاياتىنىڭ، كۈرەشنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ. ئاپتور جەمئىيىتىمىزدە ئاياللارنى ئەنە شۇنداق پائالىيەتتە كۆرۈشنى چىن يۈرىكى بىلەن ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن بۇ پەقەت ئارزۇلا ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابىي كۈرەش مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئۆسۈۋاتقان جەڭگىۋار ئەمەلىيەتتۇر. ل. مۇتەللىپ ئاياللار توغرىسىدىكى شۇنداق يۈكسەك ئىدىيىنى ئۆزىنىڭ بىرقانچە شېئىرلىرىدىمۇ ئىپادىلىدى. ئۇ، خەلقئارا ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ، دېموكراتىك ۋە ئىنقىلابىي دولقۇنىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ زور ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىگە چوڭقۇر تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ.

ل. مۇتەللىپ شۇنىڭدەك كېلەچەكنىڭ بولغۇسى ئىگىسى، ئۇلۇغ كۈرەشلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان بالىلارنى ئاسراش، ئۇلارنى جەڭگىۋار روھتا تەربىيىلەش توغرىسىدا زوق بىلەن يازدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئوغلۇم مەمەت» دېگەن شېئىرىدا يېڭى ئوي، يېڭى تەلپۈنۈش بىلەن ئۆسۈۋاتقان ياش گۆدەكنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا كىرىشتى. مەمەت ئۆزىنىڭ خاراكتېرى بىلەن كىچىكىدىنلا، بەتقىلىق ئويۇنلارنى ئوينايدىغان، قىلىقى سەت، ئالىقانات بالىلاردىن ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنقىلابىي كۈرەش ئۇلغىيىۋاتقان شارائىتنىڭ پەرزەنتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ شۇ شارائىتنىڭ جەڭچىسى بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ مەۋجۇت بولۇشقا باشلىغان يېڭى خاراكتېر. ئاپتور شۇنىڭ بىلەن بىللە بالىلارنى شۇنداق تەربىيىلەشكە ئۈندەيدۇ ۋە ئۇلارنى كېلەچەكتە ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ قورقماس باتۇر جەڭچىسى سۈپىتىدە كۆرگۈسى كېلىدۇ.

ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىنى ئۇنىڭ ئاخىرقى
ئەسەرلىرى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى بۇ دەۋردە شائىر ھايات قاينى
مىدا خېلى پىشىپ چېنىققان ۋە دوست ـ دۈشمەن توغرىسىدا خېلى
چوڭقۇر تونۇش ھاسىل قىلىش بىلەن، دۈشمەنگە قارشى جىددى
ئەمەلىي ھەرىكەتكە كۆچكەنىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئە
يىرگىنچلىك دۈشمەن بولۇپ گومىنداڭ ھاكىمىيتى گەۋدىلىنەتتى
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۆزىدە ئويغانغان ئىنقىلابىي كۈچنى گومىنداڭ
چىلارغا قارشى كۈرەشكە بېغىشلىغانىدى. بۇ مەقسەت ئۇنىڭ ئىجاد
يىتىدىمۇ ئىپادىلەندى. بۇ ئىپادە بولۇپمۇ «يىللارغا جاۋاب
شېئىرىدىن باشلاپ گەۋدىلەنگىلى تۇردى. بۇ شېئىر شائىرنىڭ
ھەقىقەتەن ھاياتقا ئىنقىلابىي كۆز بىلەن قاراپ، چوڭ ئىنقىلابى
ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقىنىدىن دېرەك بېرىدۇ. «يىللارغا جاۋاب
نەشر قىلىنىش بىلەن ئازادلىقنى خالىغان ھەربىر خەلق پەرزەنتىنىڭ
دىلىدا ئاللاھىدە بىر يۈكسەك روھ قوزغىدى. ئۇچۇق ئېيتىش
كېرەككى، ئاشۇ كەمگىچە ھېچكىم ئۇيغۇر پوئېزىيىسىدە «يىللار
جاۋاب»تەك خەلقنىڭ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشكە
يالقۇنلۇق شېئىرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ شېئىر يالغۇز مەزمۇن
جەھەتتىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي شېئىرىيەت كۈچى جەھەتتىنم
شۇ دەۋرگىچىلىك بولغان يېڭى ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ چوققىسى
بولۇپ قالدى. شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆمۈرنىڭ مەنىسىز ئۆتۈشلىرىگ
ئېچىنىدۇ ۋە ھەربىر كىشىنىڭ ئۆمرىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن
ئالدىراش لازىملىقىنى جىكىلەيدۇ. ۋاقىت ھەقىقەتەن ئۆز ئادىتى
بىلەن ئۆتۈۋېرىدۇ. كىچىكلەر چوڭ بولىدۇ، چوڭلا قېرىيدۇ، لېكى
ئادەملەر ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە شۇكى، ئۇ يىللار قوينىد

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىخۇد ياشىمىسۇن، ئۇ ۋاقىتتىمۇ چاپسانراق ئالدىرىسۇن. قىسقىسى كىشىلىك بەختى ئۇچۇن ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپ، ئۆمۈرنى گۈزەل-لىك بىلەن بېيىتسۇن. بۇ ھاياتىنىڭ مەزمۇنىدۇر. ل. مۇتەللىپ «يىللارغا جاۋاب»دا مۇشۇنداق يۈكسەك روھنى ئالغا سۈرۈش بىلەن، ئۆزىنىڭ شۇ دەۋردىكى قەلبىگە پۈككەن ياخشى ئارزۇلىرىنى ئوتتۇ-رىغا قويىدى. ئۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ھەيرانلىنىپ تۇرماستىن، يىللار قويىندا ئۆزىنىڭ ئەزىز ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈمىدىنى ئالغا سۈردى. چۈنكى ھەقىقىي ئادەم جاھاندا شۇنداق ياشايدۇ. ئۇ، بۇ شېئىرىدا يىللار ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى چۈشەن-چىسىنى مۇنداق ئىپادىلىدى:

بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى ئۆتۈۋەرسۇن، ئۆزىنىڭ يولى،
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

شائىر تارىخنى ۋاراقلاپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كۈرەش ناخشىلىرىنى تىڭشىدى. ئۇ، بۇ ناخشىلاردىن ئەسىرلەرنىڭ ئارزۇسىنى چۈشەندى. بۇ ئارزۇ نۇرغۇن قانلىق جەڭلەر ئىچىنى كەزگەن، زىندان، دار ۋە جادۇلارنىڭ دەھشەتلىرىنى كۆرگەن، لېكىن ئۆزىنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتلىرىنى ئۆچۈرمىگەن ۋە ئەسىرلەر داۋىنىدىن ھالقىپ كېلە-چەك ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قالغان مۇقەددەس ۋەسىيەت بولۇپ ياشاپ كەلدى. ھەربىر ھەقىقىي خەلق پەرزەنتى ئۆزىنى بۇ مۇقەد-دەس ئارزۇنىڭ ھەقدالىرى دەپ سانايدۇ. بۇ ئارزۇنى زامانىنىڭ يېڭى كۈرەش شارائىتى قوينىدا بېيىتىپ، ئۇنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش يولىدا دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىش كىشىلىكنىڭ ھەقىقىي پەرزەن-

تىدۇر. ل. مۇتەللىپ بۇ مۇقەددەس ئارزۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش‍
نىڭ پەيتىنى ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى مۇشۇ يول‍
بېغىشلىدى.

ل. مۇتەللىپ ئەنە شۇ مۇقەددەس ئىشتىكى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىن‍
تونۇش بىلەن، ئۆزىدە تەۋرەنمەس ئىرادە تىكلىدى. ئۇ، كۆرەش‍
يولىغا نەزەر تاشلاپ گومىنداڭچىلارنىڭ پۈتۈنلەي چىرىكلەشكە‍
گۇرۇھلار تۈركۈمى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن قاينات‍
قېنى قوشۇلمايدىغانلىقىنى ياخشى بايقىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەختىن‍
ئۇلار ئىگىدارچىلىق قىلغان ھاكىمىيەتكە باش قويۇپ، يېلىنم‍
ئەمەس، قانلىق جەڭگە ئاتلىنىش بىلەنلا قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن‍
لىكىگە قاتتىق ئىشەندى. ئۇ، ئۆزىدە شۇ قانلىق جەڭگە كىرى‍
پىتىنالىغىدەك كۈچنى ھازىرلاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرىدى‍
ئەمدى باتۇرلۇق، جەڭگىۋار روھ زور كۈچ بىلەن جاراڭلاش‍
باشلىدى:

ئىسلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۆرەش باياۋىنىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ، غالىب يولغا.

شائىر ھاياتنى شەرەپلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىنى تاپقانىدى. ئۇ
شۇنداق ئېغىر پەيتلەردە قۇلاق يۇپۇرۇپ، بىغەم يۈرۈشنى ۋ
تەتىرەپ قالايمىقان ياشاشنى نومۇسسىزلىق دەپ بىلىدۇ. يىللا
قويىدىكى بۇزۇق خاھىشلارغا ھاياتنى ئويۇنچۇق قىلىپ بېرىشنى
خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خەلق ئازادلىقى يولىدىكى كۆرەش
بىر تامچە قېنىنىمۇ ئايىمايدۇ ۋە بۇ كۆرەش يولىدا ئۆز ھاياتىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايرىلىغانلىدىمۇ كېلىچەك ئەۋلادقا ئۆزىنىڭ كۆرەش ئارزۇلىرىنى تاپشۇرىدۇ.

يىللار مەيدەڭنى كېرىپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئەسلا كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

شائىر خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان كۆرەشنىڭ ئاخىرى يېڭىش تاپىدىغانلىقىغا چىن يۈرىكى بىلەن ئىشەنگىنى ئۈچۈن مەغرۇر سۆزلەيدۇ ۋە بۇ يولدا قىلىنغان ئەمگەكنىڭ كىشىلىك تارىخىغا قىممەتلىك ۋە ئۇنتۇلماس تۆھپە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئىشەنچ بىلەن كۈيلەيدۇ. بۇ ئىشەنچ ئۇنىڭ يىللارغا بەرگەن جاۋابى ئىدى:

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۇپقۇنلىرىڭنى يارىدۇ بىزنىڭ كاراپ،
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقۇتۇپ باقساڭمۇ،
ئىجاد يىللارنى قېرىتىدۇ. دەپ بېرىمىز جاۋاپ.

ل. مۇتەللىپنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىنىڭ ئىچىدە ئايرىم دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان ئەسىرى «خىيالچان تىلەكلەر» شېئىرىدۇر. بۇ شېئىرنى لۇتپۇللا ئاقسۇدا گومىنداڭچىلارغا قارشى تەشكىللىك ھەرىكەت ئۇيۇشتۇرۇش ئارپىسىدا يازغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكى، ل. مۇتەللىپ ئاقسۇدا ئۆزىنىڭ ئىلغار پىكرى، ئىنقىلابىي روھى بىلەن نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن چاغدا، گومىنداڭچىلار ئۇنى ئىنقىلابىي ھەرىكەتتىن توساپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنغانىدى. شۇنىڭدەك گومىنداڭلار ل. مۇتەللىپنىڭ ئەتراپىدىكى

ياشلارغىمۇ شۇنداق يول تۇتقانىدى. لېكىن ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ
سەپداشلىرى گومىنداڭچىلارنىڭ ئۇلارنى ئالدام خالتىسى
چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلىۋاتقان پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنىڭ چىرىك
مەقسىتىنى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ، ئۇلاردىن تېخىمۇ قاتتىق
يىرگەندى. ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ كۈرەش يولىدىن قايتمايدىغان
لىقىنى، بۇ مەقسەتكە ئاخىرقى تامچە قېنى قالغۇچە سادىق بولۇپ
قالىدىغانلىقىنى بۇ شېئىرىدىمۇ ئىپادىلىدى. ئۇ، بۇ شېئىرىنى
(«خىيالچان تىلەكلەر»نى) شۇنداق باشلايدۇ:

تېگىرقىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى
چۈشۈرمەيمەن كۈرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى.
مەرد باغۋەن خازان قىلماس ۋاقىتسىز باغنى،
تەربىيىسىز سۇلدۇرۇپ گۈل-چېچەكلەرنى.

دەل شۇ چاغلاردا ئىلى ئىنقىلابىي كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ
ئۆزىنىڭ غەلىبىلىك يۇرۇشلىرى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى ھاياجان
كەلتۈرگەنىدى. شائىر بۇنى تاسادىپىي ھادىسە دەپ ئەمەس
بەلكى گومىنداڭچىلارنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىۋاتقان شارائىتى يېتىش
تۈرگەن توغرا مەقسەتلەرنى ئالدىغا قويغان ئاساسىي بار ئىنقىلابىي
ھەرىكەت دەپ تونىدى. بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گومىن
داڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش پرىنسىپى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى
نىسبەتەن تۇتقان دوستلۇق پوزىتسىيىسى شائىرنى باشقىچىلا ئىلھاملان
دۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى ئۆز مەقسىتىنى
ئۆز ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ يۈلەكچىسى دەپ بىلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ
بۇ ھەقتىكى تۇيغۇلىرىنى گۈزەل مىسرالارغا تىزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بېقىپ ئاسمانلارغا
تەپەككۇر كۆز بىلەن كۆرسەمەن روشەن بۇجەكلەرنى.
جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نېچۈك تولغانماس،
ئاشىقى كۇتۇپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى.

شائىرنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەت قاينىمىغا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشىنى گومىنداڭچىلارنىڭ ھېچقانداق رەگۋازلىقى توختىتالمىدى. چۈنكى شائىر گومىنداڭچىلارنىڭ چىرىك ئەپت-بەشىرىسىنى بىلەتتى. ئۇلار خەلققە ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئېغىزىدا دېموكراتىيىنى سېتىپ، ئەمەلىيەتتە بولسا زىندانىنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدامچى ۋە توپ ئاساسىدىن خەلققە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ھەم شەخسەن ئۇنىڭ غەزەپلىك يۈرىكىنى يوپۇتۇش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىلغان نەيرەڭۋازلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە بۇ نەيرەڭۋازلىققا تىز پۈكمەيدىغان، بوشاشمايدىغان ئۆز ئىرادىسىنى مەغرۇر جاكارلىدى:

سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىدا مەن بىرقاينام تۇرسام،
ئۇسسۇلۇغۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى!

ل. مۇتەللىپ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە شائىر جەمئىيەتتىكى ۋەقە-ھادىسىلەرنى تاماشا قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى شۇ ۋەقە-ھادىسىلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغۇچى ۋە كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغۇچى قەھرىماندۇر. ئۇ، ھەقىقىي شائىر ئالدى بىلەن خەلقنى، ۋەتەننى قىزىق مۇھەببەت بىلەن سۆيگۈچى، سەنئەتنى سەنئەت ئۇچۇن ياكى شەخسىي ئىشرەت ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى كۈرەشكە، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە بېغىشلىغۇچى دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىدېئالى «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» دېگەن

شېئىردا ئۆزىنىڭ چىن مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپتى.

ئۆلۈم يوق ساڭا، شائىر زادى ئۆلمەيدۇ،
ئەلنىڭ بۈيۈك گەۋدىسىدە سەن قىزىل قان بول.
چۆرگىلەي، ئۆرگىلەي، سادىغىڭ كېتەي ئەل بويىدىن،
ئەلنىڭ تۇيغۇسىغا ئانىدەك كۆيۈمچان بول.

شائىر بۇ شېئىرىدا ھەقىقىي شائىرنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ئۆز ئىدىيىسىنى ۋە ھېسسىياتىنى خەلقنىڭ ئىدىيە، ھېسسىياتىغا بىرلەش تۇرۇشتە، خەلق ھاياتىنى ئىجادىي ئىلھامنىڭ مەنبەسى دەپ بىلىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى يەنە شۇ خەلقنىڭ مەنپە-ئىتىگە خىزمەت قىلدۇرالىشىدا ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدەك ئېغىر ئەمگەك مەھسۇلاتى بولغان ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىرىنمەي ئۆگىنىش ۋە چىداملىق بىلەن ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چىن يۈرىكى بىلەن بايان قىلدى ھەمدە شەخسىي ئابروي ئۈچۈن شائىر بولۇشنى ھەۋەس قىلىدىغانلاردىن كۈلدى. شائىرلىقنى خەلقنىڭ ھايات مەنپەئىتىدىن يىراقلاشتۇرغۇچىلارغا قارشى كۈچلۈك غەزەپ ۋە نەپرەت ئوقۇدى.

لۇتپۇللا خەلقنى ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن سۆيگەن، شۇ مۇھەببەت يولىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەمگىكىنى، ھاياتىنى بەرگەن شائىرنىڭ "مەڭگۈ ئۆلمەس"لىكى ھەققىدە چوڭقۇر ئىشەنچكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكار ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋايى توغرىسىدا يازغان شېئىرىدا ئاجايىپ گۈزەل ئىپادە بىلەن جاراڭلىدى:

قوي شائىر، سۆزلىمە جۆيلۈپ يوققا،
ناۋايى كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا.

. . . . . . . . . . . .

ئۇ ئىجادىيەت دەرياسىغا چۆمۈلگەن،
ئۇ ھەربىر مىسرا تۇۋىگە كۆمۈلگەن.

ل. مۇتەللىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي سۆيۈملۈك شائىرىدۇر. ئۇ، نۇرغۇن جەھەتتە ئۆز ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنلۇق ھاياتى — خەلقىنىڭ كۈرەشچان مەنپەئىتىگە سادىق ئىنقىلابىي روھى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى — ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ياخشى مەزمۇن بىلەن قوراللاندۇردى. قىسقىسى بىز ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنىڭ گۈزەل ئىپادىسىنى كۆرىمىز.

ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا گۈزەل ئەدەبىياتنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرىنىڭ گەۋدىلىنىشىدىدۇر. ئۇ، ئەدەبىياتنىڭ نۇرغۇن شەكىل ۋە ژانىرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبىغا ئۇيغۇنلاشتۇردى. شائىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى شەكىللەردىن باشقا ماياكوۋسكىنىڭ شېئىرىيەت شەكلىنىمۇ قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيەت شەكلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شېئىرىيىتىمىزدە يېڭى ئىزلار ئاچتى. ئۇنىڭ «ماي، كۈرەشچان ئاي»، «كۈرەش ئىلھامى»، «جۇڭگو» ۋە باشقا شېئىرلىرى ماياكوۋسكى ئۇسلۇبىدىن ياخشى پايدىلانغىنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ل. مۇتەللىپ شېئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ لىرىكىسىدۇر. مەلۇمكى، لىرىكا ئومۇمىي پوئېزىيىدە زادى كەم بولۇشقا بولمايدىغان نازۇك ئامىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ل. مۇتەللىپ ئۆز شېئىرىيىتىنى لىرىكا بىلەن بېيىتىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

ئۇ. پۇشكىن، لېرمونتوۋ لېرىكىسىدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلاندى
ئۇنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالىچان تىلەكلەر»گە ئوخشاش
شېئىرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى لىرىكىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆز زاماندىشلىرىنىڭ ياخشى ھېسسىياتلىرىنى خىيالىي ئويدان گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

ل. مۇتەللىپنىڭ پوئېزىيە ۋە دراما ئىجادىيىتىدىن باشقا ئەدەبىي ـ سەنئەتكە دائىر ئىلمىي ۋە تەنقىدىي ئەسەرلىرىمۇ ئەدەبىياتىمىزدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىي ـ سەنئەتكە دائىر ئىلمىي ۋە تەنقىدىي ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ياخشى تەرەپكە قاراپ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە تەربىيىۋى رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ل. مۇتەللىپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا پروزا ئىجادىيىتىگىمۇ چوڭ زوق بىلەن تۇتۇش قىلغانىدى. ئەپسۇسكى بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر قول يازما ھالىتىدە يوقىلىپ كەتتى.

ل. مۇتەللىپ ئۆز ھاياتىنىڭ تېخى چېچەكلەش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىدەك بىر مەزگىلىدە ئارىمىزدىن مەڭگۈگە كەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتىمۇ ئەمدى بالاغەتكە يېتىۋاتاتتى. لېكىن ناھەق ئۆلۈم ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىستەكلەر بىلەن تولغان ئوتلۇق يۈرىكىنىڭ ھەرىكىتىنى ۋاقىتسىز توختىتىپ قويدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللار ئېلىپ بارغان مۇشەققەتلىك كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە بۈگۈن لۇتپۇللا ياشىغان ئۆلكىدىمۇ ئازادلىق تېڭى ئاتتى.

ئۇ ئاخىرقى نەپىسىگىچە چاقىراپ ئۆتكەن ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى پىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئىنتىلگەن كۈنلەر بۈگۈن بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيىتىنى تاپتى. بۇ ئازادلىق تېگى زۇلۇم بىلەن مۈكچەيـگەن ئېلىمىزنىڭ قەددىنى كۆتۈردى. ھاياتىمىز يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. بىز مانا مۇشۇ ئازاد زامان قۇچىقىدا ياشاپ تۇرغىنىـمىزدا بۇ كۈنلەرنىڭ ئىشقىدا يېنىپ ئۆرتەنگەن سۆيۈملۈك شائىرىمىزـنىڭ ئارىمىزدا يوقلۇقىنى ئويلىغىنىمىزدا يۈرىكىمىزنىڭ قاتتىق ئېچىشقىنىنى ھېس قىلىمىز.

بىراق ئۇنىڭ كۈرەشچان ئىشلىرى، جەڭگىۋار ناخشىلىرى بىز بىلەن بىللە ۋە مەڭگۈ بىللە بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ئىشەنچىمىز، ئىرادىمىز بىزنىڭ يۈرىكىمىزـدىكى پۇغان داغلىرىنى يۇيىدۇ.

1955 ـ يىل 8 ـ ئاي.

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جەڭگىۋار تېمىسى

كوممۇنىستىك پارتىيىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك كۈرەش قورالىنىـ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىنقىلا
بىيلىقى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پارتىيىمىزنىڭ كۈرەش ۋەزىپىلىرى بىلـ
چەمبەرچاس مۇناسىۋىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونـ
رايونىدىكى بارلىق مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى ئەدەبىياتى ئەنە
ئۇلۇغۋار خاراكتېرنى ئىگەللەش ئارقىلىق تۇغۇلدى ۋە تۇغۇلماقـ
جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئازادلىقتىن بۇيانقى ئالتە يـ
جەريانىدا خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئىجادىيە
سېپىنىڭ كېڭىيىشى، تېمىلارنىڭ كۆنساناپ بېيىشى، مەزمۇن
بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۆسۈشى بىلەن شەكىللىنىشكە باشلىغان يېڭـ
ئەدەبىياتىمىز، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا، پارتىيە تەشۋىقاتىنىـ
مۇھىم يۆلەكچىسى سۈپىتىدە ئۆز ئالدىدىكى شەرەپلىك ۋەزىپىلەرـ
بېجىرىش يولىدا كۈرەش قىلدى ۋە قىلماقتا.

پارتىيىمىزنىڭ باش لۇشيەن، باش ۋەزىپىسى ئېلان قىلىنغانـدـ
كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىيات سېپىنىڭ جەڭچىلىرى ئۆز ئالدـ
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمەتـ
ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش ۋەزىپىسى تۇرغانلىقىنى مەغرۇرلۇق بىلەـ
ھېس قىلدى، دېمەك. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستـ
ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم ۋە مەركىزىي تېمـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەركىزىي تېمىسى بولغان يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردە يېزا ئىگىلىكىدىكى سوتسىيالىستىك ئېلېمېنتلارنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشى، كاپىتالىستىك ستىخىيىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقى، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئەمگەكنىڭ يۈكسىلىۋاتقان قەدىر - قىممىتى — قىسقىسى يېزىلاردا شەكىللىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتلەر ئۆزىنىڭ خېلى ئوبدان ئىنكاسىنى تاپماقتا. ئەدەبىياتىمىزدا بۇ تېمىدىكى دەسلەپكى كۆزگە كۆرنەرلىك ئەمگەك يازغۇچى زۇنۇن قادىرى بىلەن مانناپ قادىرىنىڭ ئىجادىيىتى «توي» پىيېسىسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللەت. ئالماسنىڭ «قىزىل بايراق»، ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «سادىق بابكا»، «پۇشايمان»، ئا مەسئۇدىنىڭ «ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى» ئارقا - ئارقىدىن جامائەتچىلىكىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار يېزىلارنىڭ يېڭى قىياپىتى توغرىسىدىكى بولۇپمۇ ھەمكارلىشىش - كوپىراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدىكى خېلى ئوبدان تەسەۋۋۇرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىدى.

يېزىلىرىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتى ئەدەبىياتىمىزدا ئالدى بىلەن دېھقانلار ئىچىدىن ئۆسۈپ چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كۆرۈندۇ. «توي»دىكى خەيرىنىسا، «قىزىل بايراق»تىكى سىيىت، لەيلەملەر ۋە باشقىلار ئاشۇ يېڭى ئادەملەرنىڭ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم ئورنىتىش يولىدىكى ئىنتىلىشلىرىنىڭ باشلانغۇچ ئوبرازلىرىدۇر. دېھقانلار تەركىبىدىن چىققان بۇ ئىجابىي ياش كۈچلەر يېزىدا ھەمكارلىشىش ۋە كوپىراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارد جەڭچىلىرى،

پارتىينىڭ تايانچ كۈچلىرىدۇر. مۇنداق كۈچلەر بۈگۈن تېز سۈرئەت
بىلەن ئۆسمەكتە. ئەدەبىياتىمىزدا ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش
كىرىشىش بىز ئۈچۈن چوڭ يېڭىلىق.
كوپېراتسىيىلىشىشنىڭ يەككە ئىگىلىكتىن ھەر جەھەتتىكى ئۈستۈن-
لۈكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرگەن دېھقانلار ئاممىسى كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتكە
كېلىپ، "ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي" دېگەن كونا دەستۇرـ
دىن قول ئۈزمەكتە، كاپىتالىستىك ستېخىيىنىڭ تەسىرى كۈنساناپ
يىمىرىلىپ بارماقتا. بۇ ھال ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىنتىلىشكە قاراپ
مېڭىشىغىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. يازغۇچى، شائىرلىرىمىز
يېزىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئاشۇ مۇھىم ھالەتلىرىگە ئالاھىدە
ئېتىبار بەرگەن ھالدا، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرمەكتە.
ئوتتۇرا دېھقان توغرىسىدا بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز خېلى جىق
ئوبرازغا ئىگە. بولۇپمۇ ھاشىم ئاخۇننىڭ («توي») ئوبرازى ئارقىلىق
بىز ئوتتۇرا دېھقاننىڭ يەككە ئىگىلىكتىن قول ئۈزۈشتىكى ناھايىتى
مۇھىم جەريانىنى كۆرىمىز. ئۇ، قەدىر ئەھۋال ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىـ
لىرىگە ئىگە، دېھقانچىلىق تەجرىبىسىمۇ بار، ئىشچان ئادەم. ئۇنىڭ
ئۈچۈن "يەر ئالتۇن قوزۇق"، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش دېگەن
قانداقتۇر بىر سىرلىق، يات نەرسە. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا ھوسۇلنى قانداق
تەقسىم قىلىدىغانلىقى تېخىمۇ ئەندىشىلىك. يېڭىلىقتىن چۆچۈيدىغان،
سىنىپىي ئېڭى ئۆسۈپ يېتىلمىگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆملۈشۈشىنىڭ
پەزىلىتىنى چۈشىنىشكە توسقۇن بولۇۋاتقان شارائىتمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ
باي دېھقان تۇردىنىڭ ئازدۇرۇشى. لېكىن ھەقىقەت دېگەن ھەممىـ
دىن ئۈستۈن. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇرۇلغان كوپېراتىپ ئىگىلىكى
يەككە ئىگىلىكتىن ھەر جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلىپ

www.uyghurkitap.com

باردى. بۇ ئىگىلىك قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى، باي دېھقانىنىڭ كاپىتالىستىك ئىنتىلىشى كۈنساناپ ئۇچۇقۇشقا يۈز تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسىمۇ ئېچىلىشقا باشلىدى. ھاشىم ئاخۇن ئۈچۈن بۇ ئىككى يۆنىلىش ئوتتۇرىسىدا باشقا يولمۇ يوق ئىكەنلىكى بارغانسېرى روشەنلەشتى. يەككە ئىگىلىكنىڭ ئاجىزلىقلىرى بىلىنگىلى تۇردى. ھاشىم ئاخۇن بۇ ھەقىقەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، كوپېراتسىيىلىشىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى جاھىللىقىغا بەك ئۆكۈندى. ئوتتۇرا دېھقانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن بۇ بەك خاراكتېرلىك جەريان. ئەسەردە بولۇپمۇ بۇ جەرياننىڭ ماددىي شارائىتلىرى خېلى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«قىزىل بايراق»تىكى ئوتتۇرا دېھقان دەرۋىش ئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھېزىممۇ خېلى خاراكتېرلىك ئوبرازلاردۇر. بولۇپمۇ ھېزىمنىڭ كاپىتالىستىك ئىنتىلىشى بەك كۈچلۈك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككىلىنىپ تۇرغان دەرۋىش ئاخۇنغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ بېسىملىقراق. ئۇنىڭ يەككە ئىگىلىك بىلەن بولغان كۈچلۈك ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىدىن باشقا كوپېراتسىپ تەشكىلاتچىلىرىغا قارىتا شەخسىي ئۆچمەنلىك غەرىزىمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن كوپېراتسىپ تەشكىلاتىنىڭ تىكلەۋاتقان يېڭى ماددىي شارائىتلىرى، ئۇنىڭ تەشكىلاتچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقان ساپ ئىدىيىۋى پەزىلەتلىرى ئالدىدا ئۇ ئىلاجسىز ئۆزىنىڭ چىرىك غەرەزلىرىدىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنى ھېچكىم قانۇنى جازاغا تارتمىدى، پەقەت كوپېراتسىيىنىڭ ئىجابىي تەسىرى ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. ئاپتور كوپېراتسىيىنىڭ يالغۇز ماددىي جەھەتتىكى ئۇتۇقلۇقلىرىنىلا ئەمەس،

ئۇنىڭ قالاق كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۆتكۈزىدىغان مەلۇم ئىدىيىۋى.
تەربىيىۋى رولىنىمۇ بىرقەدەر كۆرسىتىشكە تىرىشقان.
ئىككىلىنىپ قالغان دېھقانلارنىڭ (ئاساسەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ
كوللېكتىپلىششقا قاراپ ئۆزگىرىشىنىڭ دەسلەپكى ھەل قىلغۇ
تۈگۈنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىقرارى بويىچە ئېيتقاندا "يالغۇز ئاتنىڭ
چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسا دېگى چىقماس" دېگەن مۇھىم نۇقتىنى
چۈشىنىش بولدى. ھاشىم ئاخۇن مۇشۇ چۈشەنچىگە كېلىش ئالدىدا
ئالدى بىلەن كوپېراتىپچىكلەرنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن مول ھوسۇل
ئالغانلىقىنى كۆردى. ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ھېس
قىلدى ـ دە، ئىختىيارسىز "بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ چۈمۈچمۇ
ياغ، قازىنىمۇ ياغ" دەۋەتتى. ئاخىرى ئۇ، ئۆز پۇشايمانلىرىنى
ھەسرەت بىلەن خەلقنىڭ ئالدىدا تۆكتى. بۇ پۇشايمان ـ ھەسرەتلەر
ئاخىرى دەرۋىش ئاخۇننىڭمۇ يۈرىكىنى ئەزدى. ئۇنىڭ خامانىدا
قىزىنىڭ سۆزىدىن كېيىن "راست ئېيتسىڭ قىزىم، بىز ھەقىقەتەن
كەم ئويلىغان ئىدۇق" دېگەن گەپلىرىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ ئاجىزلىقى
لىرىغا ئىقرار بولغان، كوپېراتسىيىنىڭ ئەۋزەللىكىگە قايىل بولغان
كۈچلۈك ھاياجان بار.

يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش جەريانىدا ئەمگەك ۋە
تۇرمۇشتا يېڭى مۇناسىۋەتلەر (سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتلەر) ئۆسمەكتە
كوللېكتىپلىق ئادەملەر ئېڭىدا ئەمگەككە قارىتا بولغان توغرا تونۇشـ
نىڭ يۈكسىلىشىگە چوڭ تەسىر بەرمەكتە. كوللېكتىپ ئەمگەكتە
سەمىمىي دوستانە ھەمكارلىق ئۆسمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ
ئەدەبىياتىمىزدا بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى ئىپادىلىرى ۋۇجۇدقا كېلىشكە
باشلىدى. يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «چېنىقىش» دېگەن ھېكايىسىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىكى مەتنىيازنىڭ ھۇرۇنلۇقتىن تىرىشچانلىققا ئۆزگىرىش جەريانى،
«قىزىل بايراق»تىكى قادىرنىڭ قوۋ، مۇغەمبەرلىكتىن ئەستايىدىل
تىرىشىپ ئىشلەشكە ئۆتۈش جەريانى ۋە باشقىلاردا كوللېكتىپ
ئەمگەكنىڭ تەربىيىۋى رولى خېلى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

يارغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ مەتنىياز ئوبرازىنى يارىتىشتىكى
ئەمگىكىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىنىڭ
ئايرىم ئوبرازلىرىنىمۇ ئەسلىگىمىز كېلىدۇ. ئۇنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم
ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان بۇرۇنقى يېزىلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ
ئېچىنىشلىق كارتىنىسىنى كۆرسەتكەن «ماغدۇركەتكەندە» ھېكايىسى-
دىكى نامرات دېھقانلارنىڭ تەقدىرى باشقىچە ئىدى. ئۇنىڭدىكى
باقى ئەسلىدە بەك ئىشچان ئادەم بولغان؛ لېكىن فېئوداللىق تۈزۈم
ئۇنى خاراب قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ تەقدىرى ئازادلىقتىن بۇرۇنقى
ئەمگەكچى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئۇزاق يىللىق قايغۇلۇق تارىخىي
سەرگۈزەشتىسىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرىدۇ. لېكىن «چېنىقىش»
تا ئادەم تەقدىرىگە كاپالەت يوق بولغان كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمدە
بوشىشىپ، كېرەكتىن چىقىپ كەتكەن مەتنىياز بۈگۈنكى يېزىلار-
دىكى يېڭى مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرىدە باشقىچە ئىستىقبالغا ئېرىشتى —
ئۆز كەسپىنىڭ تۇراقسىزلىقى، بوشاڭلىقى بىلەن كېرەكتىن چىققان بۇ
ئادەمنى يېزىدىكى ھەمكارلىشىش-كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى رەسمىي
ئادەم قاتارىغا قوشتى. ئۇ ئەمدى جەمئىيەتنىڭ ھاجەتلىك بىر
ئەزاسى بولۇپ قالدى. ئوقۇغۇچى ئاپتورنىڭ ئىككى دەۋرگە مەنسۇپ
بۇ ئىككى ئەسىرى ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ: كونا
ئىجتىمائىي تۈزۈم ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ، بۈگۈنكى دەۋرىمىز
بۇزۇلغاننى تۈزەيدۇ. زۇنۇن قادىرنىڭ بۇ ئىككى ئەسىرى ئىككى

ئادەمنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى ئەڭ جانلىق ئەدەبىي ھۆججەت!

يازغۇچىلىرىمىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىش جەريانىدا ئۇنىڭ تېخنىكىنى جارى قىلىش ئوكۇشلۇق شارائىتلىرى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتتى. قالاق يەككە ئىگىلىك ھۆكۈم سۈرگەن يېزىدا زامانىۋى تېخنىكىدىن پايدىلىنىشنى يولغا قويۇشمۇ چوڭ ئىسلاھات. بۇ ئىسلاھات غەلىبىلىرىنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىلىرىنى ھەمكارلىشىش - كوپېراتىسيىلىشىشكە ئۇيۇشقانلار ياراتتى، ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن تەبىئىي ئاپەتكە قارشى كۈرەشنى خېلى ياخشى ئۇيۇشتۇردى .يەككە ئىگىلىكتە بولسا تېخنىكىدىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا تەبىئىي ئاپەتكە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ، مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ تەدبىرلىرىمۇ ئاجىز. يەككە دېھقانلارنىڭ مۇشۇ نۇقتىنى چۈشىنىشكە باشلىشى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيا- تىنى سىلجىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقى توغرىسىدىمۇ يازغۇ- چىلىرىمىز بىرقەدەر ئىپادىلىرىنى بەردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى تارىخىي قارارى ئېلان قىلىنغان- دىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ "ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش" پرىنسىپى ئاستىدا، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ كەڭ دولقۇنى باشلىنىپ كەتتى. خىزمەتتە ساقلانغان قانائەتلىنىش، يۈرەكسىزلىككە ئوخشاش ئوڭچىللىق خاھىشلارنى تۈزىتىش بىلەن، خىزمەتتىكى دادىللىق كۈچەيدى. زامانىمىزنىڭ بۇ چوڭ كۈرەش دولقۇنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش تېمىسىدىكى ئىجادىيىتىگە يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كۆچ بەردى. شائىر ۋە يازغۇچىلىرىمىز پارتىيىمىزنىڭ بۇ مۇھىم قارارىغا ئاۋاز قوشۇپ، يېڭى ـ يېڭى ئىجادىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ت. ئالماسنىڭ «يېزىنىڭ ماياكى»، ر. قاسىمۇۋنىڭ «كۆلۈمگە»، ت. ئېلىيېۋنىڭ «شۇنداق قىزنىمىز كۆرەشنى ئەمدى» دېگەن شېئىرلىرى ۋە باشقىلار ئەنە شۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە بېغىشلانغان دەسلەپكى ئەسەرلەردۇر.

پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىلەر بىلەن ماسلىشىش ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېماتىكا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتىمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ھاياتقا كىرىشلىرى، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى، بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتىلىشلىرى ئۇلارنىڭ ھاياتىي رېئاللىق بىلەن تەسۋىرلەش، ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىش، بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياخشى ئاساس سېلىپ بەرمەكتە.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جەڭگىۋار تېمىسى بولغان يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە بېغىشلانغان ئىجادىيىتىمىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ يېتىشسىزلىكلىرى توغرىسىدىمۇ توختالماي مۇمكىن ئەمەس.

بۇ يېتىشسىزلىكلەر ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ بۇ تېمىدىكى (يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدىكى) ھايات تەرەققىياتلىرىدىن ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقىدا كۆرۈنىدۇ. ھەمكارلىشىش ـ كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلىدىن بېرى باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ تېمىدىكى ئىجادىي پائالىيىتى خېلى كېچىكىپ باشلاندى. ئەمدىلىكتە

بۇ ھەرىكەت چوڭ دولقۇن بىلەن قانات يېيىۋاتقاندا، يازغۇچى، شائىرلىرىمىز بۇ تېمىدا ئەدەبىياتىمىزدا چوڭ ئىجادىي دولقۇن كۆتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى. كۆزگە كۆرۈنگەن خېلى ساندىكى شائىر، يازغۇچىلىرىمىز بۇ تېمىغا بېغىشلاپ تۈزۈكرەك بىرەر قۇر ئەرسە يېزىشقا ئۈرۈنغىنى يوق. جامائەتچىلىكىمىزگە خېلى ئۈزۈندىن بېرى تونۇلۇپ كەلگەن شائىر ئەلقەم ئەختەم ۋە باشقا بىرقانچە يولداشلارنىڭ مۇشۇ ئاكتۇئال تېمىدىكى بىرەر ئەسىرىنىڭ گېزىت، ژۇرناللاردا كۆرۈنمەيۋاتقانلىقى كىشىنى بەك ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىمۇ بۈگۈنكى تەرەققىيات تەلىپىگە جاۋاب بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس. بولۇپمۇ كوپىراتسىيىنىڭ ئالدىنقى مەسىلىلىرىنى، يۇقىرى دەرىجىدىكى يېڭىلىقلارنى كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرەلمەيۋاتىمىز، قىسقىسى، ئۆزىمىز يازماق بولغان ئوبيېكتىنكى تۇرمۇش ھەقىقىتىنىڭ سۈرئىتىدىن ئارقىدا قېلىۋاتىمىز. ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ يېتىشسىزلىكنىڭ ئاساسىي سەۋەبى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشنى، كۈرەشنى تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى بالدىقىدا تۇرۇپ ئۆگەنمىگەنلىكىدە، بۇ ھال ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ رولىنى پاسسىپلىققا چۈشۈرىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىنقىلابىيلىقى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنى تەرەققىياتنىڭ كەينىدە ئەمەس، ئالدىدا تۇرۇشنى تاپىلايدۇ، جامائەتچىلىكىمىزمۇ تەرەققىياتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يېزىلغان ئەسەرلەرنى تىلەيدۇ.

يېزىدا كېتىۋاتقان كوپىراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدا يېتىشىپ چىققان يېڭى ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش مەسىلىسى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆز ئالدىدىكى كۈندىلىك ۋەزىپىلەر قاتارىغا قويۇلماقتا. يېڭى ئادەملەر ئوبرازى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرقەدەر ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرىدا ئۆززەلىك، سۈنئىيلىك بەك كۆپ. دۇرۇست، بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدىكى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. مەسىلەن، «توي»دىكى تۇردى ئاخۇن ۋە نىيازلارنىڭ، «قىزىل بايراق»تىكى ھېزىملارنىڭ ئوبرازىدا كىشىنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك تېپىك خاراكتېرلار بار. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىككىلىنىش جەريانىدىكى خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەن ياخشى ئوبرازلارمۇ شەكىللەندى. ئەپسۇسكى، ئەمگەك، سىنىپىي كۈرەش جەريانىدا ئۆسۈۋاتقان ئالدىنقى قاتاردىكى ياشلارنىڭ ئۈلگىلىك تىپلىرى، دېھقانلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان پارتىيە ۋە كوپېراتىپ تەشكىلاتچىلىرىنىڭ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئوبرازلىرى تېخى يارىتىلغىنى يوق. زۇنۇن قادىرى بىلەن ماناپ قادىرى «توي» پىيېسىدە خەيرىنىسا ئارقىلىق يېزىدا ئۆسۈۋاتقان ئاكتىپ ياشلارنىڭ ئوبرازىنى كۆرسىتىشكە بىرقەدەر كۈچ چىقارغان بولدى، لېكىن يېزىدىكى ئاكتىپ ياشلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى خاراكتېرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، خەيرىنىسا ئوبرازىمۇ سۈنئىيلىكتىن خالىي ئەمەسلىكى بايقىلىدۇ. ۋەقەلىك جەريانىدا ئالدىنقى رولغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئاكتىپلىققا ئىنتىلىشى بولغان تۇخانىنىڭ ئوبرازىدا خېلى تەبىئىيلىك بار. ئۇنىڭ ئەمگەكتىكى كۆڭۈللۈك، خۇش چاقچاق خاراكتېرىنى ئېچىشتا ئاپتورلار خېلى تىرىشقان. ئۇنىڭ خاراكتېرى ئوقۇغۇچى ياكى تاماشىبىننىڭ خاتىرىسىدە قالىدۇ، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان، ئەسەردىكى ئاساسىي ئىجابىي قەھرىمان خەيرىنىسانىڭ ئوبرازى ئادەم ئەستە ساقلاپ قالىدىغان، كىشىنىڭ زوقىنى ئىختىيارسىز تارتىپ تۇرىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلمىگەن.

مۇنداق ئەھۋاللار باشقا ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ كۆپ.

كوپىراتسىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ يەككە دېھقانلارغا (بولۇپمۇ ئوتتۇرا دېھقانلارغا) ئۆتكۈزگەن ئىجابىي تەسىرىنى كۆرسىتىشتە ئاپتورلىرىمىز بەك ئاسان يولغا چۈشۈۋالدى ئەسەرلەردە كوپىراتىپنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىشتە ئۇنىڭ مول ھوسۇل ئالغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ستاتىستىك مەلۇماتلارنى جاكارلاش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلماقتا، شۇنىڭدەك كوپىراتسىيىنىڭ مول ھوسۇل ئېلىشتىن باشقا ئالاھىدىلىكلىرىدىن — كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ ئادەملەر ئېڭىغا سىڭدۈرۈۋاتقان ۋە يەككە دېھقانلارغا تەسىر قىلىۋاتقان ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە كۆيۈنۈش، سەممىي دوستانىلىقا ئوخشاش سوتسىيالىستىك ئىدىيىنىڭ رولىدىن چەتلەپ كېتىۋاتماقتا. كۆپلىگەن ئاپتورلىرىمىز يەككە دېھقانلارنىڭ (ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى كەمبەغەل دېھقانلارنىڭمۇ) كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ئۇنىڭ ماددىي جەھەتتىكى — مول ھوسۇل ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى كۆرۈپ كوپىراتىپقا كىرىدىغانلىقىنىلا يېزىپ، كوپىراتىپنىڭ ئادەملەر ئېڭىدىكى كونا ئىدىيىنىڭ — كاپىتالىستىك ئىنتىلىشنىڭ ئورنىغا يېڭى، سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش (ئۆز شەخسىي مەنپەئىتىگە ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ پاراۋانلىقىغا كۆيۈنۈش ئىدىيىسىنى) رولىنى ئۇنتۇپ قالدى. كوپىراتىپنىڭ ئەۋزەللىكىنى مۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك ئىپادىلەش ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى سۈپىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشى ۋە يوققا چىقىرىشى مۇمكىن. كوپىراتسىيىنىڭ مەقسىتى مول ھوسۇل ئېلىشنى بىر تەرەپلىمە قۇۋۋەتلەش ئەمەس، بەلكى ئۇ كىشىلەر ئېڭىدا سوتسىيالىستىك ئىدىيىنىڭ تۇغۇلۇشىنى، ئۆسۈشىنىمۇ تەمىنلەيدۇ. ئاپتورلىرد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىزدا بۇ ھەقتىكى تونۇشنىڭ مۇجمەللىكىدىن كېلىپ چىققان، خېلى جىق ئەسەرلەر ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغان بۇ بىر تەرەپلىمە قۇۋۋەتلەش سوتسىيالىزم كۆرىشىگە بېغىشلانغان ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن چوڭ نۇقساندۇر.

ئەسەرلىرىمىزدىكى باي دېھقان توغرىسىدىكى ئىپادىلەرمۇ كىشىنى ھەيرانلىقتا سالىدۇ. بىرقانچە ئەسەرلەردە كوپېراتسىيە قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق سالغۇچى باي دېھقانلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى تەسۋىرلەندى. باي دېھقان بۇزغۇنچىلىقى ئەسەرلىرىمىزدە كۆپرەك ئۇنىڭ تۈرلۈك پىتنە ۋە ھىيلىلەر بىلەن ئايرىم يەككە دېھقانلارنىڭ كوپېراتىپقا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنمەكتە. شۇنىڭدەك بۇ پىتنىگە ئىشىنىپ، ھىيلىلەرگە ئالدىنىپ قالغان يەككە دېھقانلارغا ئاخىرى كوپېراتىپ ئۆز ئەۋزەللىكى بىلەن ياخشى تەسىر ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى كوپېراتسىيىلىشىشكە جەلپ قىلىدۇ. بىراق يەككە دېھقانلارنى ئازدۇرۇپ يۈرگەن باي دېھقانلار-نىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق پىتنە تارقاتقانلىقىنىڭ، ھىيلىگەرلىك قىلىپ ئالدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئېنىق جانلىق ئىپادە يوق. بەزى ئاپتورلىرىمىز ئۇلارغا باي دېھقان دېگەن نامنى بېرىش بىلەنلا، باي دېھقاننىڭ ئوبرازىنى كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندەك ھېس قىلسا كېرەك.

كوپېراتسىيە توغرىسىدا يېزىلغان شۇنچە ئەسەرلەر ئىچىدە كوپېراتىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، جۈملىدىن باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى كامچىلىقلار ھەققىدە ھېچ گەپ قىلىنمىدى دېسەكمۇ بولىدۇ. كوپېراتىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئالاھىدە ياخشىلىقلار بولغاندەك، يېتىشسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، ئۇنى تۈزىتىش كېرەكلىكى

كىتى جەريانىدا مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىلا بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل سۇژىت لىنىيىسىدە ماڭىدىغان ۋەقەلىكتىن ئىبارەت بولمىسا كېرەك. بۇنداق بولۇشى ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىلەر ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن يېڭى تېما بولغانلىقىدىن، شۇنىڭدەك ئاپتورلىرىمىز تۇرمۇش ھەققىتىنى، ئۇنىڭ ئەتراپلىق شارائىتلىرىنى بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق كوپىراتسىيە ھەرىكىتى جەريانىدىكى دەسلەپكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالىنىلا بىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالغانلىقىدىندۇر.

قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ ئەدەبىياتتىكى مۇقىملاشقان قانۇندۇر. ئەپسۇسكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەسەرلەردە بارلىق پېرسوناژلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى مۇھىم بولغان ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىمۇ ئوچۇق ئەمەس. پەقەت زۇنۇن قادىرىنىڭ «چېنىقىش»تىكى مەتنىيازنىڭ ئوبرازىنى نەزەرگە ئالمىغاندا، باشقا ئەسەرلەردىكى باشقا قەھرىمانلارنى ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدە خاراكتېر بىلەن ئاجرىتىپ ئېلىش خېلى قىيىن.

كوپىراتسىيىلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشقا ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى كۈيلەشكە بېغىشلانغان شېئىرلىرىمىزدا تەقلىدچىلىك خېلى كۈچلۈكتۇر. بۇ ھەقتىكى شېئىرلارنىڭ كۆپىدە ئېتىزدا ئىشلەپ يۈرگەن بىر قىزنىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇشى، يىراقتىن كەتمەن كۆتۈرۈپ بىر يىگىتنىڭ كېلىشى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمەلىي ھەقىقەت، بۇ يېتىشسىزلىكلەر كوپېراتىپنىڭ ئىچكى خىزمەت
لىرىگىلا ئەمەس، بەلكى سىرتتىكى يەككە دېھقانلار ئىچىدىكى كوپېر
تىپقا قارىتا تونۇشنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ دەخلى قىلىپ كەلدى. بۇ ھا
كوپېراتىپلارنى رەتلەش خىزمىتىدە ئالاھىدە بايقالغان ئېچىنىشلى
پاكىت. لېكىن ھېچبىر ئەسەر بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. بىزنىڭ
يازغۇچى، شائىرلىرىمىز كوپېراتسىيە خىزمىتىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى
ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەسۋىرلەيدىكەن، ئۇنىڭ ئىچكى
تاشقى جەھەتتىكى قارىمۇقارشىلىقلاردىن خالىي بولمىغان كۆرەش
شارائىتلىرىگە باراۋەر نەزەر سېلىش كېرەك. شۇنىڭدەك كوپېراتى
كادىرلىرىنىمۇ تەربىيىلەشنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىس
قىلىشى كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سۈژېت تۈزۈلۈشىدىكى سىخېماتىز
ۋە تەقلىدچىلىك ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدە گەپ ئېچىش بىر ھېساب
ئەتتىكەنىرەك تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئاجىزلىققا مەنسۇپ بولغا
مۇھىم نۇقتىلار ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك پىكىر يۈرگۈزۈش ئورۇنس
بولمىسا كېرەك. ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا مەلۇم بولغان «توي» پيېسس
بىلەن «قىزىل بايراق» ھېكايىسىنىڭ سۈژېت قۇرۇلۇشىدا خېلى
ئوخشاشلىق بار. بۇ ئوخشاشلىق ئۈچۈن ئايرىم ئاپتورلارنى
تەقلىدچىلىك ئەيىبى بىلەن كايىش ئانچە توغرا بولماس، چۈنكى
بۇ ئەسەرلەر ھەممىسى بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بارلىققا كەلدى
شۇنىڭدەك ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «توغرى يول»، «پۇشايمان»، «سادى
بابكا» ھېكايىلىرىدە ھەل قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ۋەقەلىكىدى
ئوخشاشلىق يوق ئەمەس. مۇنداق بولۇشى بۇ ئەسەرلەردە قويۇلغا
مەسىلىنىڭ خاراكتېرىدە ئوخشاشلىق بار. لېكىن كوپېراتسىيە ھەر

خەلق قوشاقچىسى ئايۇپ سامساقنىڭ) بۇ تېمىدىكى قوشاقلىرىدىن باشقا، كۆپ ساندىكى شائىرلىرىمىز بۇ ھەقتە تۈزۈكرەك بىرەر ئەسەر ياراتمىدى. بەزى شائىرلار ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتسىز-لىكىنى ئاقلاش ئۈچۈن "كوپىراتسىيە توغرىسىدا ھېكايە يېزىشقا قارىغاندا شېئىر يېزىش قىيىن ئىكەن" دېيىشىدۇ. بۇ ئانچە ئويلاپ قىلىنمىغان سۆز. پروزىغا ماتېرىيال بەرگەن سوتسىيالىزم ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان بۇ كۈرەشنىڭ ئاجايىپ باي پاكىتلىرى، ئەجەبا، پوئېزىيە ئۈچۈن ئىلھام بولالامدۇ؟ پوئېزىيىمىزدىكى بۇ پاسسىپلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن شائىرلىرىمىز ئۆز ئىجادىي پائالىيىتىنى ھەممە تېما ئۈستىدە، بولۇپمۇ ناھايىتى مۇھىم ۋە مەركىزىي ۋەزىپە بولغان يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش تېمىسى ئۈستىدە كۈچلۈك جارى قىلىشى كېرەك.

ئالدىمىزدا يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئاجايىپ چوڭ دولقۇنى يامرىماقتا. بۇ چوڭ دولقۇن، شۈبھىسىزكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىجادىي مەنبەسىدۇر، شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنمۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن چوڭ مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ ھېسابلانغۇسى ئەسەرلەر دەسلەپكى قەدەمدە مۇشۇ تېما ئۈستىدە بارلىققا كېلىشىمۇ شۈبھىسىز. چوڭ دولقۇن قاينىمىدا ئەدەبىي ئىجادىيىتىزدە چوڭ دولقۇن باشلاش يازغۇچى، شائىرلىمىزنىڭ كۆز ئالدىدىكى ناھايىتى جىددىي ۋەزىپىسىدۇر.

1956 ـ يىل 1 ـ ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توغرىسىدا پاراڭلىشىپ كېتىشلىرى، ئوخشاشلا ناھايىتى كۆپ تەكرا
لاندى. شۇنىڭدەك ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى كۈيلەش ئۈچۈ
دېھقان قىزنىڭ زاۋۇتتىكى ئىشچىغا كۆزلۈككە مول ھوسۇل ئېلىپ
زاۋۇتقا تونۇلاپ پاختا بېرىش توغرىسىدىكى خېتى ياكى ئىشچىنى
دېھقان قىزىغا يېزىغا تراكتور ئەۋەتىش توغرىسىدىكى خېتىدىن باش
گەپ يوق. مۇنداق خاراكتېردىكى ئەسەرلەرنىڭ دەسلەپتە بىر ياك
ئىككىسى مەيدانغا كەلگەندە ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۈچۈن ئۇ يېڭىلى
بولۇپ تۇيۇلسىمۇ، لېكىن بۇ گەپنىڭ تەكرارلىنىۋېرىشى بارغانسېرى
ھەممىسىنىڭ قىممىتىنى يۇيۇپ تاشلىدى. باشقا تېمىدىكى ئەسەرلەر
مىزدىكىگە ئوخشاش كوپېراتسىيىلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش توغرىس
دىكى ئەسەرلىرىمىزدە جۈملىدىن پوئېزىيىمىزدىمۇ يېڭى - يېڭى
ئورىگىنال پىكىر كەم. شۇ سەۋەبتىن مۇشتىرىلار ئىچىدىكى ئەدەبى
ئەسەرلىرىمىزگە قارىتا ئېيتقان "يەنە ئوقۇسا، يەنە شۇ، ھەممىسى
بىر گەپ" دېگەن رەنجىشلەرگە ئەدەبىيات سېپىمىز قۇلاق يۇپۇرۇ
تۇرالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، شائىر، يازغۇچىلىرىمىز تۇرمۇشنىڭ ھە
تەرەپلىمىلىك كارتىنىلىرىنى، يېڭى - يېڭى ئوبرازلارنى، يېڭى - يېڭى
پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن تىرىشىشلىرى لازىم بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى
كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتىگە بېغىشلىغان ئىجادىيەتلىرىدىكى
ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرىنىڭ ھەممىسى بولالمىسىمۇ، لېكىن خېلى مۇھىم
قىسمىدۇر. بۇ ھەقتە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى پروز
ئەسەرلىرى بولغىنى ئۈچۈن گەپنىمۇ ئاساسەن شۇ توغرىسىدا قىلدۇق
ئەپسۇسكى، بۇ تېما ئۈستىدە پوئېزىيىمىز تېخى كۆزگە كۆرۈنگۈدەك
بىرنەرسە بەرگىنى يوق. ئايرىم خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ (جۈملىدىن

# بۇگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر

ئازادلىق بىلەن تەڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى
مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتىدا يېڭى دەۋر ئېچىلدى. شانلىق كوم
نىستىك پارتىيىمىز يېتەكچىلىك قىلغان ئۇلۇغ ئىنقىلابىنىڭ غەلىب
بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاد تارىخى باشلىنىپ كەتتى
يېڭى ماددىي شارائىت خەلقىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى تۇغدۇردى
جۈملىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسى
لىستىك ئەدەبىياتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئېلىمىزدە، جۈملىدى
ئاپتونوم رايونىمىزدا يەتتە يىلدىن بۇيان، ئېلىپ بېرىلغا
سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى
قۇرۇلۇشلار، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستى
قۇرۇلۇشلارنىڭ تارىخىي غەلىبىلىرى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى
تەرەققىياتىغا يېڭى - يېڭى ئوڭۇشلۇق شارائىتلار ياراتماقت
پارتىيىمىز ئەدەبىياتنىڭ رولىنى توغرا باھالاپ، ئۇنىڭ نىشان ھ
ۋەزىپىلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى. پارتىيىم
ئەدەبىيات قوشۇنىمىزغا ئالدى بىلەن ئىنقىلابىي ئىدىيە
سىڭدۈرۈشنىڭ، كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ئۈچۈن سادىقلىق بىلە
ئىشلەش ئىرادىسىنى تىكلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆگەتتى، ئەمەلىيە
ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىلىكىگە سادىق بولۇشنى تاپىلاش بىلەن بىل
ئىجادىيەتتىكى "شەخسىي تەشەببۇسقا، شەخسىي قابىلىيەتكە، پىكىر

خىيالغا، شەكىل ۋە مەزمۇنغا مەيداننى كەڭ ئېچىپ" (ۋ. ئى. لېنىن) بەردى.

جەمئىيەتتىكى قارىمۇقارشىلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ قارىمۇقارشى كۈچلەرنىڭ تەقدىرىگە ماتېرىيالىستىك ئىلمىي نۇقتىدىن قاراش، يەنى ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، تەرەققىياتقا پۇتلاش بولۇۋاتقان سەلبىي كۈچلەرنىڭ تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ كېلىۋاتقان ئىجابىي كۈچلەرگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىشى مۇقەررەرلىكىنى، شۇنىڭدەك بۇ باشتىن ئاخىر كۈرەشلەر جەريانى ئىكەنلىكىنى خالىسلىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان ئۇلۇغ مىزان ئىكەنلىكىدە شەك يوق. پارتىيىمىز بۇ ھەقىقەتنى جارى قىلىش توغرىسىدا بىزنىڭ ئەدەبىيات سېپىمىزگە ئىزچىل تەربىيە بېرىپ كەلمەكتە. يازغۇچىلىرىمىزمۇ بۇنى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ بارماقتا.

ئازادلىقتىن كېيىن تۇغۇلغان يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېما، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىنمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بېيىپ كېلىۋاتىدۇ. يازغۇچىلىرىمىز يېڭى زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ ھەربىر سېپىدىكى قەھرىمانلىقلارنى، كۈرەش جەريانىدا چېنىقىپ، تەرەققىياتقا ھەسسە قوشۇۋاتقان يېڭى ئادەملەرنى، تېگىشلىك ئۇلۇغ ئارزۇلىرىنى، غەلىبىلىرىمىزنىڭ تەشكىلاتچىسى شانلىق پارتىيىمىزگە بولغان مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلمەكتە. زامانىمىز بەخش ئەتكەن بۇ يېڭى تېما ۋە مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە يازغۇچى، شائىرلىرىمىز بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىر ۋە شەكىللىرىنى جارى قىلىشقا تىرىشتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەكىللىنىشكە باشلىغان پىروزا ۋە درا
تۇرگىيە ساھەسىدىكى ئايرىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز ھازىرقى زام
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مەنسۇپ ئالاھىدە نەتىجىلەردۇر.
يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يارىتىش ۋە ئۆستۈرۈش يول
يازغۇچى، شائىرلىرىمىزغا ئالدى بىلەن ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ باي
مىللىي ئەمۇنىلىرى تايانچ بولدى. شۇنىڭدەك ئۇلار خەن
ئەدەبىياتىنى، كلاسسىك رۇس ئەدەبىياتى بىلەن سوۋېت ئەدەبىيات
ۋە جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار نەمۇنىلىرىنى ئىمكانىيەتىنىڭ
بارىچە ئۆگىنىپ ئۇلاردىن ناھايىتى چوڭ ئۈلگىلەر ئالماقتا. ھاز
ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى لۇشۈن بىلەن گومورونى، ماۋدۇن بىلە
لاۋشېنى، ئەي چىڭ بىلەن جاۋ شۇلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى دې
تونۇيدۇ ۋە ئۇلاردىن چوڭ قىزىقىش بىلەن ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭدە
پۇشكىن بىلەن لېرمونتوۋنى چېخوۋ بىلەن تولستويىنى، گورك
بىلەن ماياكوۋسكىينى، فادېيېۋ بىلەن شولوخوۋنى، سوۋې
ئوتتۇرا ئاسىياسىيدىكى قېرىنداش مىللەت يازغۇچىلىرىدىن خەمس
ئالىمجان بىلەن غاپۇر غۇلامىنى، ئايبېك بىلەن ئابدۇللا قاھارنى
مۇختەر ئەۋېزوۋ بىلەن سابىت مۇقانوۋنى، مۇسرەپوۋ بىلەن موستەفى
ۋە باشقىلارنى ئۇزۇندىن بېرى تونۇيدۇ. شۈبھىسىزكى،
يازغۇچىلارنىڭ تەسىرى يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش
چوڭ تەربىيىۋى رول ئوينىدى.
يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سېپى كۈنسايىن كېڭەيىپ
ئۆسۈپ بارماقتا. ئۇ، بۈگۈن بىرقەدەر ئىجادىيىتى شەكىللىن
قالغان ئاپتورلارغا ئىگە. شۇنىڭدەك بۇ سەپكە ئىزچىل قوشۇلۇۋاتق
يېڭى، ياش ئاپتورلارنىڭ پائالىيىتى كۆز ئالدىمىزدىكى چو

ئىجادىي يۈكسىلىشتىن دېرەك بەرمەكتە. پارتىيىمىز تەرىپىدىن يېقىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە پەننىڭ يېڭى نىشانى ("بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش") بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئالدىدا ئىجادىيەتنىڭ يەنىمۇ كەڭ ئىمكانىيىتىنى ئاچتى. شائىر، يازغۇچىلىرىمىز ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ دىققەت مەركىزىنى خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ كۈرەش مەنپەئەتلىرى بىلەن باغلاپ، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ۋە زىيالىيلاردىن ئىبارەت ئەمگەكچى خەلقلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىجادىي ئىشقا قىزغىنلىق بىلەن كىرىشمەكتە.

يازغۇچى ۋە دراماتورگ زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان «توي» پيېسىسى بىلەن «چېنىقىش» ھېكايىسى جامائەتچىلىكىمىزنىڭ چوڭ قىزىقىشىنى جەلپ قىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە بېغىشلانغان «توي»دا يېزىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كۈرىشىنىڭ مۇھىم جەريانلىرى ئۆزىنىڭ بىرقەدەر بەدىئىي ئوبرازىنى تاپتى. ئاپتور بۇنىڭدا ئوتتۇرا دېھقان ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرىنى، ئۇنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىككە ئايلىنىش جەريانىنى، شۇنىڭدەك يېزىدىكى سوتسىيالىستىك كۈرەشنىڭ ئاكتىپ جەڭچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. بۇ ئەسەر ھازىر تىياتىرلىرىمىز ئۈچۈن خېلى مۇھىم زامانىۋى نومۇرلاردىن بىرسى بولۇپ قالدى. بۇ يىل بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك دراما، تىياتىرلار كۆرىكىدە بۇ پيېسىنى ئىجرا قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ دراما ئەترىتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دراما تىياتىرى) نىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىشى دراما،

تىياتىر كوللېكتىپى ۋە دراماتۇرگ زۇنۇن قادىرنىڭ مۇۋەپپەقىيە
بولۇپلا قالماستىن، يېڭى ئەدەبىياتىمىز، جۈملىدىن درام
تۇرگىيىمىزنىڭمۇ زور ئۇتۇقى. زۇنۇن قادىرنىڭ كوللېكتىپ ئەمگ
شارائىتىنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چېنىقتۇرغۇچى، كىشى
ئۆتتۇرىسىدىكى دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى شەك
لەندۈرگۈچى ۋە ئۆستۈرگۈچى ئەۋزەللىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش
بېغىشلانغان «چېنىقىش» ھېكايىسىمۇ بۇ گۈلنىڭ شەكىللىنىش
باشلانغان پروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ خېلى ئوبدان نەمۇنىلىرىدى
بىرسىدۇر. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئاساسىي پېرسوناژ بولغان مەتنىيازنى
ئوبرازىنى (ئۆتمۈشنىڭ مەلۇم شارائىتىدا كىچىكىدىن تارتى
بىرەر ئىش ياكى ھۈنەرنىڭ پىشىنى تۇتالمىغان بوشاڭ بىر ئادەمنى
كوپېراتىپ كوللېكتىپى تەسىرى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا چېنىقى
كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئېرىشىش جەريانىنى) خېلى جانلىق گەۋدىلە
دۈردى. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرىدىكى ئالاھىدە بىر ئۇتۇقى تىلىنى
جانلىق ۋە ئوبرازلىقلىقى، مەتنىيازنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى
خېلى روشەن ۋە قىزىقارلىق يارىتىلغانلىقىدۇر. زۇنۇن قادىرنى
كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىجادىي خىزمىتىنىڭ يەنە بىر كۆز
كۆرۈنەرلىك پائالىيىتىنى مۇندىن 17 يىل بۇرۇن يازغان «غۇنچە
درامىسىنى قايتىدىن ئىشلەپ چىقىشى بولدى. غۇنچەم ئازادلىقت
بۇرۇنقى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەمۇنىلىرىد
بىرسى بولۇپ، خەلقنىڭ چوڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغانىدى. لېك
ئۆتمۈشتە گومىنداڭچىلار بۇ ئەسەرنى "خەلق ئىچىگە تەپر
سالىدىغان پىتنە" دەپ (ئەمەلىيەتتە گومىنداڭچىلار بۇ ئەسەرن
سىنىپىي كۈرەش ھەقىقىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن كۈچىدىن ئەيمەنگ

لىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم)، سەھنىدىن چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «غۇنچەم»نىڭ بۇرۇنقى نۇسخىسىدا سىنىپىي كۈرەش تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەمەس، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆز ۋاقتىدا بۇ مەسىلىنى بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىپادىلەپ سەھنىگە چىقىرىشقا زاماننىڭ رايى يار بەرمەيدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇ چاغلاردا ئاپتورنىڭ سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئانچە چوڭقۇر ئەمەسلىكى بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئۆتكەن يىلىلا قايتىدىن تۈزەپ چىقالىدى. ئەسەرنىڭ قايتا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتتىن بۇرۇنقىسىغا قارىغاندا خېلى بېيىدى (ئاپتور ئۇنى مۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۈزىتىپ بارماقچى). شۇنداق قىلىپ كەڭ تاماشاچى ئاممىنىڭ كونا سۆيۈملۈك مۈلكى ئۆزگە يېڭى كۈچ يىغىپ قايتىدىن سەھنىگە چىقتى.

شائىر تۇرغۇن ئالماسنىڭ بىرقانچە يىلدىن بېرى ياراتقان ئەمگەكلىرى ئۇنىڭ پائالىيىتىدىكى سىلجىشتىن دېرەك بەرمەكتە. ئۇنىڭ «قەشقەر»، «يىراقتىكى دوستلارغا سالام» «ئىككى خەت» قاتارلىق شېئىرلىرى يېڭى ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ خېلى ياخشى مەھسۇلاتلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. دۇرۇس، ئاپتورنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىزچىل، پۇختا ئەمگەك قىلماسلىقى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان خېلى ساندىكى ئەسەرلىرىنىڭ بەك خاملىقى كىشىنى ئۆكۈنۈشكە سالىدۇ. بىراق، بۇ خام ئەسەرلەر ئارقىلىقلا ئۇنىڭ ئىجادىي تالانتىغا ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. تۇرغۇن ئالماس خېلى تالانتلىق شائىر. بۇ تالانت ئۇنىڭ ئايرىم سىياسىي لىرىكىلىرىدا ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بىراق تىل سەنئىتى خېلى تۆۋەن.

بۇ هال ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مىسرالارنىڭ چىرايلىق، جاراڭلىق
سۆزلەر بىلەن بېزەلمىگەنلىكىدىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى يالىڭا
رىتورىك جۇملىلەرنىڭ خېلى كەڭ ئورۇن ئېلىشىدا كۆرۈلىد
تۇرغۇن ئالماس كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز تالانتىنى پروزا ساھەسىدە
سىناپ كۆردى. ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىك كوپىراتسىيىسىگە بېغىشلانغ
«قىزىل بايراق» ھېكايىسىنىڭ مەيدانغا چىقىشى، جامائەتچىلىكنىز
پروزا ژانىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئىجادىي ئىمكانىيىتى بارلىقىغا ئىشەن
پەيدا قىلدى. مۇندىن باشقا ئۇ ئەدەبىي تەرجىمانلىق ساھەسىدە
بىرقەدەر نەتىجىلەرگە ئىگە. قىسقىسى، ت. ئالماس ئىجادىيىتىنى
يۈكسىلىشىگە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە پۇختا ۋە سالماقلى
بىلەن ئىشلىشى ناھايىتى چوڭ ياردەم بېرەتتى. بىراق ئاپتور بۇ
تولۇق جارى قىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ.

شائىر ئەلقەم ئەختەم جامائەتچىلىكنىزگە ئۆزۈندىن بېرى ــ
قۇرۇلۇشى ئەپچىل، جاراڭلىق ۋە مىسرالىرى چاقىقان، ئوقۇغۇچىلار
ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىخچام شېئىرلىرى بىلەن تونۇش. ئۇ، ئۇ
ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەۋرىدە خېلى ياخشى پوئېتىك ئەسەر
ياراتقانىدى. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئانچە چوڭ مەھسۇلا
بېرەلمىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ «تاڭ ئاتقاندا»، «ت
ئاتتى» قاتارلىق بىرقەدەر ياخشى شېئىرلىرى ئوقۇغۇچىلار بىل
يۈز كۆرۈشتى. بىراق، بۇ جەرياندىكى ئىجادىيىتىدە يېڭى-يې
تېما، يېڭى-يېڭى پىكىرلەرنى بەك ئاز ئۇچرىتىدۇ كىشى. باشقى
ئېيتقاندا، ئەلقەم ئەختەمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى شېئىرلىر
يېڭى-يېڭى ھاياتىي ئوبرازلارغا كەمبەغەللىشىپ قالدى. لېك
ئۇنىڭ ھەممىگە يېقىملىق بولغان ئۆز ئۇسلۇبىدىكى جاراڭل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شېئىرىيىتىنىڭ قايتا جانلىنىپ، ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزغا يېرىك ـ يېرىك تۆھپىلەر تەقدىم قىلىشىغا بولغان جامائەتچىلىك ئىشەنچى ھېلىمۇ مەھكەم.

پېشقەدەم شائىرلىرىمىزدىن نىم شېھىد ۋە ئىبراھىم تۇردىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ خېلى ئۇزۇن جەريانىدىن ئورۇن تۇتىدۇ. نىم شېھىد ئۇيغۇر كلاسسىك پوئېزىيىسىنىڭ ئۇبدان شەكىللىرى ئارقىلىق تارىخىي تېمىلاردا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارەك ئەسىردىن بۇيانقى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدە خېلى گۈزەل ئەسەرلەر ياراتتى ۋە بۈگۈنكى زامانىمىز توغرىسىدىمۇ بىرقەدەر ئەسەرلەر («داھىي ئالدىدا»، «ئالدىدا») يازدى. ئەمما شائىر بەزىدە ئۆز ئالدىغا قويغان تېمىنى باشقۇرالماي، ئۇنىڭدا قويۇلغان مەسىلىنىڭ ماھىيىتى تەلەپ قىلمايدىغان ئۇششۇقچە تەرپچىلىككە ئورۇنۇپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلىش پوئېزىيە سەنئىتىنىڭ تەلىپى بولمايلا قالماستىن، بەلكى مەزمۇننىمۇ مۇجمەللەشتۈرۈشى مۇمكىن. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، نىم شېھىد ئۆزىگە تونۇش بولغان ۋەقە، ھادىسىلەر ھەققىدە (بولۇپمۇ تارىخىي تېمىلاردا) يازغىنىدا ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە يۇقىرى سەنئەتنى جارى قىلالىشى شۈبھىسىز.

جامائەتچىلىكىمىزگە خېلى ئۆتكۈر ساتىرىك تىلى بىلەن مەشھۇر بولغان ئىبراھىم تۇردىنىڭ ئىدارە ئاپپاراتلىرىمىزدىكى قۇرۇق گەپكە ھەۋەسكار رەسمىيەتچىلەر ئۈستىدىن زەردە بىلەن كۈلىدىغان «قۇرۇپ كەتسۇن قۇرۇق گەپ» دېگەنگە ئوخشاش ساتىرىك شېئىرلىرىنى پوئېزىيىمىزنىڭ بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى قاتارىدا ھېسابلىماي بولمايدۇ. ئەپسۇسكى، ئاپتور كۆپ ۋاقىت

ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىغا ئېتىبارسىز قارايدۇ، بىر پىكىرنى ئورۇنـ
كۆپ تەكرارلايدۇ. (بۇ ھال ئۇنىڭ «تەنتەنە» دېگەن شېئىر
ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنىدۇ). ئەمما، شۇسى شۈبھىسىزكى، ئىبراھ
تۇردى ئۆزىنىڭ ئىجادىي كۈچىنى ساتىرا ساھەسىدە ئىزچىل جا
قىلسا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ ساھەسىگە خېلى ياخشى تۆھپە
قوشالايدۇ.

تۇردى ساماق، ئەرشىدىن تاتلىقلار كېيىنكى ۋاقىتلار
كۆپلەپ ئەمگەكلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئىزچىل تەقدىم قىلـ
كېلىۋاتىدۇ. ت. ساماقنىڭ ھازىرقى ئىجادىيىتى ئاساسەن پوئېز
ساھەسىدە كۆرۈنمەكتە. شۇنىڭدەك ئۇ، باشقا ژانىرلارغـ
ئىنتىلىش ئۈستىدە.. ئۇ، زامانىمىزنىڭ يېڭى تېمىلىرىغا ھازى
جاۋاب شائىر. ئۇ «دوستلۇق تەشەككۇرى»، «بەخت قۇياشىـ
دېگەن شېئىرلىرى ۋە فولكلور سۇژىتىغا ئاساسلىنىپ كوللېكتىپنى
رولى توغرىسىدا يازغان «كېڭەش» دېگەن مەسلى ۋە شۇنىڭ
ئوخشاش بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىلەن ئۆسۈۋاتقان تالانت ئىگىـ
ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. بىراق، ئۇ شېئىرنىڭ قائىدە ۋە شەكىللىرىگ
بەرگەن دىققەتنى سۆزلەرنى يىغىنچاق قوراشتۇرۇش، ئوبرازلىـ
سۆزلەر تاللاش ئۈستىدە تولۇق جارى قىلمايدۇ-دە، بەزىـ
مىسرالارنى يالغاچ سۆزلەرنىڭ تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.
لېكىن بۇ ھال ئۇنىڭ بارلىق ئىجادىيىتى ئۈچۈن بىردىنبىر
خاراكتېرلىك نۇقسان ئەمەس. ت. ساماق ھازىر ئۆز تالانتىنى
كەڭ كۆلەملىك پوئېتىك ئەسەر يېزىش سىنىقىغا سېلىۋاتىدۇ. بۇ
سىناق ئۈستىدە ئۇنىڭ بارا-بارا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر
قازىنالىشىغا ئىشەنچ بىلدۈرۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرشىدىن تاتلىق ئۆزىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى (ئىشلەپ-چىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى)نىڭ شىنجاڭ يېرىلىرىدىكى سۇ قۇرۇلۇشلىرىغا چىقارغان غەيرىتى توغرىسىدا يازغان «ئاقسۇ دەرياسى» دېگەن شېئىرى، «قۇدۇق ئىچىدىكى يىلان» دېگەن مەسىلى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە بېغىشلاپ يازغان بىرقانچە ھېكايىلىرى بىلەن مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بىراق ئۇ، ئۆز شېئىرلىرى ۋە ھېكايىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدۇ. شۇنىڭدەك ھەربىر ئەسەرنىڭ باش تەرىپىنى خېلى دۇرۇس ئىشلەپ، ئاخىرىنى بوشۇتۇۋېتىش ئۇنىڭ ئىجادىي ئىشىدىكى ئىزچىل كېلىۋاتقان نۇقسان.

پوئېزىمىزنىڭ ياش تالانتلىرىدىن بولغان رەخىم قاسىم، مەمەتجان سادىقلارنىڭ پائالىيىتىنى (ئۇلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىجادىيەت جەريانىنىڭ قىسقىلىقىغا قارىماي) ئوقۇغۇچىلار خېلى قىزغىنلىق بىلەن كۆزىتىپ بارماقتا. م. سادىقنىڭ «ئانامغا»، «سالام تېرىمىدىن!» شېئىرلىرى، يېقىندا يېزىلغان «ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقىغە» دېگەن لىرىك پوئېمىسى؛ ر. قاسىمنىڭ «سېنى كۈيلەيمەن»، «توي ياسايمىز يېشىل ئورماندا»، «سېنىڭ تويۇڭغا» دېگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم شېئىرلىرى بۇ ياش ئاپتورلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۆزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق، م. سادىق شېئىرلىرىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يېڭى-يېڭى ئوبرازلىق پىكىرلەر بىلەن قاتار سۆز قۇرۇلۇشىدىكى مۇرەككەپلىك، تەسۋىرلەردىكى (بولۇپمۇ مېتافورىدىكى) مەنتىقسىزلىق ئوخشاش يېتىشسىزلىكلەر مەۋجۇت. بۇ ھال م. سادىق شېئىرىنىڭ خەلق-

چىللىق، ئامىۋىلىق خاراكتېرىنى ئاجىزلاشتۇرماقتا. ئەكسىچ
خەلقچىللىق، ئامىۋىلىق خاراكتېر ر. قاسىم شېئىرلىرىدا بىرقەد
ياخشى گەۋدىلەنسىمۇ (ئۇ، مىسرالارنىڭ يېنىك ۋە ئاھاڭدارلى
بولۇشىغا خېلى زوق بىلەن ئىشلەيدۇ)، بىراق، ئۇنىڭدا كىشىن
ھاياجانغا سالىدىغان چوڭقۇر پوئېتىك تەپەككۇر ئىزچىل كۆرۈنمەيد،
بۇ ئىككى ئاپتور توغرۇلۇق شۇنداق بىر ئومۇمىي پىكىر ئېيتىش
مۇمكىن: ئۇلار ئۆز ئىجادىيىتىنى خېلى ئۇستۇن غەيرەت ۋە زو
بىلەن باشلىغانىدى، گەپ ئەمدى شۇنداق ئۇستۇن غەيرەت
زوقنى داۋاملاشتۇرۇشتا ۋە تېخىمۇ ئۈستۈرۈشتە قالدى.
ئايرىم ئاپتورلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئابل
نازىرى، كېۋىر نىياز، ئەيسا يۈسۈپ، ئابدۇۋەلى خەلپەت قاتارلى
بىرقەدەر پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ پائالىيىتىمۇ يېڭ
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈشتە مەلۇ
ھەسسە قوشقانلىقىنى ئېيتماي بولمايدۇ. بىراق، بۇ ئاپتورلارنىڭ
كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى پائالىيىتى جامائەتچىلىك تەلەپىدىن ناھايىت
ئارقىدا قالماقتا. ئەمدىلىكتە بۇ ئاپتورلار ئۆز ئەدەبىي پائالىيىتىن
يېڭى زوق بىلەن داۋاملاشتۇرۇشى ھەققىدىكى ئوقۇغۇچىلار تەلەپىگ
قۇلاق سالماي تۇرالمىسا كېرەك.
مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى ئەدەبىياتىمىز سېپىگە يېڭى كۈ
سۈپىتىدە قوشۇلۇۋاتقان ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي ئىشى ئوقۇغۇچ
لارنى ئالاھىدە خۇشال قىلغۇدەك قىزغىن كەيپىيات بىلەن باشلاندى
مۇنداق يېڭى كۈچلەر يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە. ھازىر ئۇلا
نەچچە ئونلاپ سانغىلا ئىگە بولۇپ قالماي، بەدىئىي ئىجادىيىتىمىزنى
سۈپىتىگىمۇ مەلۇم ئىجابىي تەسىر كۆرسەتمەكتە. يۈسۈپ ئىلياس

ئابلىمىت مەسئۇدى، ئۆمەر ئىمىن، جاپپار ئەمەت، غەنىزات غەيىيۇرانى، ئابدۇسالام توختى، ئەزىز نىياز، م. سەپىرى قاتارلىقلار ئەنە شۇ يېڭى كۆچلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇ.

شۇنى تەكرارلاش ئورۇنسىز بولماس: بۈگۈنكى يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يۇقىرىدىكى پېشقەدەم ۋە ياش ئاپتورلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ مۇندىن كېيىن مۇشۇ كۈچلەر ۋە كۈنساناپ قوشۇلغۇسى يېڭى كۈچلەرنىڭ پائالىيىتى بىلەن ئۆسۈپ بارىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ۋە غايىۋى جەھەتتىكى بارلىققا كەلتۈرگەن مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە ئايرىم ئاپتورلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە باغلىق بولغان ئۇتۇق-كەمچىلىكلىرىگە مەنسۇپ. لېكىن بىز ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز توغرىسىدا گەپ قىلىدىكەنمىز، بۇنىڭ ھېچقانداق قانائەتلىنىش كەيپىياتى بىلەن كېلىشەلمەيدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن ئومۇمىي خاراكتېرلىك بولغان يېتىشسىزلىكلىرىمىزنىڭ سالمىقى يېنىك ئەمەس. بۇ يېتىشسىزلىكنى ئالدى بىلەن، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز جامائەتچىلىكىنىڭ كۈنساناپ يۈكسىلىۋاتقان تەلىپىدىن ئارقىدا، يازغۇچى، شائىرلىرىمىز بۇ تەلەپلەرنىڭ سۈرئىتىگە ئۈلگۈرەلمەي قېلىۋاتىدۇ، دېگەن پىكىر بىلەن يەكۈنلەشكە بولىدۇ.

بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ھاياتنىڭ چەكسىز كۆرەشچان دولقۇنى يامراپ تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ باي تارىخى، كۆرەش يولى ۋە زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ھەققىدە ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ كۆڭلى قانائەت تاپقۇدەك بەدىئىي

ئوبرازلارغا بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز تېخى ناھايىتى كەمبەغەل. بىزنىڭ جامائەتچىلىكىمىز ئۆزىنىڭ ئەتىكى ئىستىقبالى توغرىسىدىكى ئوبرازلارنى كۆرۈشكە، ئۇ ئارقىلىق ئۆزىگە يېڭى غەيرەت، يېڭى ئارزۇلار سىڭدۈرۈشكە قىزىقىدۇ. لېكىن بۇ ئارزۇلار ئالدىدا بىزنىڭ قەلەملىرىمىز قاشاڭلىق قىلماقتا.

يازغۇچىلىرىمىز ئۆزى ياشاپ تۇرغان ھايات قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكمىگەچكە، ھادىسىلەرنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلمىغاچقا، شۇنىڭدەك "ئىنسانشۇناسلىق" بولغان ئەدەبىياتنىڭ ھايات بىلەن مۇناسىۋىتىنى تولۇق جارى قىلالمىغاچقا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھايات قارىمۇ-قارشىلىقلىرىنى ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا تەتقىق قىلىشقا ۋە بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقاچقا، يۈكسەك غايىۋى، بەدىئىيلىككە ئىگە ئەسەرلەرگە بولغان تەشنالىق قاندۇرۇلمايۋاتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىكى بولۇپمۇ زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى، يېڭى-يېڭى ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ كۈرەش پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان ئەسەرلەردىكى قېلىپبازلىق ۋە ئابستراكت تەسەۋۋۇرنىڭ كەڭ دەرىجىدە مەۋجۇتلۇقى بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرغان ئەڭ مۇھىم كەمچىلىكىمىز بولۇپ قالماقتا. مۇنداق ئەسەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلار جانلىق ھايات پاكىتلىرى ئاساسىدىكى كونكرېت ۋەقە، كونكرېت خاراكتېرلاردىن ئومۇملاشقان نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى ئالدىن ئومۇملاشتۇرۇلغان فورمۇلىلارنىڭ، سخېمىلارنىڭ بىرقەدەر ئەدىبىي شەكىلگە كىرگەن ئابستراكت تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت. مۇشۇنداق ئەسەرلەر ئاپتورلىرىنىڭ ئىجادىي جەريانىمۇ شۇنى ئىسپاتلىماقتا. مەن مۇنداق بىر ئەھۋالنى

مسالغا كەلتۈرەلەيمەن: يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتسىز ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى شۇ ئەسىرىنى ئىشلەشكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە دائىر ماقالە، دوكلاتلاردا ئومۇملاشتۇرۇلغان (خۇلاسە قىلىنغان) ئەھۋاللار (ئوچۇق ئىپتىقاندا، ئايرىم ئوتتۇرا دېھقانلار كوپېراتىپقا كىرىشكە ئۇنىماي، كېيىن كوپېراتىپنىڭ مول ھوسۇل ئالغانلىقىنى كۆرۈپ پۇشايمان قىلغانلىقى، ئاخىرى ئۇنىڭغا قىزىقىپ قوشۇلغانلىقى، بۇ جەرياندا ئايرىم بۇزغۇنچى باي دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيىلىشىشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئاخىرى پاش بولغانلىقى، بۇ ئىشتا ياشلارنىڭ يەككە دېھقان ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيە ئىگىلىكىگە ئايلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقى ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى باياناتلار) ئاساسىدا سۇژېت تۈزۈپ، ئالدىنئالا پېرسوناژلارنى تىزىملاپ، خاراكتېرلەرنى بەلگىلەپ قويۇشۇپ، بەزىلىرى شۇنىڭ بىلەنلا ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەن، بەزىلەر سۇژېت، پېرسوناژ ۋە خاراكتېرلەرنى بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن يېزىلارغا چىقىپ ئۆزىنىڭ سخېمىلىرىغا لايىق تاپقانلىرىنى ئىزدەپ خاتىرىلىگەن (لېكىن بۇ خاتىرىلەش جەريانىمۇ تولاراق كوپېراتىپنىڭ دوكلاتلىرى ۋە مەجلىسلىرى ۋە ئايرىم سۆھبەتلىشىشلەر ئۈستىدە بولۇپ، ھەرىكەتنىڭ جانلىق جەريانىدىكى ئۆزى قاتناشقان ۋە ئۆزى كۆرگەن نەرسىلەر ئەمەس) ۋە شۇ ئاساستا ئۆز ئەسىرىنى يېزىپ چىقىشقان. ھاياتنى مۇنداق ئۆگىنىش، مۇنداق تەتقىق قىلىش ۋە مۇنداق يېزىش ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىكى قېلىپبازلىق ۋە ئابستراكت تەسەۋۋۇرنىڭ ئاساسىي سەۋەبىدۇر. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدا يېزىلغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بىر-

بىرىگە ئوخشاپ كېتىشىنىڭ (سۇژېت ۋە خاراكتېرلەر جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلارنىڭ) سەۋەبىنى شۇ يەردىن ئىزدەش كېرەك (پەيتى كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزىلەر بۇ ئوخشاشلىقنى بۇ ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى بىر مەسىلە ئۈستىدىلا يازغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرمەكچى. لېكىن ئاساسىي مەسىلە، شۇ ھايات توغرىسىدىكى ئابستىراكت تونۇشقىلا يۆلەنگەنلىكتە، تۇرمۇشنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئۆگەنمەسلىكتە). ھەتتا بىر ئاپتور تەرىپىدىن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە يېزىلغان بىرقانچە ھېكايىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىشىمۇ شۇنىڭدىن. مەسىلەن، بۇ ھەقتە خېلى جىق ئەمگەكلەرنى ياراتقان ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «پۇشايمان»، «قەست»، «سادىق باپكا» دېگەنگە ئوخشاش ھېكايىلىرىدىكى ئوخشاشلىقنى كۆزدىن كەچۈرسەك، ئاپتورنىڭ شۇ تۇرمۇشقا بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچ ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بىزنىڭ پوئېزىيىمىزدە تېخىمۇ ئېغىر. يېقىنقى ۋاقىتلاردا مەتبۇئاتتا چىققان ئونلىغان شېئىر، تېخى بېسىلماي تۇرغان يۈزلىگەن شېئىرنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئېتىزدا ئىشلەپ تۇرغان بىر قىز بىلەن سۇ تۇتۇپ ياكى باشقا بىر ئىش بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغان يىگىتنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭلىششى، بىر-بىرىگە ئىش-لەپچىقىرىش نەمۇنىچىسى بولۇش توغرىسىدا شەرت قويۇشى ياكى ۋەدە بېرىشى، يا بولمىسا شۇنداق شەرت ھەم ۋەدىلەر بىلەن توشقان خەت ئالماشتۇرۇشلاردىن ئىبارەت. بۇ ھال باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا يېزىلغان شېئىرلاردىمۇ كۆرۈنىدۇ. يېقىندىن بېرى چېگرىدا ۋەتەن قوغداش خىزمىتىنى شەرەپ بىلەن ئىجرا قىلىۋاتقان جەڭچى-لەرنىڭ ئۆز خىزمىتىگە بولغان ئىشتىياقىنى، ۋەتەنگە بولغان مۇھەب-بىتىنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىرلاردىن بىرقانچىسى بېسىلدى (رېداك-

سىيە ئورۇنلىرىدا مۇنداق شېئىرلاردىن نەچچە ئونلاپ بېسىلماي ياتقانلىرىمۇ بار). بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر پىكىردىن — جەڭچىنىڭ ئۆز سۆيگۈسىگە: مەن چېگرىدا سېنى ئەسلەيمەن، چېگرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ساقلاشقا تەييارمەن. سەنمۇ ئۆز ئىشىڭدا ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆپلەپ ھەسسە قوشقىن! دېگەن مەزمۇندىكى خەتتىنلا ئىبارەت. ئەمما گەپ بۇ خەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىشىدىلا ئەمەس، بەلكى چېگرا مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ئوبرازى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تۇيغۇ ـ ھېسسىياتلىرىنىڭ ئېچىلماسلىقىدا، شائىر پىكرىنىڭ ئابستراكتلىقىدا. قىسقىسى، بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ھاياتنىڭ جانلىق پاكىتلىرىغا كەمبەغەل، ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان قەھرىمانلار بىلەن چوڭقۇر تونۇش ئەمەس. تۇلاراق ئۇلارنىڭ ئاجايىپ جانلىق سەرگۈزەشتىلىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى ھەققىدە ئومۇملاشقان چۈشەنچىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خىلمۇخىل جانلىق ئوبرازلارغا بولغان تەلەپ قاندۇرۇلمايۋاتىدۇ.

بىزنىڭ تىپ يارىتىشتىكى ئاجىزلىقلىرىمىز مۇشۇ قېلىپبازلىق ۋە ئابستراكت تەسەۋۋۇر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەن، بۇ يەردە ئاپتورلىرىمىز تىپ دەپ ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى ئۈستىدە شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرىمىزدە پېرسوناژلارنىڭ، جۈملىدىن مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ شەخسىي خاراكتېرى بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس. دۇرۇس، بەزىدە ئۇلارنىڭ شەخسىي مىجەز ـ خاراكتېرى توغرىسىدا ئاپتورلار تەرىپىدىن بىر قاتار باياناتلار بېرىلىدۇ، لېكىن بۇ خاراكتېر پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى جەريانىدا

ئېچىلمايدۇ. شۇنداق ھېكايىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ ئايرىم- ئايرىم كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، قېرى ياكى ياشلىقىنى، ئەر ياكى ئاياللىقىنى دېھقان ياكى كادىرلىقىنى ئاپتور ياكى بىرەر پېرسو- ناژ ئېيتىپ بەرمىسە، ھەممىسىلا دېگۈدەك بىر ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئوقۇغۇچى كۆپلىگەن ھېكايىلەر- دىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىر- بىرىگە ئالماشتۇرۇۋېلىپ، ھېكايىنىڭ نېمىنى ھەل قىلماقچى بولغانلىقىنىمۇ ياخشى چۈشىنەلمەي قالىدۇ.

ھاياتنى يۈزە ئۆگىنىش بەدىئىي ئەسەرنىڭ قارىمۇقارشىلىقلارنى جانلىق ۋە چوڭقۇر گەۋدىلەندۈرۈش تەلىپى بىلەن ماسلاشمايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىجابىي قەھرىمان ئوبرازىنىڭ خۇنۇكلىشىشىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. مەلۇمكى، ئىجابىي قەھرىماننىڭ ئوبرازى كۈچلۈك ھاياتىي زىددىيەتلەر ئىچىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ قارىمۇ- قارشىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ، مۇشەققەت چېكىدۇ. ئۇنىڭ پەقەت ياخشى نىيەتتە بولغانلىقى، دۇرۇس پىكىر ئېيتقانلىقى بىلەنلا ئىش ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەقسىتى ئۇنىڭ شۇ توغرا پىكرى قانداق شارائىتتا بارلىققا كېلىپ، قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىشتۇر. كۆپلىگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلار ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ كۈرەش پائالىيىتىنى ناھايىتى ئوڭاي يول بىلەن ھەل قىلىپ قويماقتا. بۇنداق ئەسەرلەردە ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغان سەلبىي كۈچلەر باشتىن ئاخىر ئاجىز، ئۆلەمەن قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاپتور ھە دېگەندىلا ئىجابىي قەھرىماننى ماختاپ، سەلبىي قەھرىماننى ھاقارەتلەپ چۈشۈشى بىلەن تەڭ ئوقۇ- غۇچى ئۇلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئاپتور نېمە دېمەكچى بولغىنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالدىنئالا بىلىۋالدۇ. ئەپسۇسكى، ئەسەر بۇ تەقدىرنىڭ قانداق
ھەل بولغىنىنى كونكرېت جەريانلاردا كۆرسەتمەيدۇ. مۇنداق
ئەسەرلەردە ئاپتور ئىجابىي قەھرىمانغا ئاللىقاچان ئوڭۇشلۇق يول
تېپىپ، ئۇنىڭ غەلىبىسىنى بەلگىلەپ قويغان بولىدۇ-دە، ئوقۇغۇچىدا
يېڭى بىر تۇيغۇ پەيدا قىلالمايدۇ. ئىجابىي قەھرىمانلار ئوبرازىدىكى
مۇنداق ئاجىزلىقلارنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەسەرلەردىن بولغان ت.
ئالماسنىڭ «قىزىل بايراق»، ز. قادىرنىڭ «توي» دېگەن ئەسەرلىرىدىمۇ
كۆرۈش مۇمكىن. تەجرىبىلىك يازغۇچىلاردىن ز. قادىرنىڭ «چېنى-
قىش»ىدا مەتنىيازنىڭ خاراكتېرى خېلى دۇرۇس گەۋدىلەنگەن بول-
سىمۇ، لېكىن ھېكايىدە دراماتىك جەريان خېلى يېتىشسىز. مەتنى-
يازنىڭ ئىشچان ئادەم بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇشى، ئۇنى قاتارغا
قوشۇش يولىدىكى باشقا ئىجابىي كۈچلەرنىڭ پائالىيىتىدىكى مۇۋەپ-
پەقىيەتلەر، ئەمەلىيەتتە ئاددىي نەتىجە ئەمەس. لېكىن، بۇ نەتىجە-
لەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى ھەرىكەت جەريانى چولتا. بۇ يەردە
ئاپتورنىڭ ھەرىكەت جەريانى ھەققىدىكى باياناتى مەسىلىنى چوڭقۇر
ھەل قىلىشتا ئاجىزلىق قىلدى. ت. ئالماس ئۆزىنىڭ «قىزىل بايراق»
ھېكايىسىدىكى ئىجابىي قەھرىمان سىيىت ۋە لەيلىلەرنىڭ ئوبرازىنى
يارىتىشتا ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ھېزىمنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا
مۇناسىۋەتلىك ئېپىزوتلارنى خېلى جانلىق گەۋدىلەندۈردى. بولۇپمۇ
ھېزىمنىڭ بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىگە قارىتا قىلغان بۇزغۇنچىلىق-
لىرى ۋە ئۇنىڭ يېڭىلىش جەريانى ئوقۇغۇچىنى خېلى قانائەتلەندۈ-
رىدۇ. بىراق، بۇ سەلبىيلىكنىڭ يېڭىلىشىدىكى يەنە بىر تەرەپ
بولغان ھېزىمنىڭ كوپىراتسىيە قۇرۇلۇشىغا بولغان قارشىلىقىنى
شەكىللەندۈرگەن باشقا ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ئاپتور بەك يۈزە ھەل

قىلدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئاپتور ئۆز ئالدىغا قويغان مۇھىم مەسىلە ئىدى، ئۇچۇق ئېيتقاندا ئاپتور مۇھەببەت توقۇنۇشىنى بىرقەدەر جانلىق ھەل قىلدى، يەككە ئىگىلىك بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى توقۇنۇشلار تەقدىرىنى چوڭقۇر ۋە جانلىق ھەل قىلالمىدى.

قارىمۇقارشىلىقلارغا يانداشماي ئۆتۈش ياكى ئۇلارنى يېتەرلىك گەۋدىلەندۈرمەسلىك نەتىجىسىدە ئىجابىي ئادەملەر ئوبرازىنىڭ مەيدانغا چىقماسلىقى ياكى ناچار چىقىشى، شۇنداقلا مەغلۇبىيىتى مۇقەررەر بولغان سەلبىي كۈچلەرنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنى بوشاشتۇرۇش ۋە يۇزە ھەل قىلىش ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئۈلگە بولغۇچى ئىجابىي قەھرىماننىڭ قىممىتىنى بوشاشتۇرىدۇ ياكى يوققا چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ ئىجابىي كۈچلەرنىڭ پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ رولىنىمۇ خۇنۇكلەشتۈرىدۇ.

ئىجابىي قەھرىمان توغرىسىدا بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆز ئارا مۇزاكىرىلىرىدە خېلى ياخشى تونۇشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىراق بۇنىڭ ئىچىدە ئىجابىي قەھرىماننىڭ كەمچىلىكىنى يېزىش كېرەكمۇ؟ دېگەن سوئالنىڭ ئۆزىدە غەلىتىلىك بار. بۇ يەردە شۇ نەرسىنى كېلىشىۋالايلۇق: يازغۇچى ئىجابىي قەھرىماننى ئىجابىي خۇسۇسىيەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن يارىتىدۇ. مەقسەت شۇنداق ئىكەن، دېمەك، ئىجابىي قەھرىماننىڭ ئۇتۇقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئۇنىڭ ئىجابىي خۇسۇسىيىتىنى ئېچىشقا خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك، ئەمەلىيەتتە كەمچىلىكسىز ئادەم بولمايدۇ. شۇنداقلا بىز يازماقچى بولغان ئىجابىي قەھرىمانمۇ شۇ ئەمەلىيەت ئىچىدىن تاللانغان بولىدۇ. ئۇنىڭمۇ كەمچىلىك ئۆتكۈزۈشى

تەبىئىي. ئەگەر شۇنداق كەمچىلىكلەر ئىجابىي قەھرىماننىڭ ئىجابىي خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن، يەنى ئۇنىڭغا ساۋاق بولىدىكەن (چۈنكى ياخشى ئادەم ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ھېس قىلىپ، ئۇنى تەكرارلىماسلىقا ھەرىكەت قىلىدىغۇ!)، ئۇ توغرۇلۇق ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت يوق، بۇ ئەلۋەتتە يېزىلىشقا تېگىشلىك. ئەپسۇسكى، بەزىلەر ئۆز ئىجابىي قەھرىمانىغا بەرگەن ئىجابىي خۇسۇسىيەتتىن كۈچلۈك بولغان كەمچىلىكنى چاپلايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىجابىيلىقىنى يوققا چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئىجابىي قەھرىماننىڭ كەمچىلىكىنى قانداق ئىپادىلەش توغرىسىدا ئاتاقلىق سوۋېت شائىرى سەمەت ۋۇرغۇننىڭ سوۋېت يازغۇچىلار ئىتتىپاقى ئىككىنچى سېيىزىدا سوۋېت پوئېزىيىسى توغرىسىدا قىلغان دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكرى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە. سەمەت ۋۇرغۇن بۇ دوكلاتىدا نىزامىنىڭ «خۇسراۋ ۋە شېرىن» داستانىنى مىسالغا كەلتۈردى. ھەقىقىي ساپ مۇھەببەت ئۈچۈن تاغلارنى تالقان قىلىپ، چەكسىز باتۇرلۇق كۆرسەتكەن پەرھاد يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ ئۆزىنى ئۆلتۈردى. بۇ ئالدىنىشى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. "لېكىن، — دەيدۇ سەمەت ۋۇرغۇن، — ئۇنىڭ بۇ كەمچىلىكىدە پەرھاد خاراكتېرىنىڭ ئىجابىي خۇسۇسىيىتى بار. پەرھاد ساپ ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ بۇنچىلىك نومۇسسىز يالغانچىلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ ھەم ئۇنى كۆز ئالدىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. پەرھادنىڭ كىشىلەرگە ئىشىنىپ كېتىش خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ساپلىقى ۋە ھەم بەر قارارلىقىدىندۇر". بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا نىزامى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلىسەك، سەمەت

ۋۇرغۇنىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئاشۇ مىسال ئارقىلىق سەمەت ۋۇرغۇن شۇنداق دېمەكچىكى، "ئىجابىي قەھرىمان خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈك ھەم ئاجىز تەرەپلىرى ئۇنىڭ ئىجابىي بارلىقلىرىنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرىدە جاراڭلىشى لازىم".

ئەدەبىي ئىجادىيەت مېتودى بىلەن ئەسلا سىغىشالمايدىغان ناتۇرالىستلىق كېسىلى ھازىرقى كۈندە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە خېلى چوڭ پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتماقتا. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىچكى مۇناسىۋەتسىز بولغان ۋە بەلكىم مەلۇم ئىجتىمائىي ماھىيەتنى خاتا چۈشەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىدىغان ھالەتلەرنى تەسۋىرلەش بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان بىزدىكى ناتۇرالىستلىق كېسىلى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ھاياتنى چوڭقۇر تەتقىق قىلماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك (چۈنكى ناتۇرالىزمنىڭ مۇھىم خاراكتېرى ھاياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنى بىلەن ھېسابلاشماسلىقتا كۆرۈنىدۇ). مەلۇمكى، يازغۇچى ھايات ھادىسىلىرىنى خاتىرىلىگۈچى ياكى كۆچۈرگۈچى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئىچكى مۇناسىۋەتلىكلىرىنى تەھلىلىي كۆز بىلەن قاراپ، تاللاپ، بەدىئىي ئەدەبىيات شەكلىدە ئومۇملاشتۇرغۇچىدۇر. ئەپسۇسكى، بىز بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىمىزدە مۇۋاپىق جارى قىلىپ كېتەلمەيۋاتىمىز. ناتۇرالىستلىق كېسىلى مېنىڭ «بىر تويىنىڭ تارىخى» ناملىق بىرىنچى ھېكايەمنىڭ قىسمىتىگە خېلى چوڭ دەخلى بەرگەنلىكى مېنى قاتتىق ئۆكۈندۈردى.

بىزنىڭ ئارىمىزدا ھازىرقى پوئېزىيىمىزنىڭ بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە قانداقتۇر بىر مەغرۇرلىنىش خاھىشى بار. بۇ مەغ-

رۇرلۇق بۇرۇن قانچىلىك ئۇرۇنسىز بولسا، پوئېزىيىمىزنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى نەتىجىلىرىگە قارىتا ئېيتقىنىمۇ ئۇرۇنسىزدۇر. دۇرۇس، بىزنىڭ زامانىۋى پوئېزىيىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى پروزا، دراماتۇرگىيە ساھەمىزگە قارىغاندا بىرقەدەر ئۇستۇن. بۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پوئېزىيىمىزدىكى ئىجادىي مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولمىغىنىنى ئەسلەش قىيىن. بەزىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ "ھەممىسى دېگۈدەك پروزىغا بېرىلىپ كەتتى" دەپمۇ چۈشەندۈرمەكتە. بۇ پىكىردە چوڭ ئاساس يوق. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، پوئېزىيىمىز جانلىق ھاياتتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. بىردە ھېلىمۇ شېئىرلار كۆپ يېزىلىۋاتىدۇ. بىراق، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى ئىلگىرىكى شېئىرلاردا تەكرارلانغان پىكىرلەرنىڭ باشقىچىرەك شەكىلدىكى ئىككىنچى ۋارىيانتى دېيىش مۇمكىن. بىزدە پوئېزىيىنىڭ ھاياتقا بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتا تونۇش يېتەرلىك ئەمەس. بەزىلەردە تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئۆگىنىش پەقەت ھېكايە، دراما يېزىش ئۈچۈن مۇھىم، پوئېزىيە ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس، چۈنكى پوئېزىيە يازغۇچىنىڭ سۆزگە ئۇستىلىقى، پىكىر بايلىقىغا مۇناسىۋەتلىك دېگەنگە ئوخشاش بىر تۇرلۇك خاتا، مۇجمەل تونۇشلارمۇ بار. بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى مەن شېئىر يېزىشقا ھەۋەسكار ياشلارنىڭ ئاغزىدىن نۇرغۇن ئاڭلىدىم. شائىرنىڭ پىكىر بايلىقى، سۆزگە ئۇستىلىقى تۇرمۇشتىن ئايرىم نەرسە بولماستىن، بەلكى تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. شېئىر يېزىش شېئىرىي قائىدىلەرنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. شېئىرىي قائىدىلەرنى بىلىش شائىرلىقنىڭ ئايرىلماس خۇسۇسىيىتى، ئەمما ئاساسىي گەپ شېئىرىي تەپەككۇر يۇرگۈزۈشتە،

ھەقىقىي شېئىر شەكىلدىن ئەمەس، مەزمۇندىن باشلىنىدۇ. دېمەك، شائىر ھاياتتىن ئالغان جانلىق ماتېرىياللىرىغا ۋە ئۇنىڭدىن چىقارغان خۇلاسىلىرىغا ئاساسەن پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنى شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ھەربىر ژانىرى ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغىنىدەك، ھەربىر ژانىر ئۈچۈن تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىمۇ ئوخشىماسلىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ھەممە ژانىر ئۈچۈن تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئورتاق تەلەپتۇر ئەگەر پوئېزىيە ئۈچۈن تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش باشقا ژانىرلارغا ئوخشاش مۇھىم بولمىسا، ئۇ چاغدا پوئېزىيىمىزنىڭ قېلىپبازلىق ۋە ئابستراكت تەسەۋۋۇردىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىنى ئەيىبلەش ئورۇنسىزلا ئەمەس، بەلكى خاتا بولار ئىدى. قىسقىسى ھاياتتىن ئاجرالغان پوئېزىيە يوق. بۇ مۇتلەق ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يەنە قانداق ئىزاھات لازىم؟ ئەگەر لازىم بولسا ماياكوۋسكىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەش كۇپايە: "شائىر ھاياتنىڭ مەركىزىدە ياشاش كېرەك!"

ھازىر پوئېزىيىمىز توغرىسىدا گەپ قىلغاندا كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شائىرلىرىمىزغا قارىتا ھەققانىي يوسۇندا "قانائەتلەنمەيۋاتىمىز" دېگەن سۆزلىرىنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلايمىز. بىرقەدەر تەجرىبىسى بار دەپ تونۇلغان شائىرلىرىمىز كېيىنكى ۋاقىتلاردا يامان يېزىشىۋاتىدۇ (مەنمۇ ئۆزەمنى شۇنىڭ ئىچىدە دەپ ھېسابلايمەن، ئەلۋەتتە). ت. ئالماسنىڭ يېقىنقى بەزى شېئىرلىرىنى مىسرالارغا تىزىلىشىنى كۆرۈپلا "شېئىر ئوخشايدۇ" دېمىسە، كىشى ئۇنىڭدىن ھېچبىر پوئېتىك لەززەت ئالالمايدۇ. (مەن بۇ يەردە ت. ئالماسنىڭ ئاكتۇئاللىقى بار، لېكىن تولىمۇ يالىڭاچ، قائىدىسىز مىسرالار بىلەن تولغان «بىرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مایاك» دېگەن شېئىرىنى ئالاھىدە كۆزدە تۇتىمەن). ئەلقەم ئەختەمنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىنىڭ كۆپىدە بۇرۇنقى پىكىرلىرىنى تەكرارلاۋاتقانلىقى توغرىسىدىمۇ ئەپسۇسلانماي تۇرالمايدۇ كىشى. بۇنداق گەپلەرنى پېشقەدەم شائىرلارنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا ئېيتىش مۇمكىن، تەجرىبىلىك شائىرلىرىمىز ئۆز ئىجادىي ئىشىغا بولغان تەلەپچانلىقىنى بۇ قەدەر بوشىتىۋېتىشى بەك ئېچىنىشلىق. بۇ ئەھۋال پوئېزىيە ساھەسىدە يېڭىدىن ئىجادىيەتكە تۇتۇش قىلىۋاتقانلارغىمۇ ياخشى تەسىر بەرمەسلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. ئەھۋال شۇنداق بولغاندىكىن پوئېزىيە ئىجادىيىتى ھەققىدە پاسسىپ قاراشلار كۆچىيىدۇ (مەن بۇ يەردە شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلغۇچى ئايرىم ياشلارنىڭ ئىككى قاپىيە تېپىلسىلا بىر كۇپلېت شېئىر يازغىلى بولىدىكەن دېگەن تونۇشلىرىنى ئەسلىگىم كېلىدۇ. لېكىن ئۇلار ھەققىدە كۆلۈشنىڭ ھاجىتى يوق). پوئېزىيىمىز (ئۇنىڭ ۋەكىللىرى) ئۆزىگە قارىتا كۈچىيىۋاتقان جامائەتچىلىك تەلىپىگە قۇلاق سالماي تۇرالمىسا كېرەك.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېتىشىسىزلىكلىرى توغرىسىدا گەپ قىلغىنىمىزدا، بىزدە باللار ئەدەبىياتىنىڭ رەسمىي قولغا ئېلىنمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈش تېخىمۇ كۆڭۈلسىز. بۇ ساھەدە تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن، كېۋىر نىيازلارنىڭ بىر-ئىككى شېئىرىدىن باشقا نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرۈش قېيىن (لېكىن بۇ بار بولغان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمىغىنى ئۈچۈن باللارمۇ قانائەتلىنىپ كەتكىنى يوق). باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش كىتابلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە بۇ ئەھۋال كىشىنى تېخىمۇ دىققەتكە سالىدۇ. كېلەچەك دەۋرىمىزنىڭ ئىگىلىرى بولغان باللىرىمىز ئۈچۈن مۇۋاپىق ئەسەرلەر يارىتىش بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەركى-

بىدىن ئىزچىل ئورۇن ئالالماي كېلىۋاتقىنىنى ھېچقانداق سەۋەب
بىلەن ئاقلاش مۇمكىن ئەمەس. يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ كۆز ئال-
دىمىزدىكى بۇ جىددىي تەلەپكە ئېتىبارسىزلىقىنى تۈگىتىش ۋاقتى
كەلمىدىمىكىن؟

ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېمىسى ھاياتنىڭ ھەممە تارماقلىرىنى قامداپ
كېتىشتىن تېخى يىراقتا، ھاياتىمىزنىڭ ناھايىتى مۇھىم ساھەسى ۋە
كۆز ئالدىمىزدا چوڭ ئېتىبار بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان سانا-
ئەت قۇرۇلۇشى سېپىدىكى ئىشچىلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا ئەدە-
بىياتىمىز تېخى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىجادىي مەھسۇلاتقا ئىگە ئەمەس.
ئازادلىقتىن كېيىنكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئۆزگە-
رىشلىرى ئىچىدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىپ، ئاجايىپ
تېز سۈرئەتلەر بىلەن ئۆسۈشى ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە
ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. لېكىن بىزنىڭ ئەدەبىيات سېپىمىز بۇ
ساھە بويىچە رەسمىي پائالىيەت باشلىيالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى نېمە
دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ — بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز سېپە-
نىڭ كىملەرنى ۋە نېمىلەرنى يېزىش توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ
تولۇق ئەمەسلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش توغرا
كېلىدىكى، بىزدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى كۆز ئالدىمىزدىكى ئاكتۇئال
ۋەزىپىلەرگە ماسلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەلەپنى تولۇق چۈشەنمەس-
لىك مەۋجۇت. ئەنە شۇنىڭ ئارقىسىدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېما بايلى-
قىنى ئۆستۈرۈش دېگەندەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ.
ئاكتۇئال ۋەزىپىلەرگە خىزمەت قىلىش تېما بايلىقىنى ئۆستۈرۈش
بىلەن قارىمۇقارشى نەرسە ئەمەس، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئاكتۇئال

تېمىلاردا يېزىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ مۇھىملىقىدا شۈبھە يوق. لېكىن بۇ، ئەدەبىياتقا قويۇلغان بىردىنبىر تەلەپ بولالمايدۇ. تېما تاللاشنى ئاپتورنىڭ ئۆز ئىختىيارى بەلگىلەيدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ۋە زىيالىيلاردىن ئىبارەت ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشانىغا ئۇيغۇنلىشىدىغان مەيلى ھازىرقى زامانغا تېمىدا بولسۇن، تارىخىي تېمىدا بولسۇن، خالىغان تېمىدا يېزىش مۇمكىن. لېكىن بىزدە تېما تاللاش توغرىسىدىكى تونۇش چوڭقۇر بولمىغاچقا ئاكتۇئال تېمىدىلا يېزىشنى ۋە ئاكتۇئال ۋەزىپىلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ۋە مەركەزلىك ۋەزىپىلەرگە باغلىق بولغان تېمىلاردىلا يېزىشنى قۇۋۋەتلەش، جەمئىيىتىمىزدە چوڭ دولقۇن كۆتۈرۈلمىگەن ئىشلاردىن تېما تاللاشقا رىغبەتلەندۈرمەسلىك خاھىشلىرى مەلۇم دەرىجىدە رول ئويناپ قالغانلىقىنى ئېيتماي بولمايدۇ، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەدەبىياتنىڭ تەشۋىقى رولىنى ئىنكار قىلىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ناتوغرا تونۇشلار بولغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خاتا تونۇشلىرى ئۇلاراق تېما تاللاش ئۈستىدە مەيدانغا چىققان. مۇنداق تونۇشلارنىڭ قالدۇقلىرىنى ھازىر يوق دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇ خاتا تونۇش بىزنىڭ ئىجادىي ئىشىمىزغا سەلبىي تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭدەك تېما تاللاشتا كۆز ئالدىمىزدا قوزغالغان بىرەر ھەرىكەتنىلا ئاساس قىلىپ، باشقا تېمىلارنى جارى قىلىشقا يول قويماسلىقنى قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى بىز قولىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

بىز ئەدەبىياتىمىزدا ژانىر ۋە شەكىللەرنى تېخى كەڭ دەرىجىدە جارى قىلىپ كېتەلمەيۋاتىمىز. ئۆزىمىزنىڭ مىللىي شەكىللىرىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى

ياخشى شەكىللەرنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بىراق، بىزنىڭ كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىرلىرىمىز (بولۇپمۇ ياش شائىرلىرىمىز ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى)دا ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولغان ئىنتىلىش بەك ئاجىز. ئۇلارنىڭ ئۆز فولكلورى بىلەن تونۇشلۇقى ناھايىتى تۆۋەن. كلاسسىك يازما ئەدەبىيات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەك يۈزە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىي شەكىل ئۆزىنىڭ تولۇق ئىپادىسىنى تاپالمايدۇ. ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتلىك بولغان مىللىي بايلىقلارنى ئۆگىنىشنى جىددىي ۋەزىپىلەرنىڭ بىرسى دەپ قاراش كېرەك. شۇنىڭدەك ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا بولمىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى شەكىل بايلىقلىرىنى، چوڭ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ماھارىتىنى ئۆگىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بىزدە تېخى رەسمىي قولغا ئېلىنمايۋاتقان ساتىرىك ئەسەرلەر، مەسەللەر، ئۆچېركلار يېزىش، دراماتۇرگىيىنى چوڭ كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى جامائەتچىلىكىمىز تەلىپىگە قۇلاق سېلىپ، ئەمەلىي پائالىيەت باشلاش ۋاقتى يەتتى.

ئەدەبىيات تەنقىدىنى قانات يايدۇرۇش بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مەنپەئىتىگە باغلىق بولغان جىددىي ۋەزىپىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەدەبىي تەنقىد بىخ ئۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ئەدەبىياتىمىز زامانىمىز تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقىنىدەك، ئەدەبىيات تەنقىدى بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەلىپى بىلەن ماسلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېتەلىگىنى يوق. ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان مەسىلىلەر ھەققىدە ئەدەبىيات تەنقىدىمىز تېخى ئاكتىپ كۈچ چىقارغىنى يوق، نۇرغۇن تەنقىدلەر ئوبيېكت قىلىغان ئەسەرلەردىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن كۆرە، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئومۇمىي قائىدە-پرىنسىپلار ئۈستىدە ئومۇملاشقان پىكىرلەرنى شەرھلەش بىلەن چەكلەنمەكتە. ئوچۇق ئېيتقاندا، مۇنداق تەنقىدلەر ئاپتورى تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىك ئەسەرلەرنىڭ ئۆتۈق-كەمچىلىكلىرىدىكى مەۋجۇت ۋە مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەي، ئۆزلىرى بىلگەن ئەدەبىيات قائىدىلىرىغا ئورۇنلۇق ۋە ئورۇنسىز مىسال قىدىرىش بىلەن ئاۋارە بولماقتا. بۇ ئەدەبىيات تەنقىدىدىكى ئەمەلىيەتتىن ئاجراپ قېلىش ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشماسلىقتۇر. ئەدەبىيات تەنقىدىگە ئەدەبىي قائىدىلار مۇقىملاشقان قېلىپ ئەمەس، ھەممە ئەسەردىن ئەدەبىي قائىدىلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن توغرا ۋە ناتوغرا مىساللارنى تەلەپ قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىي تەنقىدكە ئەسەرنىڭ ئۆز گەۋدىسىدىكى ئەمەلىي ئەھۋال ئوبيېكت بولىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات تەنقىدىمىز مەزمۇنغا بېيىپ بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدا ئايرىم ئەسەرلەر ئۈستىدىلا ئەمەس، ئايرىم تېمىلار ھەققىدە، ئايرىم مەسىلىلەر ھەققىدە، ئايرىم ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە، مەلۇم ۋاقىت ئىچىدىكى ئىجادىيەت ھەققىدە ۋە باشقىلار ھەققىدە يېزىلىشى كېرەك. ئەدەبىيات تەنقىدىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەجرىبىلىك يازغۇچىلارنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرى ھەققىدە باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىدىغان خاراكتېردىكى ماقالىلەر يېزىشنى يولغا قويۇش ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر ئامىلى بولغان سىيا-
سىي ۋە نەزەرىيىۋى ئۆگىنىشنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىشكە زادى ھەققىمىز
يوق. بىزنىڭ ئارىمىزدا سىياسىي، نەزەرىيىۋى ئۆگىنىشكە قىزىقىش
ھېلىمۇ تۆۋەن، بۇ ھال ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزنىڭ
ئىدىيىۋى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولۇپ كەلدى ۋە كەل-
مەكتە. ماركسىزم-لېنىنىزمنى، پارتىيىمىزنىڭ سىياسەت ۋە يولىيو-
رۇقلىرىنى، ئېقىم مەسىلىلىرىنى ئىزچىل ئۆگىنىشنى تەمىنلەش ئۈچۈن
يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن ئۆگىنىشىنى قۇۋۋەتلەپلا
قالماستىن، مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە سىستېمىلىق ئۆگىنىشنى تەشكى-
لىي جەھەتتىنمۇ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. شۇنىڭدەك ياز-
غۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ كەسپىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش
ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلىش لازىم.

بىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورگانلار
ئۆز خىزمەتلىرىنى ئىجادىي ئىشلار بىلەن چوڭقۇر شۇغۇللىنىش دەرى-
جىسىگە كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى تەلەپنى قاندۇرۇشنىڭ خېلى كەڭ
ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بىراق، بۇ ئىمكانىيەتلەر تولۇق جارى قىلىن-
مايۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەدەبىي نەشرىيات خىزمىتىنىڭ كۆلىمىنى ۋە
سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بۇ — ئىجادىي ئىشلارنىڭ مەن-
پەئەتى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بىز سوتسىيالىستىك كۈرەش دولقۇنىدا ياشاپ تۇرۇۋاتىمىز. ئۇلۇغ
زامانىمىز ئۆزىگە مۇناسىپ ئەدەبىياتنى تەلەپ قىلماقتا. شانلىق
پارتىيىمىز بىزنى ھەممە ئىشتا غەلىبىگە باشلاپ كېتىۋاتىدۇ. بىز
سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ۋە سوتسىيالىزم ئەدەبىياتىنى يارىتىشنىڭ
ھەممە ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگىمىز. ئەدەبىيات سېپىمىز جەڭچىلىرىنىڭ

ۋەزىپىسى زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى، ئۇلۇغ مەقسەتلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك قىزغىنلىق بىلەن چوڭ ئەدەبىي ئىجادىي دولقۇننى باشلىۋېتىشتۇر.

1956-يىل 10-ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلايلى!

—— قۇمۇلنىڭ كونا قوشاقلىرى توغرىسىدا بەزىبىر تەسىراتلىرىم.

يېقىندا قۇمۇل تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كونا خەلق قوشاقلىرىدىن بىرئاز توپلىدىم. بۇنداق قىلىشىمغا ئالدى بىلەن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشىنىڭ خەلق قوشاقلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىمى ئىلھام بەردى.

بۇ قوشاقلارنى رەتلەپ چىقىشتىكى ئاساسىي مەقسىتىم، ئالدى بىلەن كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا سېرىتىق، زەھەرلىك چۆپ دېگەن سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق قوشاتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ پايدىلىنىش ماتېرىيالى تەقدىم قىلىش. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كونا خەلق قوشاقلىرى توغرۇلۇق بەزىبىر تەسىراتلىرىمنى ئېيتقۇم كەلدى.

* * *

لىن بياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كونا ئېغىز ئەدەبىيات بايلىقىغىمۇ جىق ۋەيرانچىلىق سالدى، جۈملىدىن كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا سېرىتىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەرسگە، زەھەرلىك چۆپكە چىقىرىۋەتتى، ئۇنى تەلتۆكۈس قىلىشقا يول قويمىدى. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، كىمكى بۇ بايلىقلارنى ئاسراش، قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچسا ياكى بىرەر كونا ناخشىنى ئېيتىپ قويسا، "كونىنى تىرىلدۈرگۈچى"، "بۇرۇنقى گەپتىن پايدىلىنىپ ھازىرقىغا دارىتىپ ھۇجۇم قىلغۇچى" دېگەن ئاجايىپ-غارايىپ بەتناملار بىلەن بولۇشىچە كالتەكلەندى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ پارتىينى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى.

لىن بياۋ ھەم "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" بىتچىت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى زەھەر ۋە تەسىرلىرى تېخى تازىلىنىپ بولمىدى. خېلىخېچە كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش ھەققىدە گەپ ئېچىلسا، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس. شۇڭا نۆۋەتتە، بۇ ساھەدىمۇ ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتە ھەق-ناھەقنى ئايرىۋېلىش ناھايىتى زۆرۈر.

لىن بياۋ، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى ئېيتقاندەك، كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسىلا سېرىق نەرسىلەرمۇ؟ ھەممىسىلا زەھەرلىك چۆپمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بۇ خىل سەپسەتىلەر گەرچە ئاجايىپ ئىنقىلابىي ئىبارىلەرگە ئورالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماركسىزم بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق. ئۇ تىپىك مېتافىزىكىلىق سەپسەتە. بۇ خىل سەپسەتىنى كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ مول ماتېرىيالى كەسكىن رەت قىلىدۇ.

پرولېتارىيات ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىدۇ،

ئۇنىڭغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىدىن قارايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە
قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئۇنى ئوبيېكتىپ
هالدا، ئەستايىدىل تەهلىل ـ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ شاكىلىنى
چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلۇغ داهىيمىز ۋە ئۇستازىمىز
ماۋجۇشى بۇرۇن ئۆتكەن بارلىق پرولېتارىيات داهىيلىرىغا ئوخشاش
مەدەنىي مىراسلارغا، جۈملىدىن خەلق قوشاقلىرىغا ئالاهىدە ئەهمىيەت
بەرگەن، ئۇنى تەتقىق قىلغان، ئۆزىنىڭ شانلىق ئەسەرلىرىدە خەلق
قوشاقلىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلانغان.
ماۋجۇشى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار شېئىرىي ئەسەرلىرىدە خەلق قوشاقلىرىغ
ۋارىسلىق قىلىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى ياراتقان، شۇنىڭدەك خەلق
قوشاقلىرىنى تەتقىق قىلىشنى، ئۆگىنىشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن.
بولۇپمۇ يولداش چېن يىغا شېئىرىيەت توغرىسىدا يازغان خېتىدە
خەلق قوشاقلىرىغا ناهايىتى يۈكسەك باها بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇق
ئېلىشنى نۇقتىلىق تەكىتلىدى. ماۋجۇشىنىڭ بۇ خېتى لىن بياۋ هەم
"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ قوشاقچىلىق گۈلزارىمىزغا سالغان
بۇزغۇنچىلىقىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل هېساب ئېلىپ، ئۇنىڭ زەهەر ۋە
تەسىرلىرىنى تەلتۆكۈس تازىلاپ، كونا خەلق قوشاقلىرىغا تەنقىدىي
ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى شېئىرىيىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن
كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال ۋە يېتەكچى دەستۇر.
هەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخى شۇنى
ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى. مەدەنىي مىراسلار ئىچىدە ئۇزاق
تارىخىي جەريان داۋامىدا ئىجاد قىلىنىپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈپ، بارغانسېرى بېيىپ بارغان ئېغىز
ئەدەبىياتى، جۈملىدىن خەلق قوشاقلىرى بىرقەدەر ساغلام بايلىق.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ مەزمۇن ھەم بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ئاددىي، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا بەكرەك يېقىن. ئۇنىڭدا كۆپرەك ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتى گەۋدىلەنگەن. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيە، ھېسسىياتى قويۇق، شۇنداقلا، ئۇ ئۆتمۈشتە كىتابىي بىلىم ئېلىشنىڭ سىرتىدا كەڭ تارالغان. بۇ، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى، ئۆز مەنىۋى بايلىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى بۇنىڭ ياخشى دەلىلى.

بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدا ئىجاد قىلىنغان «شىڭشىڭشىيا قوشاقلىرى»نى ئەسلەپ ئۆتەيلى. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىلەردىن ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئوبرازىنى ئېنىق كۆرىمىز. بۇ قوشاقلار قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ شەپقەتسىز ئالۋاڭ ـ سەيسىسىگە تۇتۇلغان، زۇلۇم دەستىدىن يۈرەك ـ باغرى ئۆرتەنگەن يوقسۇللارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىك شىكايىتى. ئۇنىڭدا زالىم شامەخسۇتقا، شۇنداقلا چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى غەزەپ ـ نەپرەت ئوتى يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. بۇ تارىخنىڭ توغرا ئىپادىسى، ئۆز قىياپىتى. ئۇ، ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقىنى ئەلنىڭ بەخت ـ سائادىتى دەپ ئاقلاپ كەلگەن فېئودال ۋاڭلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ جۆيلۈشلىرىگە، ساختا تارىخچىلىقىغا قارىتا ناھايىتى كۈچلۈك رەددىيە.

بىز ئۆتمۈشتە ئالۋاڭ ـ سېلىق تۆلىيەلمىگەنلىكى، زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ۋاڭلارنىڭ شەپقەتسىز ئەمرى بىلەن نوم، باغداش قاتارلىق جايلارغا پالىنىپ، گۇناھكار سۈپىتىدە ۋاڭلار ئۈچۈن ئىشلەپ ۋەيران بولغان دەردمەنلەرنىڭ مۇنۇ ناخشى-

لىرىنى ئاڭلاپ باقايلى:

نوم دېمەڭلار، نوم دېمەڭلار،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قارىغۇ تىكەن،
خەلقلىرى ئالۋاڭدىكەن.

زوركىنىڭ باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سېرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.

بۇ قوشاقلاردا ئۆتمۈشتىكى ئەمگەكچى ئەجدادلارنىڭ زۇلۇم ئاستىدىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن زۇلۇم دەستىدىن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان دەردمەنلەرنىڭ سەرسانلىق زارى يېغىپ تۇرىدۇ.

ئېنىقكى، زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بولغان بۇ قوشاقلار ئۇلارنىڭ ئەدسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى بىر خىل كۈرەش ۋاستىسى ئىدى. زۇلۇمغا قارشى بۇ شىكايەتنامىلەر زۇلمەتلىك تۈزۈمگە قارشى غەزەپ ئوتىنى ياقىدۇ، يالقۇنجىتىدۇ، كۈرەشكە ئۈندەيدۇ. ئۇنى بۈگۈنكى ئەۋلادلار ئاڭلىسا، ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ. بۈگۈنكى بەختىيار ھاياتنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يېتىدۇ، دەھشەتلىك كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تىرىلدۇرمەكچى بولغانلارغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنداق قوشاقلارنى ئەسلەشنى، ئېيتىشنى قانداقمۇ كونىنى تىرىلدۇرۇشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇنۇش دېگىلى بولسۇن!

دەرۋەقە كونا قوشاقلار ئىچىدە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپ-لارنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىدىغان، ئەمگەكچى خەلقنى خۇنۈك-لەشتۈرىدىغان، ئۇلارنى مەڭگۈ قۇللۇقتا ئۇندەيدىغان ئەكسىيەتچى قوشاقلارمۇ بار. بۇ ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ ئەسىرلەر بويى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران ئىدىيىسىنىڭ جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن تۇغۇلغان بىر خىل خۇنۈك ئەھۋال. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئەمگەكچى خەلقنى ھاقارەتلەپ، ئەزگۈچىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان قوشاقلارنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا كەڭ خېرىدارى بولغان ئەمەس. بۇنداق نەرسىلەرگە بىز ھەرگىزمۇ ۋارىسلىق قىلمايمىز.

كونا خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى غېرىب - مۇساپىرلىق مۇڭلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق ئۆتمۈشتە يوقسۇزچىلىق دەردىدە، تۈرلۈك زۇلۇم دەستىدە خانىۋەيران بولغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەلەملىك شىكايىتىنى ئاڭلايمىز. مەسىلەن:

ئەجەبمۇ تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
غېرىبمەن - مۇساپىرمەن،
لاچىن سوققان توشقاندەك.

غېرىبتۇرمەن، غېرىبتۇرمەن،
زار غېرىبتۇرمەن.
غېرىبلىقتا زەپىرەڭدەك،
سارغىيىپ تۇرمەن.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
نېمدەپ تاپتىكىن.
شۇ بۇ كۈنگە قالارىمنى،
بىلمەيمىدىكىن.

بۇ خىل قوشاقلاردا بىز ئۆتمۈشتىكى خانىۋەيران بولغان غېرىب- مۇساپىرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئوبرازىنى كۆرىمىز. كونكرېت شەخسنىڭ ئاھزارىدىن شۇ جەمئىيەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلايمىز. بۇنى ئەسلەشنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنىڭ ئەركىن ھوقۇقلۇق پۇقراسىغا، ئۆز يۇرتىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرىگە تېخىمۇ يېتىشى ئۈچۈن چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار.

ئىجتىمائىي ئەخلاق-پەزىلەت توغرىسىدىكى قوشاقلارنىڭ كۆپىدە ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلەت تەرغىب قىلىنىدۇ، ئېكسپىلاتاتور سىنىپنىڭ چىرىك ئەخلاقى تەنقىد قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز،
مەگەرچە ئاسمان بولساڭ.
ئۆزەڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ.

بۇ قوشاقلاردا كەمتەر بولۇش، ئۆزىنى بىلىشكە ئوخشاش ئالىيجاناب پەزىلەت تەرغىب قىلىنغان. شۇنىڭدەك ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارغا خاس بولغان تەكەببۇرلۇق، يوغانچىلىق ئىللەتلىرى ئۇستىلىق بىلەن قامچىلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گونا ئۇيغۇر قوشاقلىرى ئىچىدە ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى قوشاقلار ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بىياۋ، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ ئەڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە، ھاقارىتىگە ئۇچرىغانلىرىمۇ مۇشۇ تېمىدىكى قوشاقلار بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن يىرگىنىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرگە بۇ تېمىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قول ئۈزۈش توغرۇلۇق مۇستەبىتلىك پەرمانىنى چۈشۈردى.

مۇھەببەت، ئائىلە تېمىسى بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھەرگىزمۇ زورلاپ تېڭىلغان نەرسە ئەمەس (يوق نەرسىنى، چاكىنا نەرسىنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا زورلاپ تېڭىش لىن بىياۋ، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"قا ئوخشاش بىرنېمىلەرنىڭ ئىشى). مۇھەببەت، ئائىلە رېئاللىقتا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت نەرسە. ئۇ، ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ھەم مۇھىم بىر ساھەسى، بەدىئىي ئەدەبىيات ھەرگىز چەتلەپ كېتەلمەيدىغان، بەلكى ئەكس ئەتتۈرۈشى زۆرۈر بولغان تۇرمۇش، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بارلىق مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى بولۇپ كەلگەن. قىز ـ يىگىت مۇھەببىتىنى، ئائىلە مۇھەببىتىنى يېزىش پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئىشى ئەمەس دېيىش ئۇنى پرولېتارىيات تۇرمۇشىغا مەنسۇپ ئەمەس دېگەنلىك. بۇ پرولېتارىياتنى ھاقارەتلەشتىن، پرولېتارىياتنىڭ ئوبرازىنى رېئاللىققا يات، ئىنسانىي ھېسسىياتى يوق، ياسالما چاكىنا فىگۇرىغا ئايلاندۇرۇش سەپسەتىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم تەرەققىيات جەريانىنىڭ مەھسۇلى بولغان مۇھەببەت ۋە ئائىلە ھەممە سىنىپ كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئورتاق ھادىسە. لېكىن مۇھەببەت ھەم ئائىلىگە نىسبەتەن ھەربىر

تارىخىي دەۋرنىڭ، ھەربىر سىنىپنىڭ كۆز قارشى، مۇناسىۋىتى ئوخشاش ئەمەس، ھەربىر سىنىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئورنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيە ۋە ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلارنىڭ ئېھتىياجى، چىرىك ئىدىيە ۋە ئەخلاقى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلىگە بولغان مۇناسىۋىتىدە چوقۇم ئەكس ئېتىدۇ. كونا خەلق قوشاقلىرى ئارىسىدا ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلارنىڭ ئائىلە ۋە مۇھەببەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى، توقلۇقتىن تۇغۇلغان شوخلۇقىنى، كەيپ ـ ساپانى تەرغىپ قىلىدىغان قوشاقلارمۇ خېلى بار. لېكىن بۇ چىرىك نەرسىلەر ھەرگىز ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلىگە بولغان ساغلام كۆزقاراشلىرىغا، ئالىيجاناب ئىدىيە، ئەخلاقىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئۇ كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئەمەس. ئاساسىي ئېقىم ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، ئەمگەكچىلەرگە خاس ئالىيجاناب ئەخلاقىنى تەرغىپ قىلىدىغان قوشاقلار. بىز مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ
قاتى ـ قاتى بولمىسا.
يار دېگەنگە يار بولامدۇ
ئىتتىپاقى بولمىسا.

بۇ يەردە "ئىتتىپاق" سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت ئوبيېكتىلىرىنىڭ ئۆزئارا ساداقىتى، ۋاپادارلىقى مۇھەببەتنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى قىلىنغان. بۇنىڭدا توقلۇقتىن تۇغۇلغان شوخلۇقنىڭ، پەسكەش ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ پۇرىقىمۇ يوق. ياكى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

دېگەن قوشاقنى ئالايلى. ئۇنىڭدا ياشالما گۈزەللىككە قىزىقىشنىڭ، "يار ئۈستىگە يار تۇتۇش"تىن ئىبارەت ئۆجمە كۆڭۈللۈكنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتكە يات نەرسە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە يات بولغان سەممىمىيەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق كونا خەلق قوشاقلىرىدا نەپرەت بىلەن ئەيىبلەنگەن. «بىۋاپانى سۆيمەيمەن» دېگەن تېما ئاستىدىكى قوشۇل خەلق قوشاقلىرىدا ۋاپاسىزلىقنىڭ رەزىل ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ھەم ئۇنىڭغا كۈچلۈك نەپرەت ياغدۇرۇلغان. مەسىلەن:

بىۋاپا بۇگۈن باراردۇر،
تاڭلا ئۇنۇتقاي يارىنى.

دېيىشىڭىز قوي تېرىسى،
مەيدىڭىزگە ياقىسىز.
دىتىڭىزنىڭ يوقلۇقىدىن
ھەممە خەققە باقىسىز.

بۇ قوشاقلاردا ۋاپاسىزلىققا نەپرەت، ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان سەممىمىيەتكە، ئالىيجاناب ئەخلاققا مەدھىيە ئوقۇلغان.

كونا جەمئىيەتتىكى نىكاھ تۈزۈمى ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى خارلاشنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللار ھوقۇقىنى

دەپسەندە قىلىشنىڭ قانۇنىي دەستۇرى ئىدى. بىراق، ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ ساغلام مۇھەببىتىنى ئاشۇ قانۇندىن ئۈستۈن ھېسابلاپ كەلگەن. مەسىلەن، مۇنۇ قوشاقنى كۆرۈپ باقايلى:

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.
ئاخۇنۇمدىن سورىسام،
ئاشىققا نىكاھ يوق ئىكەن.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاشىققا نىكاھ ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ دەپ پەتىۋا بەرگەن ئاخۇنۇم ھەرگىزمۇ كونا نىكاھ قانۇنىنىڭ ئوبرازى ئەمەس، بەلكى ئۇ، شۇ چاغدىكى مەۋجۇت ئادالەتسىز قانۇنىنىڭ ئەكسى بولغان، ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئارزۇ-سىدىكى، يەنى مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان غايىۋى ئادىل قانۇنىنىڭ ئوبرازى. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئادالەتسىز كونا نىكاھ قانۇنىنى رەت قىلىدىغان ئىسيانكار پىكىر.

كونا مۇھەببەت قوشاقلىرى ئىچىدە جۇدالىق دەردى، جۇدالىق-تىكى سېغىنىش دەردىنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلارمۇ خېلى كۆپ. جۇدالىقمۇ مۇھەببەتنى سىنايدىغان بىر خىل سىناق. نۇرغۇن قوشاق-لاردىكى جۇدالىق ئازابىدىن زارلىنىش ۋە سېغىنىش ھېسسىياتلىرى ئۆزئارا تەقدىرداش بولغان مۇھەببەت ئوبيېكتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئەقىدىسىنى، يەنى ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان ئۆزئارا كۆيۈمچانلىقنى ئىپادىلەش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە ھەر جەھەتتىن توسالغۇ تۇغدۇرۇپ ھىجرانلىق پەيدا قىلغان ئادالەتسىز كونا ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۈستىدىن، دىنىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

خوراپات ئۇستىدىن قىلىنغان شىكايەتتۇر. مەسىلەن:

ئالىمنى ئايرىدىلا،
شاپتۇلىنى قايرىدىلا.
دۆيلىشىپ قالغان كۆكۈلنى
زۇلۇم بىلەن ئايرىدىلا.

ياردىن ئايرىلغىلى
كىمنىڭ خىيالى بار ئىدى.
ئايرىۋەتتەي شۇ خۇدايىم،
نە گۇناھىم بار ئىدى؟

شۇنىڭدەك، مۇھەببەت بابىدىكى پۇشايمان، ئاغرىنىش كويلىرىمۇ خېلى مۇھىم ئىبرەت ـ ساۋاقلار، ئالىيجاناب ئىدىيە ئىزھار قىلىنغان كونا مۇھەببەت قوشاقلىرى توغرىسىدا گەپ قىلغاندا، زادى ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدىغان شۇنداق بىر مۇھىم نۇقتا باركى، ئۇ، مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكىنى قىلچە ئېتىراپ قىلمايدىغان، بولۇپمۇ ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان مۇستەبىتلىك ھۆكۈم سۈرگەن كونا جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن. مۇشۇنداق جەمئىيەتتە "يارىم سەن مېنىڭ جانىم"، "مەن يارىمنى سېغىنغاندا قاناتىم بولسا"، "ئادىل پادىشاھ بولسا، سۆيگەن يارىنى ئالسا"، "ھەممىدىن كۆيۈك يامان"، "ئەمدى مەن قانداق قىلاي بىۋاپا يار دەردىدە" دەپ ناخشا ئېيتىشنىڭ ئۆزى مۇھەببەت ئەركىنلىكى ۋە ساغلاملىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى تەرغىب قىلىش بولىدۇ. بۇنداق تەرغىبات

مۇستەبىت ھاكىمىيەتىنىڭ، دىنىي خۇراپاتىنىڭ قاتتىق تەقىپ
ئۇچراپ كەلگەن. ئۇ جەمئىيەتتە قوزغىلاڭچى خەلق "ئوغرى" دە
ئاتالغىنىدەك، مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلا
"بۇزۇق"، "پاسىق" دەپ ئەيىبلەنگەن. "يارىم" دەپ ناخش
ئېيتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەدەبسىزلىك ھېسابلانغان. دېمەك، بىز بۇ خ
ناخشىلارغا تارىخىي نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، مۇھەببەت قوشا
لىرىنىڭ تولىسى بىر خىل ئىسيانكارلىق ناخشىسى ئىكەنلىكى
كۆرۈۋالالايمىز.

لېكىن، مۇھەببەت بابىدا ئاددىي ئىنسانىي چۈشەنچىگىمۇ ئى
بولمىغان، ئەخلاق جەھەتتە چىرىكلىكنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان لە
بىاۋ ھەم "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئالدىدا مۇھەببەت قوشاقلىرى
ئېيتىش شۇنچىلىك چوڭ گۇناھ بولدىكى، بۇ "گۇناھ" ئۈچۈ
تارتقان ئەلەملىرىمىزنى ئەسلەشمۇ شۇنچە ئېغىر كېلىدۇ. بۇ خ
قوشاقلارنى ئېيتىپ قويغان خېلى كۆپ خەلق سازەندىلىرى سازاي
قىلىندى، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ راۋاب - دۇتتارىدىن ئايرىلماق تۇگۇل
پۇقرالىق ھوقۇقىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى.

كونا خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ناھايىتى كەل
بولۇپ، خىلمۇخىل تېمىدا توقۇلغان قوشاقلارنىڭ تولىسى
نەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس ساغلام ئىدىيە - ھېسسىياتى بار
شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى سىياسى
ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئېتنوگرافىيىسى، پسىخولوگىيىسى
ئۆرپ - ئادىتىگە ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بار
شۇڭا ئۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. بۇنداق مۇئامىلە قۇمۇل خەلقىنى
كونا قوشاقلىرىغىمۇ مەنسۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

قۇمۇلنىڭ كونا خەلق قوشاقلىرى بىزگە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتىگە دائىر ناھايىتى ياخشى ئۈلگىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ بەدىئىي خۇسۇسىيەت دېگىنىمىز ئالدى بىلەن شېئىرىيەتتە ئوبراز يارىتىش مەسىلىسى، يەنى ئوبرازلىق تەپەككۇر مەسىلىسى ھەم شېئىرىيەت شەكلى قۇرۇلۇشى مەسىلىسىدۇر.

لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى ئىنكار قىلدى، بولۇپمۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئىنكار قىلدى، بۇ، ئەمەلىيەتتە بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئىنكار قىلىش. شۇنىڭ كاساپىتىدىن قوشاقچىلىقىمىزدىمۇ بىرمەزگىل چاكىنىلىق ئەۋج ئالدى. شۇنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئارىلىقتا بىرمەزگىل گېزىت-ژۇرنال لىرىمىزدا خەلق قوشاقلىرى نامىدا ئېلان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ تولىسى قوشاققا ئوخشىماي قالدى. بۇ سۇبيېكتىپچىلىق ئىجادىيەت تەتقىقات ئىدىيىسى، گۇرۇھ باگوسى كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەت. بۇ خىل ئەھۋالنى تۈگىتىش ئۈچۈن لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇ جەھەتتىكى جىنايىتىدىنمۇ ئۈزۈل-كېسىل ھېساب ئېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭسىز خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى دېگىنىمىزنىڭ ئۆزى كەڭ تېما، چوڭقۇر ئىلمىي مەسىلە. مەن بۇ ھەقتە تەپسىلىي پىكىر بايان قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسمەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر مەسىلىسى توغرىسىدا، تاققۇ تۇققا بولسىمۇ، بەزىبىر تەسىراتلىرىمنى دەپ

باقماقچىمەن.

ئوبرازلىق تەپەككۇر مەسىلىسى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئائىت توپ مەسىلە. ئوبرازلىق تەپەككۇر ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بىر خىل تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇمۇ مەنتىقى تەپەككۇرگە ئوخشاش ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. بىراق ئۇ مەنتىقى تەپەككۇردەك شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئابستراكت ئۇقۇملار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن كونكرېت تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىنكاس قىلىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بار، مەسىلەن، تەمسىل، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، كىنايە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەسۋىرىي ۋاستىلەر.

بىز ئالدى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى بولغان تەمسىل توغرۇلۇق بىرئاز توختىلىپ ئۆتەيلى:

تەمسىل دېگىنىمىز ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككىنچى بىر ھالەتنىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق بايان قىلىشتۇر. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئاساسىي پىكىر، كۆپىنچە، ئاخىرقى 3 ـ 4 ـ مىسرالاردا بايان قىلىنىدۇ. ئالدىنقى مىسرالىرىدا بولسا ئاساسىي پىكىرنى ئوبرازلىق بايان قىلىش ئۈچۈن ياكى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى بىر ھالەت تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

جاپانى تارتمىغان ئاشىق
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

بۇ قوشاقتىكى ئاساسىي ئىدىيە "يامانىنى كۆرمەي، ياخشىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ" ياكى "جاپا تارتماي، راھەتنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولمايدۇ" دېگەن قانۇنىيەتكە ئىگە بولغان پىكىر. بۇ پىكىرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىككىنچى بىر مۇقەررەرلىك ھالەت تەمسىل قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ پىكىر ناھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ئالما دەپ سۇندۇم قولۇمنى
پىشمىغان ئانارغا.
نېمىدەپ بەردىم كۆڭۈلنى
قەدرى بىلمەس يارغا.

پۇشايمان بايان قىلىنغان بۇ قوشاقتا ئۇقۇشماي ياكى سىناشماي ناباپ بىرسىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتەك ھاماقەتچىلىككە، ئالما دەپ يېگىلى بولمايدىغان توك ئانارغا قول ئۇزارتىشتەك بىمەنە، ھاماقەتلىك ئۇرۇنۇش تەمسىل قىلىنغان. مۇشۇ بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستە ئارقىلىق پۇشايمان ھېسسىياتى ئوبرازلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭدەك:

گۈلەمشۋا گۈلنى كۆرۈك،
بەرگى سايان قايرىلىدۇ.
بىۋاپا يارنى كۆرۈك،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلىدۇ.

دېگەن قوشاقتا گۈلەمشۋا گۈلنىڭ بەرگى تەرەپكە قايرىلىشىدىن ئىبارەت بىر خىل خۇسۇسىيەت بىۋاپانىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئايرىلىشىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىگە تەمسىل قىلىنغان، نەتىجىدە بىۋاپانىڭ ئۆزىگە خاس ئوبرازى گەۋدىلەنگەن.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزىلەر قوشاقلاردا ئاساسىي پىكىر كېيىنكى 3 ـ 4 ـ مىسرادا بايان قىلىنىدۇ، دەپلا دەسلەپكى مىسرالارنىڭ كېيىنكى مىسرالار بىلەن (ياكى ئاساسىي پىكىر بىلەن) بولغان مۇناسىۋىتىگە سەل قارايدۇ.

دەرۋەقە، خەلق قوشاقلىرى دەپ ئاتالغان بەزىبىر قوشاقلاردا ئاساسىي پىكىر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ھەتتا زىت گەپلەر قىستۇرۇلغان نەرسىلەرمۇ بار، لېكىن بۇ خىل نەرسىلەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

ئوبرازلىق تەپەككۇر جانلاندۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن قوشاقلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بىز مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپ كۆرەيلى.

زوركىنىڭ باشىغا چىقسام
كۆرۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام
سىرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.

بىز بۇ قوشاقنى ئاڭلىغىنىمىزدا ئۆتمۈشتە زۇلۇم دەستىدىن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان (پالانغان)، ئايرىلىش پىراقىغا چىدىماي زوركى تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يىراقتىن يۇرتىنى كۆرۈپ، سېغىنىش ئوتىدا يۈرەك باغرى خۇن بولغان، كۆزلىرىدىن قانلىق ياش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆكۈۋاتقان بىر دەردمەن كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ قوشاقتىكى "سېرىلدى" سۆزىنىڭ جانلاندۇرۇش رولى ناھايىتى چوڭ. "سېرىلدى سەرۋەڭ تاغلىرى" دېگەندە بىزگە تاغ بىر تۇرۇپ ئاشۇ دەردمەننىڭ ئاھزارىغا چىدىماي، ئىچى سېرىلىپ كېتىۋاتقان مۇڭداش-ھېسداش ئادەم قىياپىتىدە كۆرۈنىدۇ، بىر تۇرۇپ ئاشۇ تاغ ئېرىپ، دەردمەننىڭ قانلىق ياشلىرىغا قوشۇلۇپ، ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ئوبرازلىق پىكىر دەردنى چۈشىنىدىغان ئادەمگە نەقەدەر چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇ-رۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

بىز يىراق يەرگە كېتىۋاتقان، قايتىپ كېلىشى مۇشكۇل بولغان، قەدىردانىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغان ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن مۇنۇ قوشاقنى ئاڭلاپ باقايلى:

كەتسىلە كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشمنى ئىرتاي،
ھەمراھ بولۇپ تۇرسۇن ماڭا.

بۇ مىسرالار "ماڭا يادىكار قالدۇرغىن" دېگەن پىكىرنىڭ ئوبراز-لىق ئىپادىسى. بۇ يەردە قەدىردان مەھبۇبلار مۇناسىۋىتىدىكى بىر ئادەت بولغان ياغلىق قالدۇرۇش ۋاستە قىلىنىپ، ناھايىتى چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. بۇ، شېئىرىيەتتە سىمۋوللۇق نەرسە-ھالەتلەردىن پايدىلىنىشنىڭمۇ ئۈلگىسى.

ئەمدى ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋاستىسى بولغان ئوخشىتىشنىڭ بەزى مىساللىرىنى كۆرۈپ باقايلى. مەسىلەن:

قاچانغىچە يۇرىمىز
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، كاككۇك بىلەن زەينەپ ئاشىق-مەشۇق قۇشلار ئىمىش. ئۇلار سايرىغاندا بىر-بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىدىكەن، لېكىن ئۇلار ۋىسال تاپالماي، مەڭگۈ جۇدالىقتا ئۆتىدىكەن. جۇدالىقنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ مۇناسىۋىتى يۇقىرىدىكى قوشاقتا جۇدالىقنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى بولغان.

تۆۋەندىكى مىسرالارمۇ ئوخشىتىشتىن پايدىلىنىشنىڭ چىرايلىق ئۈلگىلىرى:

يەل-بوراندەك يەلپىنىپ
كەتسەم يارىمنىڭ قېشىغا.
. . . . . . . . . . .
يۈرىكىم غەلۋىرگە ئوخشاش
قۇيسىلا تۇرماس تېرىق.
. . . . . . . . . . .

ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلىرىدىن بىرسى بولغان كىنايىدىن پايدىلىنىشنىڭ مىساللىرىمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ناھايىتى كۆپ. بىز مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇپ باقايلى:

قارا قاشىم بار مېنىڭ
كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس.

بۇ يەردىكى "كۆيدۈرمە قاش" سۆزى پەدەزخورلۇقنىڭ

كىنايىلىق تەسۋىرى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ياشالما گۈزەللىككە مەپتۇن بولماسلىق كېرەك دېگەن پىكىر ئۆزىنىڭ بىر خىل ئوبرازلىق ئىپادە-سىنى تاپقان.

ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىشتە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىمۇ ناھايىتى مول ماتېرىيال بېرەلەيدۇ. بىز لىن بياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" پەيدا قىلغان ئىدېئالىزملىق، مېتافىزىكىلىق رامكىلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، دادىللىق ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن بۇ مول ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىن ئۆزۈق ئېلىشىمىز لازىم. بۇ، شېئىرىيىتىمىزنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ئېھتىياجى.

1978 ـ يىل 12 ـ ئاي.

# شېئىرىيەت توغرىسىدا ياش ھەۋەسكارلار بىلەن سۆھبەت

## شېئىر يېزىشتا قانداق جەريانلارنى باشتىن كەچۈردىڭىز؟

مەندە شېئىرغا ھەۋەس خېلىلا بۇرۇن ئويغانغانىدى. كىچىكىمدىنلا ناخشىغا بەك زوقمەن بولغانلىقىمدىن ناخشا ئاڭلاش، ناخشا ئۆگىنىش جەريانىدا، 14 ياشقا كەلگۈچە بىرەر مىڭ كۇپلېتقا يېقىن خەلق قوشاقلىرىنى يادلىۋالدىم. ئۇنىڭ بىر قىسمى يوقسۇل دېھقانلارنىڭ زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرىنى، زاماندىن رەنجىشلىرىنى، بىر قىسمى يېتىملىق، غېرىب مۇساپىرلىق مۇڭىنى، بىر قىسمى ئىشقى مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلار بولۇپ، بارا ـ بارا مەن ئۇلاردا ماڭمۇ ئورتاق ھېسسىياتلار بارلىقىنى سېزىپ، ئۇلارنى ئۆزەمگە مۇڭداش قىلىۋالدىم. مەن 12 ياشقا كىرگەندە ئۆيىمىزنىڭ تۆۋرۈكى ھېسابلانغان دادام ئۆلۈپ كەتكەنىدى. كۆپ ئۆتمەي ماڭمۇ يوقسۇللۇق، يېتىملىق دەردى يەتتى. بۇنداق چاغلاردا ناخشىلاردىكى يېتىم ـ يوقسۇللۇق مۇڭى بۆلەكچىلا تەسىر قىلىدىكەن. شۇڭا بىرسى:

"مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،

سۇندى قاناتىم قايرىلىپ"

دەپ ناخشا ئېيتسا، ئۇنىڭ مۇڭى گويا مېنىڭ ئىچىمدىن چىقىۋاتقاندەك بولاتتى ۋە قوشۇلۇپ ئېيتقۇم كېلەتتى.

تەنبل مەزگىللىرىدە كىشىلەرگە ياللىنىپ، ئورما ئورۇش، شال ئۇتاشقا ئوخشاش ئېغىر ئەمگەكلەرنىمۇ قىلاتتىم، بۇ خىل ئەمگەك مەيدانلىرىدا ناخشا كۆپ ئېيتىلاتتى. بۇ روھىي ئەمەك ئەمگەك جاپاسىنى يېنىكلەتكەندەك بولاتتى. كۆڭۈلنىڭ قانداقتۇر بىر بوشلۇقىنى تولدۇراتتى. ئۇندىن باشقا توي-تۆكۈن، مەشرەپ بولغان يەرلەرگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئېيتىلغان ناخشا-قوشاقلارنى پەنجىرە تۈۋىدە تۇرۇپ بولسىمۇ ئاڭلايتتىم، ئەنە شۇنداق ناخشا-قوشاق ئېيتىلىدىغان سورۇنلار مېنى شېئىرغا قىزىقتۇرغان دەسلەپكى ئامىل ئىدى. شۇنىڭدەك ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇش، كېيىنرەك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇلغان ئەدەبىيات دەرسلىكى مېنىڭ بۇ قىزىقىشىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. نەتىجىدە، شائىر بولۇش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ، ئانچە-مۇنچە شېئىر، تېپىشماق بىرنېمىلەرنى قوراشتۇرۇشقا باشلىدىم. بىراق يازغانلىرىم بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزەمگىمۇ يارىماي قالاتتى، نېمىسى يارىمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمەيتتىم. شۇ چاغدا بەزىلەرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بىرقانچە شائىر، يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ماتېرىياللارنى تېپىپ ئوقۇدۇم، بۇ ئارقىلىق شېئىرغا قىزىقىشىمنىڭ يۈزەلىكىنى، كۆپرەك بىلىم ئېلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. ئەپسۇسكى، ئۇ چاغدا ماڭا كۆپرەك بىلىم ئېلىشقا شارائىت يار بەرمىدى.

1944-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بەزى تۇغقانلىرىم ۋە دادامغا ئىخلاسمەن بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن ناھىيىمىز قورغاستىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بىراق بۇرۇن بىرئاز پەننىي ساۋات ئىگىلىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ مەكتەپكە ئۆستىخىنىم

چۈشمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بۇ يەردە ئۆزەمنىڭ شېئىر بولغان ئىشتىياقىمغا لايىق قوشۇمچە مەشغۇلات تاپتىم ــ كونا كىتابلار ئىچىدىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇپ تۇردۇم. يەنە بىرياقتىن ئۈچ ۋىلايەت مەتبۇئاتىدا ئېلان قىلىنغان شېئىر، ھېكايىلەرنى بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، تاتارچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ خېلى بەھرى ئالدىم. 1946 ـ يىلدىن باشلاپ شېئىرلىرىم مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغىلى تۇردى. شۇندىن كېيىن شېئىر يېزىشقا تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتىم.

شۇ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رايونىنىڭ مەركىزى بولغان غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، بىرقانچە يازغۇچى شائىرلار بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇلار ماڭا جىق ئىلھام ـ مەدەت بەردى.

شۇ چاغدىكى بىر ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: مەن يازغۇچى زۇنۇن قادىر بىلەن دەسلەپ كۆرۈشكىنىمدە، ئۇ مېنىڭ «ياشلىق» دېگەن شېئىرىمنى ئۆزى ئەدەبىي مۇھەررىر بولغان «كۆرەش» ژۇرنىلىغا تەييارلىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەھرىرلەنگەن نۇسخىسىنى ماڭا كۆرسەتتى. مەن بەك خۇش بولدۇم، شۇ چاغدا ئۇ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: "يازغانلىرىڭدا بىرقەدەر شېئىرىي پۇراق بار، لېكىن كېرەكسىز مىسرالىرىڭمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. مۇشۇ شېئىرىڭنى شېئىرغا ئوخشىتىپ تۇرغان بىرقانچە مىسرا بار. مەسىلەن، ياشلىقنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ كېيىن پۇشايمان قىلىشىنى 'ھەسسىنە دەپ ساقالنى سىپاپ' دەپ ئىپادىلىشىڭدا ئازراق ئوبراز بار. بۇ يەرلىرى رەڭكە ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق مىسرالىرىڭنىڭ يۈزىدىن ھەم شېئىر يېزىشنى ئەمدى باشلىغانلىقىڭ ئۈچۈن، بەزى كېرەكسىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئامبىرى

مىسرالىرىڭىزمۇ بۇ دەۋرنىڭ قوبۇل قىلدۇق. بۇنىدىن كېيىن بۇنىداق كېرەكسىز مىسرالارنى ئازايتقىن. تۇبراز دېگەننى ئانچە چۈشەنمەيدىغان ئوخشايسەن. بۇنى چۈشەنمىسەڭ شائىر بولالمايسەن". بۇ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىلغان سەممىي سۆزلەر ماڭا ئاتىنىڭ بالىغا كۆيۈنۈپ قىلغان مەسلىھەتىدەك بىلىندى ۋە مېنىڭ تۇبراز توغرۇلۇق ئىزدىنىپ، بەدىئىي ۋاستىلەرنى ئۆگىنىشىم ئۈچۈن مۇھىم بىر تۈرتكە بولدى.

شۇ قېتىمقى غۇلجىغا بېرىش مېنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىمغىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى، دىنىي مەكتەپتىن تېخىمۇ سوۋۇپ كەتتىم، ئاخىرى 1948 ـ يىلى ئۇ يەردىن قېچىپ غۇلجىغا كېلىۋالدىم ـ دە، گېزىت تەھرىرى بولۇپ، بىر ياقتىن خىزمەت قىلىش، بىر ياقتىن ئۆگىنىش ۋە بىر ياقتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ بىرقەدەر ئوبدان ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ بىر جەڭچىسى بولدۇم. بۇ جەرياندا خەلق ئالقىشلىغان بەزى بىر مۇۋەپپەقىيەتلىرىم، ئالدى بىلەن پارتىيە تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

1951 ــ 1954 ـ يىللىرى شىنجاڭ يېزىلىرىدا فېئودال زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. مەن بۇ قاينام ـ تاشقىنلىق كۈرەشكە قاتنىشىش جەريانىدا «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»نى بىرقەدەر ئەستايىدىل ئۆگەندىم. نەتىجىدە مېنىڭ ئىدىيىۋى زېمىنىمدىمۇ ئىسلاھات يۈز بەردى. شۇڭا بۇ جەرياندا يازغانلىرىمنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولدى. نۇرغۇن سورۇنلاردا «دەرد»،

«ئويغىنايلى دېھقانلار» دېگەن شېئىرلىرىم ئېزىلگەن دېھقانلارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ كۈرەش قىلىش جاسارىتىگە ئىلھام بېرىش، زومىگەر — پومېشچىكلارنى دىر - دىر تىترىتىش رولىنى ئوينىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئىدىيىسىنىڭ، خەلق بىلەن بىر يۈرەك بولۇشنىڭ كۈچىنى ئېنىق ھېس قىلدىم. 1952 — يىلى قەشقەر پاختەكلى يېزىسى دېھقانلىرى مېنى ئۆزلىرىگە قەلبداش ساناپ يەر ئىسلاھاتى غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنى نامىدىن ماۋجۇشىغا يوللايدىغان تەشەككۇرنامىسىنى نەزمىلىك قىلىپ يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن چامىمنىڭ يېتىشىچە بېجىردىم. ماۋجۇشى بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، پاختەكلى دېھقانلىرىغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى. بۇ، ئەينى زاماندا مەن ئۈچۈنمۇ تەسىرلىك تەربىيە ۋە ئىلھام بولدى.

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە، جۇملىدىن "ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش" يۆنىلىشىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئېلىمىز ئەدەبىياتىدا بىرمەزگىل ئالاھىدە جۇشقۇنلۇق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مەنمۇ بۇ ئىللىق باھار قوينىدىكى ئەدەبىيات بېغىدا ئۆز ئىقتىدارىمغا لايىق يېڭى گۈللەر ئۆستۈرۈشكە كىرىشتىم. بۇ جەرياندا يازغان «مەن سوتسىيالىستىك شەھەر ئادىمى»، «يۈرەك سۆزى»، «ۋەتىنىم» قاتارلىق سىياسىي لىرىكىلىرىم، «ۋالاقتەككۈرنىڭ ئۆلۈمى»، «ساك مۇدىرى» قاتارلىق ھەجۋىي شېئىرلىرىم، «تۇگىمەس ناخشا» قاتارلىق بىر قىسىم مۇھەببەت لىرىكىلىرىم جامائەتچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدە خېلى ئالقىشقا ئېرىشكەنىدى. شېئىرىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىم بارغانسېرى ئايدىڭلىشىپ تېخىمۇ جۇشقۇنلۇق روھ بىلەن خەلققە يەنىمۇ ياخشىراق گۈللەر تەقدىم قىلاي دەپ تۇرغىنىمدا، "سول" ئىدىيىۋى ئېقىم ئەۋج ئېلىپ، مەنىمۇ كالتەكلىنىپ باغدىن قوغلاندىم. ئارىلىقتا ھاۋا بىرئاز ئۆڭشىلىۋىدى، يەنە باغقا كىرىپ دەككە-دۈككە ئىچىدە بولسىمۇ ئانچە-مۇنچە بىرنېمە ئۈندۈردۈم. بۇ مەزگىلدە يازغان «ئۆزۈم ئۆزگەندە»، «لەۋلىرىڭنى شۇ ئۆزۈمگە ئوخشاتتىم»، «بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى»، «سارىيە»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» «يۈپخۇاتەيگە زىيارەت» قاتارلىق شېئىرلىرىم، «ئىگىلىك سۇ» ناملىق باللادام ۋە بىرقانچە رۇبائىيلىرىم خېلى ئالقىشقا ئىگە بولدى. «ئاساسەننىڭ شىكايىتى»نىمۇ شۇ مەزگىلدە يازدىم. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي چوڭ ئاپەتلىك بوران يېتىپ كەلدى-دە، مەنمۇ تاش-بوران ئىچىدە قالدىم. 1966-يىلدىن 1973-يىلغىچە ئۆمرۈم كۈرەش يىغىنلىرىدا دەشنام-دۇمبا يېيىش، سازايى قىلىنىش، نازارەت ئاستىدا ئېغىر ئەمگەك قىلىش، سۈرگۈن ئازابىنى تارتىش بىلەن ئۆتتى.

1973-يىلى جىنايى ئەنزەم دەسلەپكى قەدەمدە تۈزىتىلىپ تەشكىلىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولدۇم. يېزىش ھوقۇقۇممۇ بېرىلدى. بىراق، يازغىنىمنىڭ خېلى كۆپ قىسمى زاكازنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئىدىيەمدىكى دەككە-دۈككىلىكنىڭ خوراپاتنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

"تۆت كىشلىك گورۇھ" بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، بۇرۇنقى تۆھمەت-بەتناملاردىن قۇتۇلۇپ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش جەريانىدا تەجرىبە-ساۋاقلىرىمنى

قاينا يەكۈنلەپ خىلىلا جانلىنىپ قالدىم. خەلق ۋە پارتىيە ئالدىدىكى بۇرچۇمغا مەسئۇل بولۇش روھىم، چىنلىققا، سەنئەتكە سادىق بولۇش جۇرئىتىم، ئىنتىلىشىم كۈچىيىپ باردى. بەش يىل جەريانىدا چوڭ كىچىك بولۇپ 200 پارچىدىن كۆپ شېئىر يېزىپتىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە «ئاتىنىڭ نەسىھىتى»، «بولمىسا»، «كانايدىن ئۇن چىقماس ياغلىمىسا»، «چال ئوغلۇم»، «قانداق قىلاي»، «سادا»، «تۆمۆچەل كەتتى ئۆتۈپ»، «ئاق»، «يۇرتۇمنى كۆرۈپ» قاتارلىق شېئىرلىرىم ھەم بىرقانچە رۇبائىي ۋە مۇھەببەت لىرىكىلىرىم بىرقەدەر ئالقىشقا ئىگە بولدى. يەنە «ئوغرىنىڭ ئەسلىمىسى» ناملىق كىچىك بىر داستانمۇ يازدىم. چوڭراق داستان يېزىش ئويۇممۇ بار.

شېئىر يېزىشقا كىرىشكىنىمگە 37 يىل بوپتۇ. ھازىرغىچە 7 — يۈزدەك شېئىر يېزىپتىمەن. راستىنى ئېيتسام، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىرى ئاز ئىكەن، بەزىلىرىدىن كۆلگۈم كېلىدۇ، بەزىلىرىدىن خىجىل بولىمەن. بۇ كۆڭۈلسىزلىككە زامانىنىڭ نۇقسانىمۇ سەۋەبچى. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن مېنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيەم ۋە كەسپىي ئىقتىدارىمنىڭ مەسئۇلى. مەن بۇ ئاجىزلىقىمنى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە، ماركسىزمنى كەسپىمگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى چىقىراق ئۆگىنىشكە موھتاجلىقىمنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن.

## شېئىر نېمىدىن تۇغۇلىدۇ؟ قانداق تۇغۇلىدۇ؟

شېئىرمۇ ئانىسىدىن تۇغۇلىدۇ، شېئىرنىڭ ئانىسى رېئال تۇرمۇش، ئۇ ئەنە شۇ رېئال تۇرمۇش ئاتلىق ئانىسىدىن تۇغۇلىدۇ. باشقىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئېيتقاندا، رېئال تۇرمۇش — شېئىرنىڭ تۆرىلىش زېمىنى، شېئىر شۇ زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدۇ.

مەلۇمكى، رېئال تۇرمۇشتىكى ۋەقە، ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ ھېسسىي تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شائىر ئەنە شۇ ۋەقە، ھادىسىلەردىن كۆڭلىدە قوزغالغان ھېسسىي تۇيغۇلار ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ (يەنى ئىلھاملىنىپ) ئۇنىڭدىن بىرەر ماھىيەت تېپىپ، شېئىريي پىكىر ھاسىل قىلىدۇ. شۇ پىكىرگە لايىق بەدىئىي ۋاستە-لەرنى جارى قىلىپ، شېئىر گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىراق شېئىرىيەت يولىغا يېڭىدىن قەدەم قويغان ياشلار بۇ جەرياننىڭ ئېغىرلىقىنى ھە دېگەندىلا چوڭقۇر ھېس قىلىپ كېتەلمىسە كېرەك.

يېڭىدىن قەدەم قويۇش دېگەندە كىچىك بالىنىڭ مېڭىش جەر-يانىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. كىچىك بالا مېڭىشنى چوڭلاردىن ئۆگىنىدۇ. دەسلەپتە ئۇلار چوڭلارنىڭ يېتىلەپ مېڭىشى بىلەن، دوراش بىلەن قەدەم باسىدۇ، كېيىن-كېيىن ئۆزى ماڭىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ياشلار شېئىر يېزىشنى باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىشتىن باشلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ شائىر بولغان ۋاقتى ئەمەس. قاچانكى، ئۇ گۆدەكلىك-دورامچىلىق دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، مۇستەقىل پىكىر قىلىش يولىغا چۈشۈپ، تۇرمۇش زېمىنىدىن بىۋاستە ئوزۇقلىنىپ مەھسۇلات ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن شائىر بولۇشقا باشلايدۇ.

مەن شېئىرىيەتكە بالىلىق ۋاقتىمدا (14 يېشىمدا) قەدەم باستىم. بىراق دورامچىلىق جەريانىم خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. دورامچىلىق دېگىنىمىز ماھىيەتكە چۆكمەي شەكىلگە بېرىلگەنلىك، شۇڭا دورامچى شەكىلۋاز كېلىدۇ. بۇ ئەقىل-بىلىمنىڭ، تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ

كەملىكىنىڭ ئىپادىسى. مەن دەسلەپتە خېلى بىرمەزگىلگىچە بىرقانچە چىرايلىق قاپىيىداش سۆزلەرنى تىزىۋېلىپ ئاشۇ قاپىيىنىڭ تەلىپىگە لايىق سۆز - پىكىر ئىزدەيتتىم. بۇنى قاپىيىدىن تۇغۇلغان شېئىرسىمان بىرنەرسە دېيىشكە بولار، لېكىن شېئىر دېيىشكە بولمايدۇ. مېنىڭ مەتبۇئاتقا يارىمىغان شېئىرلىرىمنىڭ تولىسى ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا يېزىلغان نەرسىلەر ئىدى. گەرچە دەسلەپكى مەشق تەرىقىسىدە بۇنداق قىلىشنىڭ بىرئاز ئەھمىيىتى بولسىمۇ، بىراق شۇ يول بىلەن كېتىۋەرسەم، ئۆمرۈمنى زايا قىلىۋېتىدىكەنمەن.

تىرىشىپ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە مەلۇم جەريان ئۆتكەندىن كېيىن، رېئال تۇرمۇشتىن بىۋاستە تەسىرلىنىپ قوزغالغان پىكىر ھېسسىيات- لىرىم ئاساسىدا يازغانلىرىمنىڭ بەزىلىرى ياكى بەزى مىسرالىرى شېئىرغا ئوخشايدىغان بولۇپ قالدى.

«جەڭچى ئاكامغا» دېگەن شېئىرىم بۇنىڭ دەسلەپكى مىسالى بولسا كېرەك. مەن شۇ چاغدا قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئەسكەرلىككە يېزىلاي دەپ بارسام، كومىسسىيە "يېشىڭ توشمايدىكەن" دەپ قوبۇل قىلمىدى. مەن باشقا ھەمدەملىرىمنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن كومىسسىيىگە "ئادەمنىڭ ئىرادىسى ياش بىلەن ئۆلچەنمەس" دېگەنىدىم، كومىسسىيە باشلىقى (رەھمەتلىك قاسىمجان قەمبىرى) كۈلۈپ كېتىپ: "ھوي، ئۆزەڭ كىچىك بولغان بىلەن گېپىڭ چوڭ ئىكەن" دەپ مۈرەمگە ئۇرۇپ قويدى. مەن گويا بىر مۇكاپاتقا ئېرىشكەندەك بولدۇم. بىراق، ئۇلار مېنى يەنىلا كىچىك دەپ قوبۇل قىلماي قويدى. بۇنىڭدىن قوزغالغان رەنجىش «جەڭچى ئاكامغا» دېگەن شېئىرىمنى يېزىشىمنىڭ ئىلھامى بولدى. شۇنىڭدەك بۇ رەنجىشنىڭ تەسىرلىكرەك ئىپادىسى "ياش بىلەن ئۆلچەنمەس"

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەن سۆزۈم بۇ شېئىرىمنىڭ ئاساسلىق بىر پىكرى بولدى. كىشىلەرمۇ شېئىرلىرىمنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بايقاپ ھەم باشقا شائىرلار يازغان بەزى شېئىرلارنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى كونكرېت سەۋەبلىرىنى سورۇشتۇرۇپ بارا-بارا رېئال تۇرمۇش زېمىندىن شېئىر ئۈندۈرۈش يولىغا قاراپ ماڭغىلى تۇردۇم.

«ئاتىنىڭ نەسىھىتى» دېگەن شېئىرىمنىڭ يېزىلىش جەريانىنىمۇ دەپ ئۆتۈش ئەھمىيەتسىز بولمىسا كېرەك. بىر كۈنى يېزىدا بىر ياش يىگىت ئەترەت باشلىقى بولۇپ سايلاندى. شۇ سورۇندا يىگىتنىڭ دادىسى ئورنىدىن تۇرۇپ: "بوپتۇ، بالام، كۆپچىلىك سېنى خالاپ كادىر سايلىغاندىن كېيىن، ئەترەتنى باشقۇرۇپ باق. ئەمما بىر نەسىھىتىم بار: "كادىر بولساڭ خەلقنىڭ سۈپۈرگىسى بول" دېگەن بىر گەپنى قىلدى. شۇ ھامان مېنىڭ كۆز ئالدىمغا سۈپۈرگە كەلدى-دە، خاتىرە دەپتىرىمگە تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ قويدۇم: "سۈپۈرگە بىر خىل زۆرۈر ئەمگەك قورالى، تۇرمۇشتا ئېھتىياجلىق ئەسۋاب. ئۇ ئۆي-ھويلىنى ئەخلەتتىن تازىلايدۇ. بىراق ئۇ بۇ ئەجرى ئۈچۈن ئىمتىياز تەلەپ قىلمايدۇ، تۆر تالاشمايدۇ، پەگاھتا تۇرىدۇ" بۇ، ھەقىقەتەنمۇ بىر شېئىرغا لايىق ئوبرازلىق پىكىر ئىدى. كېيىن مۇشۇ ئاساستا بىر ناخشا تېكىستىنى يېزىشقا كىرىشتىم. ناخشا تېكىستىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى قانداق شېئىر شەكلى بىلەن ئىپادىلەش لازىملىقى، ھەتتا ئاساسىي پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينايدىغان "سۈپۈرگە، تۆر، پەگاھ" دېگەن سۆزلەرنىڭ قانداق ۋەزنى شەكلىدە راۋان چىقىدىغانلىقى، بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنى بولسىمۇ قاپىيە ئورنىغا جايلاشتۇرۇش لازىملىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئاخىرى بىر خىل غەزەل شەكلىنى تاللاپ يېزىپ چىقتۇ-

دىم، خېلى قاملاشتى.

«ئاق» دېگەن شېئىرىم، بولۇپمۇ قازاق كىتابخانلارنىڭ خېلى قىزغىن ئالقىشىغا ئېگە بولغانلىقى مەلۇم، بۇ شېئىرنى 1980 - يىلى يازدا ئالتاينىڭ چىڭگىل يايلاقلىرىدا "ئاۋۇل قىدىرىپ" يۈرگەن ۋاقتىمدا يازغان ئىدىم. بۇ جەرياندا مەن قازاق خەلقى بىلەن بىرقەدەر ئىلگىرىلەپ تونۇشتۇم (شۇنىمۇ ئېنىق ھېس قىلدىمكى، قازاق خەلقىنى ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش زېمىنىغا كىرمەي تۇرۇپ يەنى چىڭگىلگە ئوخشاش چارۋىچىلىق رايونلىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن). مەن ئۇ يەردە بىر قىسىم قازاق كادىرلىرى ۋە مالچىلىرى بىلەن ھەمسەپەر، ھەمتاۋاق، ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئاق (سۈت، قىمىز، قېتىق، قۇرۇت، ئىرىمچىك قاتارلىق ئوزۇقلۇق) ھەققىدە نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك گەپلەرنى ئاڭلىدىم. بولۇپمۇ بەزىلەرنىڭ "قازاق ئاقسىز ياشىيالمايدۇ، بۇنى چۈشەنمىگەن ئادەم قازاقنىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ. قازاق ئۆزىنى ئاقتىن مەھرۇم قىلىدىغان سىياسەتنى قارشى ئالمايدۇ" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىنىڭ نەقەدەر ئورۇنلۇق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس قىلدىم، ئىنتايىن "سولچىل"لىقنىڭ بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، بىرمەزگىل قازاق چارۋىچىلىرىنى ئېچىنىشلىق ئازابقا سالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق غەزەپلەندىم ۋە ھازىر چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەمەلىيلىشىۋاتقان توغرى يېڭى سىياسەتنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىدىن شادلاندىم. بۇ مېنىڭ «ئاق»نى يېزىشىمغا ئىلھام بولدى. بۇ تېمىنى ۋە ئۇنىڭغا لايىق شېئىرىي پىكىرنى ماڭا قازاق خەلقى بەردى. شۇنداقلا مەن بۇ تېمىنى ئىپادىلەشتە قازاق شېئىرىيىتىنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە شەكىل-

لىرىدىنىمۇ پايدىلاندىم. بىرقانچە قازاق شائىرلىرى بۇ شېئىرنىڭ بىرقانچە خىل تەرجىمە نۇسخىلىرىنى ئىشلەپ ئېلان قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان قازاق يولداشلار "سەن قازاقنىڭ يۈرىكىدىكى گەپنى قىپسەن، سېنى قازاق ئاقىنلىرىنىڭ تىزىملىكىگىمۇ يېزىۋالىمىز" دەپ رەھمەت ئېيتىشتى، ئاۋۇللىرىغا بارسام تۆرگە چىقىرىپ، ئالدىمغا ئاق تۆكۈپ، ھەتتا كۆك قاشقا تايغىمۇ پەتە قىلدۇردى. بۇ مېنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى، مېنى «ئاق»نى يېزىشقا ئىلھاملاندۇرغان، ئاق بىلەن مۇكاپاتلىغان ئاق نىيەت قازاق خەلقىغە چوڭ رەھمەت ئوقۇيمەن ھەم قەرزدارمەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار ماڭا "شېئىر رېئال تۇرمۇشتىن تۇغۇلىدۇ، شەكىلنى مەزمۇن بەلگىلەيدۇ" دېگەن داۋلىنىڭ توغرىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

بىراق شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، "شېئىر رېئال تۇرمۇش-تىن تۇغۇلىدۇ" دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ كىتابىي بىلىملەرگە سەل قارىغانلىق ئەمەس، ئەدەبىيات تارىخىمۇ بىزگە شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇكى، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە زور ئەھمىيەتلىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى ياراتقۇچىلار ئۆز تېمىلىرىغا دائىر ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبىسىگە، بىلىمگە باي بولۇش بىلەن بىللە ئەتراپلىق كىتابىي بىلىمگە، يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىگە ئىگە، بەزىلىرى بىرقانچە مىللەت تىلىنى بىلىدىغان، بىرقانچە خىل ئىختىساسقا ئىگە ئادەملەر ئىدى. دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر-لەرنى ياراتقۇچىلار ئۆز مىللىي مۇھىتىنىڭ ۋە شۇ مۇھىتقا خاس سەۋىيىنىڭ مەھسۇلى بولماي، بەلكى دۇنياۋى بىلىمگە ئىگە دانىش-مەنلەر ئىدى. دېمەك، ئەمەلىي تۇرمۇش بىلىمى بىلەن كىتابىي بىلىم

بىرلەشتۈرۈلمىسە، سەۋىيىلىك بەدىئىي ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ھازىرقى زامان سەۋىيىسى ئىلىم-پەنسىز شەكىللىنەلمەيدۇ. جۈملىدىن ئەدەبىي سەۋىيىمۇ شۇنداق. ئىلمىي سەۋىيىسى بولمىغان ئادەم ساۋاتسىز، نادان ئادەمنىڭمۇ ئوبرازىنى يارىتالمايدۇ (چۈنكى نادان ناداننى چۈشىنەلمەيدۇ-دە)، شۇنداق ئىكەن، ئۇ سەۋىيىلىك ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى قانداق يارىتالىسۇن؟

دېمەك، شائىر رېئال تۇرمۇشتىن سەۋىيىلىك شېئىر تۇغدۇرۇش ئۈچۈن كىتابىي بىلىمگە موھتاج، ماركسىزمنى ئىگىلىمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ رولىنى توغرى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل ئىلىم-پەندىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ، رېئال تۇرمۇشنى توغرى ۋە ئىنچىكە كۆزەتكىلى بولمايدۇ. شېئىرغا دائىر بىلىملەرنى بىلمەي تۇرۇپ، رېئال تۇرمۇشنى شائىرلىق نۇقتىدىن كۆزىتىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ، ياخشى شېئىر ئۈلگىلىرى بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇش بىلىمى بىلەن كىتابىي بىلىم شائىرنىڭ ئىككى قانىتى. ھەر ئىككى قانات مۇستەھكەم بولسا، شېئىرىيەت سۇمۇرغى ئەركىن، بەلەن پەرۋاز قىلالايدۇ. مەن بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشتە كېچىككەنلىكىم ئۈچۈن (شۇنداقلا بۇ چۈشەنچىنى بالدۇرراق ئىگىلەپ، ئاجىزلىقىمنى تولدۇرۇشنىڭ شەرت-شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن) قاتتىق ئېچىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بىزگە ھەجۋىي ئەسەر لازىممۇ-يوق؟ سىز ھەجۋىي ئەسەر يېزىشتىن پەندىيات يېدىڭىزمۇ، قانداق؟

ھەجۋىي رېئال تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلاتى، ئىنكاسى. چۈنكى رېئال تۇرمۇشتا مەسخىرىلىك ئىللەتلەر بار بولغىنى ئۈچۈن ئەدەبىياتتىمۇ ئۇنى ئىپادىلەشكە لايىق ژانىر — ھەجۋىي پەيدا بولغان. ئۇ پىكىرنى ئىپادىلەشتە ساددا، تۈز، سىنپايە ئىبارىلەرگە ئەمەس، بەلكى يۇمۇرغا، تەنە كۈلكە تىلىغا يۆلىنىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتقا ئاشۇ تەنە كۈلكىسى بىلەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ كۈلكە خۇددى بېلىنسكى ئېيتقاندەك "ئاچچىقلانغان ھېسنىڭ ھەملىسى، ئېنېرگىيىسى، ئالىيجاناب غەزەپنىڭ گۈلدۈرماما ۋە چاقمىقى".

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەجۋىي ئەنئەنىگە باي ئەدەبىيات. نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا شەكىللىنىپ، بېيىغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، يېقىنقى زامانلاردىكى موللازەيدىن، سەلەي چاققان، موللا مەتنىياز، ئابدۇگايىت قىزىقچى قاتارلىقلارنىڭ لەتىپىلىرى، ئەخمەتشا قاراقاشىنىڭ يامان ئات توغرىسىدىكى مۇخەممىسى ئۇيغۇر ھەجۋىي ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئۈلگىلىرى. بۇ ئەنئەنىلىك ئۈلگىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زامانىۋى ھەجۋىي ژانىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى.

ھەجۋىي ھەممە ئادەمگە ئورتاق نەرسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قانداق تەتبىق قىلىش — نىمىنى، قانداق نەرسىنى مەسخىرە قىلىش كىشىلەرنىڭ كونكرېت ئىدىيە ۋە تونۇشىغا باغلىق. شۇنداق ئىكەن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزمۇ ئۆزىگە خاس ھەجۋىي ئۆلچىمى بار.

ربئا اللقتىن كۆز يۇمۇشنى خالىمايدىغان سوتسىيالىزم ئادە
بىزنىڭ بۈگۈنكى ھاياتىمىزدا يورۇقلۇق تەرەپنىڭ ئاساسىي ئورۇن
تۇرىدىغانلىقىنى، كىشىنى خۇش قىلىدىغان، زوقلاندۇرىدىغان ئىجاب
نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئاسا
تەرەپنى گەۋدىلەندۈرۈش، مەدھىيىلەش سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات
مىزدا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەشكە تېگىشلىك. لېكىن شۇنىمۇ ئېتىرا
قىلىش كېرەككى، جەمئىيىتىمىزدە يەنە قاراڭغۇ تەرەپمۇ با
كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، يىرگىندۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئىللەت
مەۋجۇت. ئۇ ئالغا بېسىشىمىزنىڭ توسالغۇسى. ئۇنى كۆرمەس
سېلىش، پاش قىلماسلىق، تەنقىدلىمەسلىك چىنلىققا سادىق بولمىغا
لىق، جەمئىيەتكە مەسئۇل بولمىغانلىق.

مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەجۋىي ئەنئەنىسىگە خېلى بۇرۇن
قىزىقتىم، چاقچاق - شاڭخولارغىمۇ كۆپ ئارىلاشتىم، شۇنىڭدە
باشقا بەزى مىللەتلەرنىڭ يۇمۇر - ھەجۋىيلىرى بىلەنمۇ ئانچە - مۇنچ
تونۇشتۇم. ئۇلاردىن روھىي ئوزۇق، بەدىئىي ئوزۇق ئالدىم. ئۇنىڭ
مەنىۋى ھاياتىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان رولىدىن تەسىرلىنى
بىرقانچە ھەجۋىي شېئىرلارنىمۇ يازدىم. بىراق بۇ نەرسىلەر 58 -
59 - يىللىرى، بولۇپمۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ۋاقتىدا مېنىڭ بى
جىنايىتىمگە ئايلاندى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كالتەكنىڭ زورىنى يېدىم
شۇڭا بىرمەزگىل ھەجۋىي ئەسەر يېزىشتىن پەندىيات يېگەندەكمۇ
بولغان. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 -
ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، بۇنداق كالتەكلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكى،
شۇنداقلا ھەجۋىي ئەسەر يېزىشتىن پەندىيات يېيىشنىڭ ئورۇنسىز
ئىكەنلىكى ھەممىگە دېگۈدەك ئېنىق بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ قارىلانغان دەسلەپكى ھەجۋىي شېئىرىم «ۋالاقتەككۈرنىڭ ئۆلۈمى» ئىدى. قارىلىغۇچىلار ئۇنى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە يوق ئادەم، دېيدى. دەرۋەقە ۋالاقتەككۈرۈپ ئاتلىق ئادەمنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە مەنمۇ ئىقرار. لېكىن مەن ئات قويۇپ سۈرەتلىگەن ۋالاقتەككۈرۈپقا خاراكتېرى ئوخشايدىغان ئادەملەر جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت. ئۇلار قۇرۇق پرىنسىپنى توۋلاپ، ئادەم قورقۇتۇپ جان باقىدۇ، ماركسىزمنى، پارتىيە پرىنسىپلىرىنى خۇراپاتقا ئايلاندۇرۇۋالغان بۇ ئادەملەر گويا كېسەلنى رەم سېلىپ ساقايتىمەن دەيدىغان داخانغا ئوخشايدۇ. ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئىسكىلاتتىقا ئوت كېتىۋاتسا، ئۇنى دەرھال ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي چارە كۆرمەي، بەلكى ئۆزىنىڭ ساختا پرىنسىپچانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق لېكسىيە ئوقۇشقا ئۇرۇنۇشى قايسى داخاندىن كەم. بۇنداق پرىنسىپچانلىقتىن پايدا ئەمەس، زەرەر يېتىدۇ. شۇڭا بۇنداقلارنى ئەڭ بولمىغاندا ۋىجدان سوتىغا تارتىپ ھەجۋىي قامچىلاش كېرەك. بۇنداق جازا پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماسلىققا پايدىلىق.

بىر چاغلاردا مېڭىمىز قىزىپ كېتىپ، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش نەتىجىسىدە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ جازاسىغىمۇ ئۇچرىدۇق. بۇنداق ھالەتتە، "ئۇتۇقلىرىمىز ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ" دېگەننى خاتالىق ۋە مەغلۇبىيەتلىرىمىزنى يوشۇرۇش نىقابى قىلىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى ئالدايدىغان ئىللەتكە خاتىمە بېرىش توغرۇلۇق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ "ئاساسەن"نىڭ نامىدىن يالغانچىلىق مۇبالىغىچىلىق ئۈستىدىن بىر شىكايەت قىلىپ قويۇشنى "ئۆلۈمگە مەھكۇم" بولغۇدەك جىنايەت دېسە، مەنمۇ

چۆچۈپ كېتىپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام مۇشۇ چۆچۈش-نىڭ ئۆزىمۇ كۇلكىلىك ئىكەن.

3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن بىزدە ھەجۋىي ئەسەرلەر خېلى يېزىلىدىغان بولدى. ئۇ، بولۇپمۇ ئىنتايىن "سول" ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ زەردابلىرىنى ئېرىغداش جەھەتتە مەلۇم رول ئوينىدى. بىراق بەزى ھەجۋىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. بۇ كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى خاتا ۋە ساغلام بولمىغان خاھىشلار ئەلۋەتتە تەنقىد قىلىنىشى كېرەك. بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ھەجۋىنى ياشاش، كۈرەش قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى جەمئىيىتىمىزدە سەلبىي ئىللەتلەر مەۋجۇت ئىكەن، كۇلكە نەشتىرىمۇ لازىم.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەن يەنە بىرقانچە ھەجۋىي شېئىرلارنى يازدىم. ئۇنىڭ بەزىلىرى كىشىلەرنىڭ خېلى دىققىتىنى قوزغاپتۇ. بەزى تەنقىدىي پىكىر، مەسلىھەتلەرنىمۇ ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ ماڭا پايدىسى بولدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ شۇنداق بىر ئاجايىپ "مىللىي غۇرۇرى" كۈچلۈك ئادەملەر باركى مۇبادا بىرسى ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولغان بەزى ئادەملەردىكى بىرەر ئەيىب - ئىللەتنى بىرەر ئەسەردە پاش قىلسا ياكى مەسخىرىلىسە، ئۇنى، "مىللەتنىڭ خائىنى" دېيىشكە ئاران تۇرىدۇ. ئۇنداقلار ئۆز مىللىتىنىڭ ھەقىقىي پەزىلىتىنى چۈشەنمەيدۇ. ئىللەتنىمۇ پەزىلەت دەيدۇ. ئۇنداقلارنىڭ رايىغا باقساق، ئۇيغۇرلارنى قانداقمۇ زامانىۋى مەدەنىي مىللەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

مېغىز ھەم شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ،
ئەي ئەقىل، شۇنداق چۈشەن مىللەتنىمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېيىدۇ مىللەتنىڭمۇ پەزىلىتى،
چۈشەنسە ئۆزىدىكى ئىللەتنىمۇ.

ھۇلىڭدەك ئەدەبىياتتا پالانى ئاتلىق بىر ئادەم ھەجۋىي قىلىنسا، پۈستانى ئاتلىق بىر رېئال شەخسنىڭ رەنجىپ ھەتتا سەكرەپ كېتىدىغانلىقى بىزدىمۇ مەۋجۇت ئەھۋال. بۇنداق ئەھۋال ياكى ھەجۋىنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ ياكى بەزى رېئال ئادەملەرنىڭ مەلۇم ھەجۋىي ئوبرازىدا ئۆز كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ قالغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

كېيىنكى ئەھۋال ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاشۇ ھەجۋىي ئەسەرنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەلۋەتتە، ھەجۋىنىڭ كۈچى چەكلىك، ئۇنىڭدىن بەزىلەر ئىبرەت ئالىدۇ، بەزىلەر ئىبرەت ئالالمايدۇ. جەمئىيەتتە بىر قىسىم ئۆزگەرمەس يامان ئادەملەر، مەسىلەن، خىيانەتچىلىكنى ياكى ئوغرىلىقنى، ياكى ئالدامچىلىقنى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كەسپى قىلىۋالغان بۇزۇقلار بار. ھەجۋىي ئارقىلىق بۇ خىل ئىللەتلەرگە نەشتەر سانجىشقا تېگىشلىك، لېكىن ئۇلارنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا كېرەك (ئۇنداقلارغا لايىق باشقا چارە، قانۇن تۈزۈملەر بارغۇ)، ھەجۋىي بۇ خىل رەزىل ئادەملەرنىڭ يىرگىنىشلىك ـ مەسخىرىلىك سۈرىتىنى سىزىپ، باشقىلارنىڭ بۇ خىل ئىللەتلەردىن نەپرەتلىنىپ، ھەزەر قىلىش ھېسسىياتىغا ياردەم بېرەلىسە، ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان بولىدۇ.

## مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى قانداق يېزىش كېرەك؟

گەرچە مەن ئۆزۈمدىن بۇيان بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرسى بولسامۇ، بىراق تېخىچە تۈزۈك بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىدىم. كاشكى "سىز مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى قانداق يېزىۋاتىسىز؟" دېگەن سوئال بولسىمۇ بىر گەپ ئىدى. خەير، ئۆزەممۇ مۇھەببەت لىرىكىلىرى يېزىپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ سوئالدىن قېچىشقا ئامالسىز قالدىم. شۇڭا بۇ ھەقتە دۇدۇقلاپ بولسىمۇ بەزىبىر ھېسسىياتلىرىمنى دەپ باقاي.

ئىشقىي مۇھەببەت ئىنسانلار ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئادەم مۇھەببەتكە موھتاج بولغىنىدەك، مۇھەببەتمۇ ئەدەبىياتقا موھتاج. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئىشقىي مۇھەببەت ئەزەلدىن بېرى ئەدەبىياتنىڭ بىر تېمىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گەۋدىلىك بىر تەركىبىي قىسمى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدۇر. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر كلاسسىك غەزەللىرىدىمۇ مۇھەببەت لىرىكىلىرى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىمۇ شۇنداق. بۇ لىرىكىلارنىڭ تولىسىدا ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىشتىياقى، ئالىيجاناب ئىنسانىي ھېسسىياتلىرى، نازۇك پىكىر دۇردانىلىرى جەۋلان قىلىدۇ. بۇ لىرىكا دۇردانىلىرى ئىنسانىيەت ھاياتىنى مەنىۋى گۈزەللىك بىلەن بېيىتىشتا چوڭ رول ئوينىدى.

گەرچە ئىشقىي مۇھەببەت ئىنسانىيەتكە ئورتاق خۇسۇسىيەت بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تارىخىي شارائىتى، سىنىپىي ئورنى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۇنيا قارىشى، ئەخلاق ۋە ئېستېتىك ئۆلچەملىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتكە بولغان كۆز قارىشىمۇ، مۇناسىۋىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر ئۈچۈن مۇھەببەت شەھۋانىي نەپسىنىڭ تەلپى، بەزىلەر ئۈچۈن ماددىي پاراۋانلىققا، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى. بۇ ۋىجدان بىلەن چىقىشالمايدىغان پەسكەشلەرنىڭ مەنتىقىسى. ۋەھالەنكى، ئەنە شۇنداق پەسكەش تەرغىباتلارمۇ ئەدەبىياتتىن ئورۇن ئىزدەيدۇ. ئۇ لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئەدەبىيات تارىخىنىڭ، جۈملىدىن مۇھەببەت لىرىكىسى تارىخىنىڭ نۇرلۇق سەھىپىسى ھەرگىز بوغۇلمايدۇ. ھەربىر تارىخىي دەۋردە مۇھەببەت ھەققىدىكى پەسكەش تەرغىباتلارغا قارشى ئالىيجاناب ئىدىيىلەرگە ئىگە لىرىكىلار ياڭراپ تۇردى. بۇ لىرىكىلاردىكى گۈزەللىككە شەيدالىقنىڭ ئاساسدا سەممىي-ساداقەتلىك، ۋاپادارلىققا قارىتا چوڭقۇر مۇھەببەت، ساختىلىققا، زوراۋانلىققا قارشى كۈچلۈك نەپرەت ياغىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭدىكى رەشىقمۇ پاك مۇھەببەتنى قوغداش ھېسسىياتىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇلاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئىدىيىسى ئادالەتسىز نىكاھ قانۇنىغا قارشى ئىسيان. قىسقىسى، بۇرۇنقى مۇھەببەت لىرىكىلىرى يېڭىچە پرولېتارىياتقا خاس مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئۈچۈن ئەينەكلىك رولىنى ئوينايدۇ.

پرولېتارىياتنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى كۆز قارىشى ئەڭ يۈكسەك ئالىيجانابلىققا ئىگە. بۇ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئالىيجاناب غايىسى بىلەن باغلانغان. ئۇنىڭ مۇنداق غايىگە ئىگە تەبىئىتى ھەممىدە شەخسىي ئىشقىي مۇھەببەتنى ئاساس قىلىدىغان چاكىنا مىشچانلىق، ئېگوئىستلىق

بىلەن بىرلەشمەيدۇ. ئۇ ساختا ئاشىق بولۇشقا، ئەخلاق —
ۋىجداندىن خالىي مۇھەببەتنى كۈيلەشكە تېخىمۇ موھتاج ئەمەس
ئۇنىڭ لىرىك ھېسسىياتىدا، لىرىك قەھرىمانىنىڭ گۈزەللىكى—
ئىشتىياقى، خۇشاللىقى ۋە قايغۇ ـ ھەسرىتىدە ئۆز تەبىئىتىگە خاس
ئالىيجانابلىقنىڭ نۇرى جەۋلان قىلىدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيىتىم
بۇنداق مۇھەببەت لىرىكىرىغا بەك موھتاج.

مۇھەببەت ھەققىدە يېزىپ باقمىغان شائىر يوق ئوخشايدۇ
بولۇپمۇ ياشلىق مەزگىلىدە قوزغالغان ئىشقىي ھېسسىياتلار شېئىرىيەتكە
يېقىن بولغاچقىمۇ ھەممىلا ئادەم ئۇنى شېئىرىيەتلىك ئىپادىلەش
تىرىشىدۇ. شۇڭا كىمدۇ بىرسى ياشلىقتا كىم شائىر بولمىغان
دەپتىكەن. مەنمۇ ئۆزەمدە يىگىتلىك ھېسسىياتى پەيدا بولۇش
بىلەن مۇھەببەت ھەققىدىمۇ شېئىر يېزىپ باققان. بىراق ئۇ
كۆپىنچە، مۇھەببەت ھەققىدىكى مۇجمەل پىكرىمنىڭ ئىنكاس
ياكى تەقلىدچىلىكنىڭ ئىپادىسى ئىدى. كېيىنرەك ئىشقىي مۇھەببەت
بابىدا بىرقەدەر بىۋاستە كەچۈرمىش ۋە ھېسسىياتلارغا ئىگ
بولۇپ، باشقىلارنىڭمۇ بۇ جەھەتتىكى كەچۈرمىش ۋە ھېسسىياتلىرىنى
كۆزىتىپ، ئاڭلاپ، شۇنىڭدەك مۇھەببەت ھەققىدىكى ئىلمىي
مۇلاھىزىلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ھەمدە بۇرۇنقى مۇھەببەت
لىرىكىلىرىنى ئاڭلىقراق ئۆگىنىپ، بىرقەدەر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە
ئىگە مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يېزىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم. ھازىر
يېزىۋاتىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە «كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا»، «ئالدانغا
قىزغا»، «ھەيرانمەن»، «تۆگىمەس ناخشا»، «ئەلەم»، «قەدىرلە
مەن سېنى جانان»، «بىر قىزنىڭ ھەسرىتى»، «يىغا تۇتتى مېنى
يەنە باھاردا»، «يىغلىما»، «جانان كېلىدۇ» دېگەن لىرىكىلىرىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرقەدەر تۆزۈكمىكىن، دەيمەن. لېكىن بەزى شېئىرلىرىدە گەرچە مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا مۇھەببەتكە خاس بولغان پىكىر ـ ھېسسىيات ئوبرازى يوق دېيەرلىك، ئۇنى مۇھەببەتكە خاس يالىڭاچ سىياسىي ئىبارىلەرنىڭ تىزمىسى دېيىش مۇمكىن. بەزىلىرىدە بولسا نوقۇل ئىشقىي ھېسسىياتلارلا ئىپادىلىنىپ قالدى، ھەتتا مۇھەببەت ھەققىدە ساغلام بولمىغان خاتا پىكىرلەرمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەسىلەن، «مۇھەببەت» دېگەن شېئىرىدە:

مۇھەببەتنىڭ تىلى يۈرەككە تاتلىق،
بۇ، ئۇنىڭ ھەممىدىن ئەۋزەللىكىدىن.

دېگەن مىسرالارمۇ بار. بۇنداق پىكىرلەر نوقۇل ئىشقىي مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان زىيانلىق خاھىشقا ياردەم بېرىدۇ، بىزنىڭ بۈگۈنكى ياشلىرىمىز بۇنداق لىرىكىلارغا موھتاج ئەمەس. بۇ ھەقتە ماڭا بېرىلگەن بەزى تەنقىدىي پىكىرلەر ھەقىقەتەنمۇ يوللۇق.

بەزى ياشلار مېنىڭ «يىغا تۇتتى مېنى يەنە باھاردا» دېگەن شېئىرىمنى كۆرۈپ، مەندىن "بۇ مۇھەببەت لىرىكىسىمۇ ياكى سىياسىي لىرىكىمۇ؟" دەپ سوراشتى. مەن ئۇلارغا بۇ شېئىر ھەم مۇھەببەت لىرىكىسى ھەم سىياسىي لىرىكا دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇلار بۇنىڭغا ئىنزاھ تەلەپ قىلغاچقا، ئۇنىڭ يېزىلىش جەريانى توغرۇلۇق قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي.

1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، مەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بەزى ناھىيە ھەم گۇڭشېلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" ۋاقتىدا ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ھاياتىدىن ئايرىلغان بەزى قەدىناس بۇرادەرلىرىمنىڭ تەزىيە مۇراسىملىرىغا داخىل

بولدۇم. بۇ مۇراسىملاردا مەرھۇملارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن
لىكى ئېلان قىلىندى. لېكىن بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا-
چاقىلىرى، تۇغقان-بۇرادەرلىرى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئا
ئۇرۇپ يىغلاپ كېتىشتى. مېنىڭ كۆڭلۈممۇ قاتتىق بۇزۇلدى ۋ
"ئۇلار ھايات بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە يىغلىماي، ئۇلار
بىلەن بىللە كۈلگەن بولار ئىدۇق. لېكىن بىز تۆكۈشكە مەجبۇر
بولغان بۇ جۇدالىق يېشى ئۇلارنىڭ پاك ئارزۇ گۈللىرىنى
ياشنىتىدىغان يامغۇرغۇ" دېگەن ئويلار كۆڭلۈمدىن كەچتى. ئۇزۇن
ئۆتمەي، بېيجىڭدا ئېچىلغان شېئىرىيەت ئىجادىيىتى يىغىنىغا
باردىم. بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان كەسىپداشلار بىر-بىرىمىز بىلەن
ھاياجان ئىچىدە دىدار كۆرۈشتۇق ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى
گۈللەندۈرۈش توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق. بىراق مەرھۇم شائىر گو
شياۋچۇەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئارىمىزدا يوقلۇقى ھەممىمىزنىڭ
كۆڭلىنى بىئارام قىلدى. بەزىلىرىمىز ئۇلارنى ئەسلەپ كۆز يېشىمۇ
قىلدۇق. مەن گو شياۋچۇەننىڭ يولدىشىنى يوقلاپ بارغىنىمدا،
ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى. بۇ كەيپىيات مېنىڭ ئىلىدىكى
تەزىيە مۇراسىمىدا ئويلىغانلىرىمغا يېڭى ھېسسىياتلار قوشتى.
مەن شۇنداق كەيپىيات ئىچىدە، «يىغا تۇتتى مېنى يەنە باھاردا»نى
يازدىم. بۇ شېئىردىكى لىرىك قەھرىماننىڭ تۆككەن كۆز
يېشى زوراۋانلىق دەستىدە ۋاقىتسىز جۇدا بولغان ئاشىقنى قايتا
ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنىڭ، ئەقىدىسىگە سادىقلىقىنىڭ ئىپادىسى
بولۇپلا قالماي، بەلكى ھايات سەپداشلارنىڭ زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى سېغىنىش ھېسسىياتى ۋە ئۇلارنىڭ
ئارزۇ گۈللىرىنى سۇغىرىپ ياشنىتىش ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغاچقا، بۇ شېئىرنى ھەم مۇھەببەت لىرىكىسى، ھەم سىياسىي لىرىكا دەپ ھېسابلايمەن.

بەزى ياش دوستلار "قېرىغاندىمۇ مۇھەببەت لىرىكىسى يازغىلى بولامدۇ؟" دەپ سورىشىدۇ. نېمىشقا بولمىسۇن؟ قېرىغاندىمۇ ئاجايىپ تەسىرلىك مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يازغان شائىرلار ئاز ئەمەسقۇ. شائىرنى بىر ھېسابتا ئارتىسقا ئوخشىتىش مۇمكىن. بىر ئارتىس ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ ھەر خىل روللارنى ئالىدۇ. شائىرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى باشقىچە، ئۇ تېخىمۇ كۆپ خىل روللارنى ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، بەزىدە ياش يىگىتنىڭ، بەزىدە ياش قىزنىڭ رولىنى ئالىدۇ، بەزىدە ئاتىنىڭ، بەزىدە ئانىنىڭ رولىنى ئالىدۇ، بەزىدە كىچىك بالىنىڭ، بەزىدە بوۋاي-مومايىنىڭ رولىنى ئالىدۇ. بۇنداق روللارنى ئېلىشقا ئۇنىڭ جىنسىي ئالاھىدىلىكى ياكى ساقىلى تاقاشمايدۇ. گەپ ئۇنىڭ شېئىرىيەت سەھنىسىدە ئېلىۋاتقان روللارنىڭ ئوبرازلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلىشى ياكى بېرەلمەسلىكىدە. ئۇنىڭ شۇ ئوبرازلار ھەققىدىكى ئىجادىي ئىزدىنىشى، تونۇشى، پىكىر-ھېسسىياتى قانچە ئەتراپلىق، تولۇق بولسا، ئۇنى شۇنچە ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلىشى مۇمكىن.

دەۋرىمىز مۇھەببەت لىرىكىلىرىغا، ياشلىرىمىزنىڭ ئالىيجاناب غايە تىكلەپ، ئىشقىي مۇھەببەت يولىدىمۇ ئېزىقماي مېڭىپ، بەختلىك بولۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىدىكى ئۆز بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىشىغا مەنىۋى ياردەم بېرىدىغان مۇھەببەت لىرىكىلىرىغا موھتاج. شېئىرىيىتىمىزمۇ بۇ ئېھتىياجىغا لايىق جاۋاب بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشقا تىرىشىشلىك.

## سىز تەنقىدتىن قورقامسىز؟

بۇرۇن تەنقىدتىن قورقاتتىم. چۈنكى ئۇ چاغلاردا تەنقىد ماگ
ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ، باشقىلارغا يامان كۆرسىتە
قويىدىغان، ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىدىغان نەرسىدەك سېزىلەتتى
بىراق، كېيىن ماركسىزمنىڭ تەنقىد ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى
ئۆگەنگەنسېرى، پارتىيىمىزنىڭ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد
قىلىش ئىستىلىنىڭ ئىجابىي نەتىجىلىرىنى كۆرگەنسېرى، جۈملىدىن
ئۆزەممۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغانلىقىم ئۈچۈن، تەنقىد ياخشى -
ياماننى ئايرىپ بېرىدىغان، ئادەمنى ئالغا باستۇرۇش رولىغا ئىگ
كۈچلۈك مەنىۋى قورال ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم
ئەدەبىيات تەنقىدىگە ئائىت بىرمۇنچە ئىلمىي ئەسەرلەرنى
كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۈچلۈك
ھامىيسى، ياردەمچىسى، ھەتتا يېتەكچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم

بىزدە ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلغان ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ
بەزىلىرى خېلى ياخشى رول ئوينىدى. بىراق "سول" ئىدىيۋى
ئېقىم ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە، بولۇپمۇ ئاپەتلىك ئون يىل
ئىچىدە ئەدەبىي تەنقىد دېگەن نەرسە ئاساسىي جەھەتتىن بەدەۋى
كالتەككە ئايلىنىپ كەتتى، ئەدەبىياتىمىزغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق
سالدى. ئۇنىڭ زىيىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ
تەسىرىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە
ئەدەبىي تەنقىد دېگەن ناممۇ قولاقتا چىرايلىق ئاڭلانمايدىغان
ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىش بولمىغۇر ھەرىكەتتەك سېزىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندىسى

كەيپىيات پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال.

ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە، مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئۈستىدە بىرمۇنچە تەنقىدلەر يېزىلدى. ئۇنىڭ بەزىلىرى ياكى بەزى نۇقتىنەزەرلىرى ماڭا ياردەم قىلىش، ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينىدى. ئەمما بەزى كالتەك تۇسىگە كىرگەن تەنقىدلەردىن ئىجابىي تەسىر ئالالمىدىم. ئۇنىڭدىكى ئەقلىغە سىغمايدىغان ئەيىبلەشلەرنىڭ تولىسى تەنقىدچىگە سول ئىدىيىۋى ئېقىم تەرىپىدىن زورلاپ تېڭىلغان ۋەزىپە ئىدى. مەن ئۆزەممۇ بىرقانچە ئەدەبىي تەنقىد يازدىم، ئۇنىڭدىمۇ كالتەكچىلىك دولقۇنىغا ماسلىشىش ئىپادىلىرى خېلى بار. دېمەك، مەنمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرىدىغان بولمىغۇر ئىشتىن خالىي بولالمىدىم. بۇنىڭغا خىجىل بولماي بولامدۇ؟!

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىر ياردەمچىسى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. بىراق مەنىۋى بايلىقىمىزنىڭ كەملىكى، ئەدەبىي تەنقىد ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ ئاجىزلىقى، بولۇپمۇ ئىنتايىن "سول" ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ساغلام ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە خېلى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز ئىلمىي تەنقىدكە موھتاج. لېكىن ئۇنىڭ تەلتۆكۈس

ئىلمىي، توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھ
ئۇلۇغ تەنقىدچىلەرمۇ خاتا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى
خالىي بولالمىغانغۇ. لېكىن شۇنى چوقۇم تەلەپ قىلىشقا ھەقلى
مىزكى، ئەدەبىي تەنقىدچى تىرناق ئاستىدىن كىر كولىغۇچ
بولماي، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىن
ھەممىدىن كۆرە ئېنىق كۆرۈپ، ئۇنى قىزغىن سۆيىدىغان بولۇشى
يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كانىيى بولماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئە
سەممىي دوستى، مەسلىھەتچىسى بولۇشى، ئارىغا تەپرىقە سالغۇچ
بولماي، بەلكى ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارچۇغىدە
ئاسرىغۇچى بولۇشى لازىم. بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي تۇرۇ
ئىلمىيلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بىزدە ھېلىمۇ شۇنداق بىر خىل كەيپىيات مەۋجۇت، بىرە
تەنقىدچى بىرەر ئاپتور ئۈستىدە ياكى ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى
ئۈستىدە تەنقىدىي ماقالە ئېلان قىلسا، جەمئىيەتتە: "پالانى
پوستاننىڭ تاناۋىنى تارتىۋېتىپتۇ، رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىپتۇ
دەيدىغان كىشىلەر خېلى بار. بۇ، بولۇپمۇ بىر جەھەتتىن تەنقى
كالتەككە ئايلىنىپ قالغان مەزگىللەردە پەيدا بولغان كەيپىياتنىڭ
قالدۇقى. يەنە بىر جەھەتتىن تەنقىدكە تەنقىدىي نۇقتىدىن
قارىيالماسلىقنىڭ ئىپادىسى. ئەدەبىي ئىجادىيەت تەنقىدكە موھتاج
بولغىنىدەك، تەنقىدمۇ تەنقىدكە موھتاج. تەنقىد مۇشۇنداق
موھتاجلىققا جاۋاب بەرگەن ئىكەن، ھەرگىزمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس
ئۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ئۆزى قورقۇنچلۇق، ئۇنىڭغا ھەيران بولۇش
بولسا كۈلكىلىك. توغرا تەنقىد ئادەمنى رەسۋا قىلىپ تۆكەشتۈرۈۋەت
مەيدۇ، بەلكى ئالغا باستۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى

قىسقىسى، بىز ھازىر ئەدەبىي تەنقىدكە ناھايىتىمۇ تەشنا. ئۇنىڭدىن قورقۇش بەكمۇ ئورۇنسىز. ھەرقانداق تەنقىدكە، ئەستايىدىل، جىددىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، توغرا تەنقىدنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تەنقىد قىلىنغانغا ھار ئېلىپ تۆكىشىپ كېتىدىغان كەيپىياتتا بولماسلىقىمىز كېرەك. خاتا تەنقىدنى ھار ئالماسلىقىمىز كېرەك. تەنقىدنى تارىخ سىنايدۇ، تارىخ ئەڭ ئادىل تەنقىدچى.

1977 ـ يىل 6 ـ ئاي.

# نۇر ئوغلىنىڭ ناخشىسى

شېئىرىيەت سېپىمىزگە يېڭىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان بەزى ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىش جەھەتتىكى جۇشقۇنلۇقى دەسلەپكى قەدىمىنىڭ خېلىلا پۇختىلىقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئالاھىدە زوقىنى قوزغىماقتا. بىز شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، شېئىرىيىتىمىز سەۋىيىلىك يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ئىشتىراكى بىلەن بارغانسېرى يېڭى قىياپەتكە كىرىۋاتىدۇ. بۇ، بەزىلەرنىڭ "شېئىر كۆپىيىپ كەتتى، مەززىسى قالمايۋاتىدۇ" دېگەن ئەيىبلەشلىرىنى رەت قىلماقتا، شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇمىدۋارلىق بىلەن قاراش لازىملىقىنى دەلىللىمەكتە. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 84 ـ يىل 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان 21 ياشلىق ئەركىن ئىبراھىمنىڭ «نۇر ئوغلىمەن» قاتارلىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرىمۇ شۇ دەلىللەرنىڭ بىرسى.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىز بۇ شېئىرلاردىكى تەسەۋۋۇر ۋە ھېسسىياتلاردىن دەۋرىمىز ياشلىرىغا خاس بولغان مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ خېلىلا يارقىن شېئىرىي ئوبرازىنى كۆرەلەيمىز. ياش ئاپتور ياكى لىرىك قەھرىمان سۆزۈك دېڭىزغا نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭدا تۇغۇلۇپ، ئەركىن ياشاپ ئۆسۈۋاتقان بېلىقلارنى كۆرگىنىدە چەكسىز زوقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ بېلىقلار ھاياتىدىن ئۆزىنىڭ (يەنى دەۋرىمىزدىكى ئەركىن، جۇشقۇن روھلۇق ياشلارنىڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھاياتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ماھىيەتلىك ھالەتنى بايقاپ ئالغان. شۇڭا قەلبىدە شېئىرىي ھېسسىيات قوزغىلىپ ئىختىيارسىز ھالدا:

"ئېھ، بۈگۈن مەنمۇ كىچىك بىر بېلىجان،
مەرىپەت ئوكيانىدا ئۈزۈپ يۈرگەن.
ئانا يۇرت بەختى ئۈچۈن، پەخرى ئۈچۈن
ئىجادىتىن ئۈنچە - مارجان سۈزۈپ يۈرگەن"

دەپ ناخشا توۋلايدۇ («بېلىجان سۈزۈك سۇدا يۈرەر ئۈزۈپ»).

ئۇ، نۇرغا — قۇياشقا باقىنىدا، ئۆزىنى بەخت نۇرى بىلەن پەرۋىش قىلىۋاتقان دەۋرگە — قۇياشلىق ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببەت كۈيىنى ۋە «نۇر ئوغلىمەن» دېگەن ئىپتىخارلىق ساداسىنى ياڭرىتىش بىلەن بىللە، ئۆز ھاياتىنى نۇرانە دەۋرگە ۋە ئانا ۋەتىنىنىڭ پەرۋىشىگە لايىق مەنىلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈش ئىرادىسىنى جاكارلايدۇ:

"مەن بىلىمەن نۇرنى شۇنداق مۇقەددەس،
يورۇقلۇقتا، ھاياتلىقتا زوقلىنىپ.
بەختلىكمەن ئېقىپ كەتسەم يۇلتۇزدەك
بىر زەررىچە يورۇق چېچىپ نۇرلىنىپ."

(«نۇر ئوغلىمەن»)

ئۇ، باھارنىڭ خۇش پۇراق ھاۋاسىغا تولغان ۋە تاڭ نۇرى بىلەن جۇلالانغان سەھەر مەنزىرىسىنى كۆرگەندە، ئۆزىنى ئاشۇ گۈزەل مەنزىرە قۇچىقىدا ھېس قىلىپ: "ياشلىقىم تاڭ سەھەرنىڭ جۇلاسىدۇر" دەپ غۇرۇرلۇق تارىنى چېكىدۇ. («سەھەر ئىلھامى»)

ئۇ، كۆز پەسلىدە سارغىيىپ بەرگىدىن ئۈزۈلۈپ، يەر چۈشكەن غازاڭلارنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بۈك باراقسانلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، تومۇزدا ئىنسانلارغا سايىۋەن بولغان يېشىل ياپراقلار ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يەنە ھاياتلىقىدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەجرى بىلەن ئەلنى بەھرىمەن قىلغان ۋە بۇ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولۇپ، ئانا يەر قوينىغا كىرىپ كەتكەن ئەجدادلارنىڭ ئوبرازىنى كۆرسىتىپ، ئەلگە ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ ئەجدادلارغا ئوخشاش تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئىرادىنىامىسىنى سۇنىدۇ:

"مەن سۆيۈمەن يېشىللىقنى ھاياتنى،
سىڭىپ كەتتى سۆيگۈم ئاشۇ ياپراققا.
ياپراقچىلىك بولسا ئىدى قىممىتىم،
ئارمانسىزدىم كۆمۈلسەممۇ تۇپراققا."

(«غازاڭ قەسىدىسى»)

ئۇ، پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ئۇنىڭ بورانلارنى يېرىپ ئۇچىدىغان جەسۇر قانىتىدىن ئۆزىنىڭ يۈكسەك غايە يولىدىكى جۇشقۇن ئۇمىدىنىڭ تىمسالىنى كۆرىدۇ ۋە شۇڭا مۇنداق دەيدۇ:

"مەن بىر قۇشمەن، ئۇمىد مېنىڭ قانىتىم،
ئۇچماقتىمەن كۆك قەرىگە ئىنتىلىپ.
............"

(«مەن بىر قۇشمەن»)

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇ شېئىرلاردا تېما ئاساسىي جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەل قىلىنغان. ياش ئاپتور ئۆزى نەزەر سالغان نەرسە، ھادىسىلەردىن ماھىيەتلىك پىكىر تېپىپ، ئۇنى خېلىلا روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. دېمەك، ئۇ لىرىك قەھرىمان سۆيۈپتىدە "نۇر ئوغلىمەن" دېيىشكە ھەقلىق. شۇڭا مەنمۇ بۇ شېئىرلارنى "نۇر ئوغلىنىڭ ناخشىسى" دەپ ئاتىدىم.

بۇ يەردە يەنە بۇ شېئىرلارغا ئالاھىدە بەدىئىي زىننەت كىرگۈزۈپ تۇرغان ئايرىم مىسرالار ئۈستىدە گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتسەك بولماس.

ئالدى بىلەن، "دولقۇنلار چوك قىلدۇ ئەللەي ئېيتىپ..." دېگەن مىسراغا نەزەر سالايلى: بۇنىڭدا دېڭىز بىلەن بېلىقچاننىڭ مۇناسىۋىتى باشقا بىر تۇستە، بەكمۇ جىلۋىدار ئەكس ئەتكەن ياكى جانلىق، ھەرىكەتچان، تەسىرلىك كارتىنىغا كۆچكەن.

"بەختلىكمەن ئېقىپ كەتسەم يۇلتۇزدەك
بىر زەررىچە يورۇق چېچىپ نۇرلىنىپ."

دېگەن مىسرالاردا خۇنۇك ھالدا دۇنيادا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىن، قىسقا بولسىمۇ نۇر چاقنىغاندەك ياشاپ ئۆتۈشنىڭ تەسىرلىك، يوشۇرۇن سېلىشتۇرمىسى بار.

"يالتىرار كىرىستالدەك سۈزۈك شەبنەم
ئاسقاندەك لەئىلى ـ ياقۇت چۆپلۈكلەرگە"

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا گويا بىز شەبنەم قونغان ئوت ـ چۆپلۈك مەنزىرىسىگە قاراپ نېرى كەتكۈمىز كەلمەيدىغان ھالەتكە كېلىمىز. ئۇنى قىزنىڭ ۋىسال پەيتىدە كىرپىكلىرىدە ئوينىغان شادلىق يېشىغا ئوخشاتقىنىدا، تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىمىز.

"قوچاق ئاچار ئەجەل هامان بىر كۈنى
ئۆمۈر چەكلىك، بارماس ئانچە ئۇزاققا.
ئىجاد بىلەن ئۇزارتىمەن ئۆمرۈمنى
هەر مىنۇتتىن گۈل كەلتۈرۈپ هاياتقا.

دېگەن مىسرالاردىن، چەكلىك ئۆمۈرنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، ۋاقىتنى تىزگىنلەپ، ئۆلمەس ئىجادىي ئەجىر ئىزى قالدۇرۇش لازىم، دېگەن ئەقلىيە پىكىرنىڭ شېئىرىي كۈيىنى ئاڭلايمىز. بۇ بىر كۈپلېت راستىنلا رۇبائىي خاراكتېرىنى ئالغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۆت مىسال (ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى مىسرالار)نى شېئىر مۇزىكىسىنىڭ ئەڭ يېقىملىق ئەۋجىسى دېيىش مۇمكىن.

بىز شېئىرىيەت سېپىگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن ئەركىن ئىبراھىمنىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرىدىن لەززەتلەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن خۇشالمىز ۋە ئۇنىڭ بۇ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلەيمىز. لېكىن ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشنىمۇ ئۆزىمىزگە راۋا كۆرمەيمىز.

بىز «نۇر ئوغلىمەن» دېگەن شېئىرنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسىغا سىنچىلاپ قاراپ باقايلى:

"نۇرغا چۆمدۈم، نۇر ئىچىدە تۇغۇلدۇم
مەن كۆز ئاچقان چاغدا دەسلەپ هاياتقا."

"هاياتلىققا كۆز ئېچىش" بىلەن "تۇغۇلۇش" بىر مەنىدىكى گەپقۇ. شۇنداق ئىكەن "نۇر ئىچىدە تۇغۇلدۇم" ئوشۇقچە گەپ ئەمەسمۇ؟ ئوشۇقچە بولۇشتىن تاشقىرى "مەن كۆز ئاچقان چاغدا دەسلەپ هاياتقا" بىلەن "نۇر ئىچىدە تۇغۇلدۇم"نى ئۇلىساق، گەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاك باسمايدۇ، مەنتىقە بۇزۇلىدۇ.

"مەن ئۆزەمنى دەيمەن نۇرنىڭ ئوغلى دەپ"

بۇ ياخشى پىكىرنىڭ پەيزىنى مىسرا ئاخىرىسىدىكى ئوشۇقچە "دەپ" سۆزنى بۇزۇپ قويۇپتۇ. "مەن ئۆزەمنى نۇر ئوغلى دەپ سانايمەن" دېيىلسە ياخشى بولماسمىدى؟

"كۆڭلۈممۇ قالدى يورۇپ، دىل سۆيۈنۈپ"

دېگەن مىسرادا ئىشلىتىلگەن "كۆڭۈل" بىلەن "دىل" مەنىداش سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئىككى خىل خاراكتېر بېرىش ھاجەتسىز. بۇ بىز ئادەتتە ئىشلىتىدىغان "جېنىم سۆيۈنۈپ، كۆڭلۈم يايرىدى" دېگەن سۆزلەردەك ئورۇنلۇق ۋە تەملىك ئەمەس.

"چاقىرماقتا مېنى ھۆرلۈك پەرىسى
قانائەتنى تەرك ئەتتىم دىلىمدىن"

دېگەن مىسرالاردىكى "قانائەت" بىلەن "ھۆرلۈك"نىڭ دېئالېكتىكىلىق باغلىنىشى يوق. ئۇ قانائەتنىڭ ئەكسى بولغان، قانائەتلىنىشنى تەرك ئېتىشكە ئۈندەيدىغان خاراكتېرگە ئىگە پەرى بولۇشى كېرەك ئىدى.

"ئىجادىتىن ئۈنچە-مارجان سۇزۇپ يۈرگەن"،
"ئىجاد بىلەن ئۇزارتىمەن ئۆمرۈمنى"

دېگەن مىسرالاردىكى "ئىجاد" ئەسلىدە "ئىجادىيەت" بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولمىغاچقا گراماتىكىلىق نۇقسان يۈز بەرگەن.

قارىماققا، ئاپتور "ئىبە" دېگەن ئىملىقنى ئىشلىتىشكە ئامراق كۆرۈنىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىدە بۇ ئىملىق بەك

كۆپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. لېكىن "ئېھ" ئۇيغۇرچە ئىملىق ئەمەس، چۈنكى جانلىق تىلىمىزدا يوق. شائىرلار ئۇنى قانچە جىق تەكرارلىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا (تۇرمۇشقا) سىڭمەيۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن "ئېھ"نى ئىشلەتمىگەن ياخشى دېگەن قاراشتا.

ئاپتورنىڭ مەن نۇقسان دەپ كۆرسەتكەن مىساللارنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىنى، بولۇپمۇ بەدىئىي تىلنىڭ مەنتىقلىق بولۇش تەرىپىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى، شېئىرىيەت ساھەسىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، مول مېۋە بېرىدىغان ئۈمىدلىك شائىر بولۇپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: كېيىنكىلەر بۇرۇنقىلاردىن ئۆزۈپ كېتىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، تەرەققىيات بولمايدۇ.

1984 - يىل 5 - ئاي.

# شانلىق دەستۇر

«يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»نىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، تەبىئىي ھالدا، جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات يولىنى ئەسلەيمىز ۋە ئۇنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلەيمىز، چۈنكى بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاشۇ «نۇتۇق»تا ئالغا سۈرۈلگەن شانلىق ئىدىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئىجادىي تەتبىق قىلىنغان بىرقەدەر سىستېمىلىق ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ۋە جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ «4 ـ ماي»دىن كېيىنكى مۇھىم تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى دەل يەكۈنلىنىپ، توغرا نىشان روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن ئاشۇ ئىدىيە بىلەن قوراللىنىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە چوڭ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا كۆچلۈك مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇناسىپ ھەسسە قوشتى. شۇنداقلا، بۇ «نۇتۇق»نىڭ تۈپ ئىدىيە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ يېتەكچى دەستۇر.

يېڭى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىنىڭ ھەربىر جەڭچىسى

ئۆزىنىڭ خەلق ئالقىشلىغان ھەربىر مۇۋەپپەقىيىتىنى، ئالدى بىلەن «نۇتۇق»تىكى شانلىق ئىدىيىگە مەنسۇپ دەپ ھېسابلايدۇ. جۈملىدىن، مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا «نۇتۇق»قا ئاپىرىن ئوقۇي-مەن، ئۇ مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولۇمنى يورۇتۇپ بەرگەن ئەھمىيەتلىك مومېنتلارنى زوقلىنىپ ئەسلەيمەن.

مەن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن 1948 - يىلى ("جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى" بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشكەن ئازاد رايوندا مەتبۇئات ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان چېغىمدا) تونۇشۇشقا باشلىغان ئىدىم. بۇنىڭ بىلەن ئەقىل كۆزۈم خېلىلا ئېچىلدى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىم كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇڭا، مەن ئېلىمىزدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقى پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب غەلىبىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمۇ شۇ چاغدىلا ھەقىقىي گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تىكلىدىم. «نۇتۇق»نى 1950 - يىلى بىرىنچى قېتىم ئۆگەنگىنىمدە، كۆڭلۈم تېخىمۇ يايراپ كەتتى. بولۇپمۇ شىنجاڭ يېزىلىرىدا داغدۇغىلىق قانات يېيىشقا باشلىغان يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى مەزگىلىدە «نۇتۇق»نى كۆرەش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە، مېنىڭ ئىدىيىۋى زېمىنىمدىمۇ چوڭ ئىسلاھات يۈز بەردى.

1951 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر تۈركۈم ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىلەن بىللە، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى

www.uyghurkitap.com

تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۇچا يېزىلىرىدا بولدۇم. بىزنىڭ ھەممىمىزدە دېگۈدەك ئاددىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن ئىبارەت بىر يۈك - تاق ھەم بىردىن «نۇتۇق» كىتابچىسى بار ئىدى. بىز ھەر كۈنى دېھقانلارنىڭ فېئودالىزمنى ئاغدۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەييارلىق پائالىيەتلىرىگە قاتنىشاتتۇق، دەردمەن دېھقانلار بىلەن مۇڭدىشاتتۇق، ئايرىم سۆھبەت ۋە چوڭ يىغىنلاردا ئۇلارنىڭ قانلىق شىكايەتلىرىنى ئاڭلايتتۇق؛ ئۇلار بىلەن بىللە سىياسەتكە دائىر ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىپ، مۇزاكىرە قىلاتتۇق. كەسىپداشلار يىغىلىپ «نۇتۇق»نى ئۆگىنەتتۇق، ئۇندىن كېيىن ئىملەرنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ناھايىتى زىچ ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلايتتۇق. كەچقۇرۇنلىرى تەييارلىغان سەنئەت نومۇرلىرىمىزنى كۆرسىتەتتۇق. ھەتتا بەزىدە، بىرقانچە كۈن ئۇدا يول مېڭىپ، بىرنەچچە يۈز كىلومېتىر مۇساپىنى پىيادە باساتتۇق. ئارىلاپ ئاچ - توق قالاتتۇق، قېنىپ ئۇخلىيالمايتتۇق. كۆرەشچان ھايات ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقىمىزنى كۈچەيتكەنىدى، بىرسىمىزنىڭ قايغۇسىغا ھەممىمىز تەڭ قايغۇراتتۇق، بىرسىمىزنىڭ بىرەر مۇۋەپپەقىيىتى، بىرەر خۇشاللىقى ئۈچۈن ھەممىمىز خۇشاللىناتتۇق، قىسقىسى، قىيىنچىلىق تارتساقمۇ روھىمىز جۇشقۇن ئىدى، ماددىي جەھەتتىن نامرات بولساقمۇ، روھىي بايلىقىمىز ئېشىپ بارماقتا ئىدى. قاينام - تاشقىنلىق ھايات ئىچىدە مۇشۇنداق كەيپىياتتا ياشاش بىزنى بەھىرسىز قالدۇرمىدى.

بىركۈنى مەن ئالا قاغا رايونىدا ئېچىلغان بىر شىكايەت يىغىنىغا قاتنىشىپ قالدىم. يىغىندا بىرقانچە دەردمەن كەمبەغەل،

ياللانما دېھقان زومگەر، پومېشچىكلار ئۈستىدىن يىغلاپ تۇرۇپ دەرد تۆكتى. مەن ئۇلارنىڭ ئادەم چىدىغۇسىز كۆلپەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، تەنلىرىم جۇغۇلداپ، ئۆزەمنى تۇتالماي يىغلىۋەتتىم. شۇنداق ھالەتتە، بىر ياقتىن ئاڭلاپ تۇرۇپ، بىر ياقتىن ئالاھىدە تەسىرلىك ۋەقەلەرنى، ئوبرازلىق سۆزلەرنى خاتىرىلىگەچ، ئىختىيارسىز شېئىر يېزىشقا كىرىشتىم. يىغىندىن كېيىن يەنە بىرئاز ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ شېئىرنى پۈتكۈزۈپ، كەچتە ئويۇن قويۇلغاندا ئىككى مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ ئالدىدا ئوقۇدۇم:

كەمبەغەللەر ئويلايلى

تارتىپ ئۆتكەن دەردلەرنى....

«دەرد» ناملىق بۇ شېئىرنى ئوقۇشۇم بىلەن پۈتۈن مەيدان جىمجىتلىققا چۆكتى. بىرقانچە كۇپلېت ئوقۇلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك يىغلاشقا باشلىدى. بەزىلەر، ئىختىيارسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن: "زومىگەرلەردىن ئەنتىمىزنى ئالايلى!"، "ئېزىلگەن دېھقانلار قەددىمىزنى كۆتۈرەيلى!" دېگەن شوئارلارنى ياڭرىتىشتى. كۆپچىلىكنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغىسى، ھاياجانلىق شوئارلىرى ئالدىدا مېنىمۇ يىغا تۇتتى، لېكىن ئۆزەمنى زورغا بېسىپ، شۇندىمۇ يەنە ئۆكسۈپ تۇرۇپ، شېئىرنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم، شېئىر تاماملىنىش بىلەن مەيدان تېخىمۇ دولقۇنلاندى، كۆپچىلىك يەنە ئوقۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن يەنە ئوقۇدۇم، مەيداندىكى كەيپىيات ئاۋۋالقىدەكلا بولدى: شۇندىن كېيىن يېقىن ئارىلىقتا قەيەردە كۆرەش يىغىنى بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىشىدىغان

بولدى. دەرۋەقە، بۇنداق يىغىنلاردا بۇ شېئىر ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئاممىنىڭ كۈرەش كەيپىياتى تېخىمۇ جۇشقۇنلىناتتى. بۇ، ماڭا بېرىلگەن ئەڭ قىممەتلىك مۇكاپات ئىدى.

مەن شۇ كەمگىچە يازغان بىرەر شېئىرىمنىمۇ مۇنچىلىك كۆپ ئادەم توپلانغان مەيداندا ئوقۇپ باقمىغان، شۇنداقلا ئۇنى ئاڭلىغان كۆپچىلىكنىڭ مۇنچىلىك ھاياجانلىنىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان. بۇ يېڭى ئەھۋال مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. "بۇ شېئىر نېمە ئۈچۈن مۇنچىلىك تەسىر قوزغىدى؟" دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدىدىم. شۈبھىسىزكى، بۇ، قاينام-تاشقىنلىق كۈرەش ئىچىگە كىرگەنلىكىمنىڭ، كىم ئۈچۈن ئىشلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلغانلىقىمنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى، شۇنداقلا سوغۇقتا كىشىلەرگە ئازراق بولسىمۇ كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىم ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدا، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن زۇلمەتلىك، ئاسارەتلىك فېئودالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېزىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، شىنجاڭ ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭمۇ جىددىي تەلىپىگە ئايلانغان ئىدى. شۇڭا پارتىيىمىز بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىكنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ زومىگەر فېئوداللاردىن ھېساب ئېلىپ، قەددىنى كۆتۈرۈشىگە مەدەت بەردى. مۇنداق بىر چوڭ تارىخىي بۇرۇلۇش ئالدىدا خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئىتى ھەرگىزمۇ چەتتە تۇرالمايدۇ، بەلكى بۇ كۈرەشنى قىزغىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇنىڭمۇ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرچى. مۇشۇنداق چاغدا ئازادلىققا تەشنا دېھقانلارنىڭ يۈرەك سۆزىنى بىرقەدەر ئەكس ئەتتۈرگەن بىر پارچە شېئىرمۇ خېلى چوڭ رول ئوينايدىكەن.

شۇنـدىن كېيىن، مەن بۇ يەردىكى دېھقانـلار بىلەن خېلىلا سىرداش بولۇپ قالدىم. ئۇلار مېنىڭ يەنە يېڭى-يېڭى شېئىرلارنى يېزىـشىمنى تەلەپ قىلىشتى. بىركۈنى بىر پېشقەدەم يالـلانـما دېھقان: "زومىگەرلەرنىڭ يۇرتىكى جىغىلدىغۇدەك بىر ناخشا ئېيتساق بولاتتى" دېدى. مەن ئۇنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنىپ، دەرھال «ئويغىنايلى دېھقانلار» دېگەن بىر ناخشا تېكىستىنى يېزىـپ چىقتىم. يولداش قۇربان ئىبراھىم قاتارلىق بىرنەچچە مۇزىكانتلار مۇزىكىسىنى ئىشلىدى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يېزىدا:

ئويغىنايلى دېھقانلار،
يوقسۇللۇقنى تارتقانلار!
بىزنى ئەمدى ئېزەلمەس
ئۆيدە ئوكدا ياتقانلار.
يەر بىزنىڭ، ھۆكۈمەت بىزنىڭ!
نۆۋەت بىزنىڭ، ھەقىقەت بىزنىڭ!...
. . . . . . . . . . . .

دېگەن ناخشا ياڭراشقا باشلىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، قوشنا يېزىلارغا تارالدى، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بۇ ناخشا شىنجاڭنىڭ كۆپچىلىك يېزىلىرىدا دېھقانلارنىڭ كۈرەش مارشىغا ئايلىنىپ كەتتى. دېھ- قانلار بۇ ناخشىنى كۆپىنچە كۈرەش يىغىنلىرىدا، زومىگەر، پومېشچىكلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا ماڭغاندا ئالاھىدە جۇشقۇنلۇق روھ بىلەن ئېيتاتتى. دېگەندەك، بەزى زومىگەر، پومېشچىكلار "مۇشۇ ناخشىنى ئاڭلىساق، يۈرىكىمىز ئۆز ئورنىدا تۇرمايدۇ" دېيىشىپتۇ. ماھىيەتتىن ئالغاندا، بۇمۇ «ئويغىنايلى دېھقانلار»غا تېگىشلىك بىر ئالقىش. مەن بۇ ناخشىغا ئىلھام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرگەن خەلقنى ئالقىشلايمەن.

1952 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز مەزگىلىدە مەن قەشقەرگە يەر ئىسلاھاتى سىنىقى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پاختەكلە يېزىسىغا باردىم. يېزىغا كىرە ـ كىرمەي «ئويغىنايلى دېھقانلار» دېگەن ناخشا ساداسىنى ھاياجان ئىچىدە ئاڭلىدىم. ئەتىسى، كەچكى ئويۇن قويۇش ئالدىدا كۆپچىلىككە «دەرد»نى ئوقۇپ بەردىم. بۇ يەردىكى كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتىمۇ كۈچادىكىگە ئوخشاش بولدى. بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دېھقانلار ھەم خىزمەت ئەترىتىدىكى مەسئۇل يولداشلار: "پاختەكلىدىكى يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنى نامىدىن ماۋجۇشىغا تەشەككۇر خېتى يوللىساق، شۇڭا سىز بۇ خەتنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ بەرسىڭىز!" دېيىشتى. ماۋجۇشىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش ماۋجۇشى باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىزمنىڭ زۇلۇم ـ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ تەبىئىي ھېسسىياتى ئىدى. مەن كۆپچىلىكنىڭ مەدەت ـ ئىلھام بېرىشى بىلەن شېئىرنى يېزىشقا كىرىشتىم. دەسلەپكى نۇسخىنى دېھقانلار ۋە كادىرلارغا ئوقۇپ بەرگىنىمدە ئۇلار قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاشتى ھەمدە تۈزىتىش، تولۇقلاش توغرۇلۇق قىممەتلىك پىكىرلەرنى بېرىشتى. مەن پىكىرلەرگە ئاساسەن قايتا تۈزىتىشكە كىرىشىپ، تەبرىكلەش يىغىنىغا ئۈلگۈرۈتۈپ پۈتكۈزدۈم. يىغىندا ئوقۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۇنى خۇشاللىق بىلەن ماقۇللاپ، ئىمزا ـ بارماقلىرىنى بېسىپ، ماۋجۇشىغا يوللىدى. بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن ئاجىزلىق تەرىپىنى، مەزمۇنىدىمۇ بەزى نۇقسانلار بارلىقىنى كېيىن مەنمۇ خېلى ھېس قىلدىم. بۇ

مېنىڭ سەۋىيە ـ ئىقتىدارىم بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، ئاساسىي روھىدىن ئالغاندا، دەۋرنىڭ تەلىپىگە، قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ ھېسسىياتىغا بىرقەدەر يېقىن ئىدى. شۇنداقلا، ئۇ، مېنىڭ «ئۇتۇق»نى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتىمدىكى نەتىجىسى توغرۇلۇق خەلققە، پارتىيىگە ۋە ماۋجۇشىغا سەممىيەت بىلەن سۇنغان ئىمتىھان قەغىزىم ئىدى. ماۋجۇشى بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئوقۇپ چىقىپ، پاختەكلە دېھقانلىرىغا جاۋاب خەت يازدى. پاختەكلە دېھقانلىرى بۇ جاۋاب خەتكە چوڭ تەنتەنە قىلدى، مەنمۇ چوڭقۇر ھاياجانلاندىم، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئىشتىياقىم تېخىمۇ كۈچەيدى.

يۇقىرىقى ئەسلىمىلەردىن مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، يازغۇچى خەلق ئالقىشلايدىغان ياخشى ئەسەر يارىتىمەن دېسە، ئالدى بىلەن دەۋرنىڭ تەلىپىنى چۈشىنىپ، مەلۇم بىر تۇرمۇش ساھەسىنىڭ ئىچىگە چۆكۈشى، شۇ تۇرمۇشنىڭ بىر ئەزاسىغا، ئۇنىڭدىكى كۈرەشنىڭ بىر جەڭچىسىگە ئايلىنىشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇ تۇرمۇشنى سەنئەتكار نۇقتىسىدىن ئەتراپلىق كۆزىتەلەيدۇ، ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى تاپالايدۇ، شۇ تېمىغا لايىق تىل سەنئىتىنى ئەركىن جارى قىلالايدۇ. جانلىق، تەسىرلىك ئوبرازلارنى يارىتالايدۇ.

شائىر چۈشەنسە خەلق دىلىنى،
خەلق چۈشىنەر ئۇنىڭ تىلىنى.

يازغۇچى دەۋرنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئىجادىي ئەمەلىيىتى بىلەن ماسلاشقاندىلا، دەۋرنىڭ مەنىۋى ۋەكىلىگە ئايلىنالايدۇ. دەۋرنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى

چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىش ھەرگىزمۇ كونكرېت سىياسىي ۋەزىپىلەرگە ماسلىشىپلا شوئار توۋلاش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈنىلىشىنى، ئۇنىڭ تۈپ ئېھتىياجىنى چۈشىنىپ، زوررۇر، ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى تاللاش ۋە شۇ تېمىغا خاس تېپىكلەشكەن ئوبرازلار يارىتىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، دەۋر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، دېگەنلىك. روشەنكى بۇنىڭدىن دەۋرنىڭ رېئال ۋەقە ۋە قەھرىمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش تەلىپى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. لېكىن، بۇنى ھەرگىزمۇ "كالېندارچىلىق"قا، سىياسىي ئۇقۇم ۋە قېلىپلارغا قاچىلاشقا ئالماشتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ھەربىر دەۋرنىڭ خىلمۇخىل تۇرمۇش ساھەسى — ئەدەبىيات ئۈچۈن خىلمۇخىل تېما مەنبەسى. لېكىن، دەۋر ئېقىمى ۋە تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەھمىيىتى ھەممىشەم مۇتلەق تەكشى بولمىغاچقا، بۇ مەنبەلەردىن ھەممىشەم ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك تېما چىقىۋەرمەيدۇ. ئەدەبىيات تارىخى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قايسى ئەلنىڭ، قايسى مىللەتنىڭ، قايسى تۇرمۇش ساھەسىنىڭ، قايسى دەۋرنىڭ قايسى باسقۇچتىكى ئەھمىيىتى قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تېماتىكىسى ئۈچۈنمۇ ئەھمىيىتى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەھمىيىتى زور ئۇلۇغ ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى مەلۇم مىللەتنىڭ مەلۇم دەۋردىكى تارىخىي ئەھمىيىتى زور بولغان ئۇلۇغ پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، قىرغىزلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى دۇنياۋىي تەسىر پەيدا قىلغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى مەۋجۇت بولمىغان بولسا «ماناس»تەك ئالەمشۇمۇل يىرىك داستاننىڭ مەيدانغا چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك، لۇشۇندەك ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى "4 ـ ماي" ھەرىكىتىدەك زور تارىخىي ئەھمىيەت-لىك ۋەقەلەردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئېلىمىز ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق كۆرەش مەزگىلىدە ھەربىي تۇرمۇش ساھەسىنىڭ ئەھمىيىتى ھەممىدىن چوڭ بولغانىدى، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە يېزىدىكى كۆرەشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ شۇنداق زور بولغانىدى. شۇڭا بۇ ساھەدىكى ئۇلۇغ ۋەقەلەر ئەدەبىياتىمىزنىمۇ زور ئەھمىيەتلىك تېمىلار بىلەن تەمىنلىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىش توغرۇلۇقمۇ شۇنداق دېيىش مۇمكىن. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتىمۇ، تارىخىي ئەھمىيە-تىمۇ، ئالدى بىلەن، ئەنە شۇنداق زور ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرىشتە. ئەپسۇسكى، بىز زامانىمىزدا يۈز بەرگەن ئەنە شۇن-داق تارىخىي ئەھمىيەتلىك زور ۋەقەلەرگە ئائىت تېمىلارنى ئىنتايىن سول ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ كاشىلىسى بىلەن دېگەندەك يورۇتۇپ كېتەلمىدۇق.

بىرمەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ئىنتايىن "سول" ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا سالغان بۇزغۇنچىلىقى بەكمۇ ئېغىر بولدى. جۈملىدىن، ئۇ، ئەدەبىياتقا خىلمۇخىل چاكىنا رامكىلارنى بەلگە-لەپ، ئىدىيىدىن تېما، سۇژېت، قەھرىمان، تىپ، ئوبراز تۇغدۇ-رۇشنى، سۇبيېكتىپ خاھىشقا بۇرمىلانغان رېئاللىقنى قۇراق چاپان قىلىپ كىيدۇرۇشنى تەكىتلەپ، ئەدەبىياتنىڭ دەۋر بىلەن، سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەكمۇ چاكىنىلاشتۇرۇۋەتتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ «نۇتۇق»تا ئالاھىدە تەكىتلىگەن، تەدبىرنى ئەمەس، ئەمەلىي پاكىتلارنى ئاساس قىلىش كېرەك، دېگەن پرىنسىپنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. نەتىجىدە، تەبىئىيلىك ئورنىغا ياسالمىلىق، چىنلىق ئورنىغا ساختىلىق، ئىلمىيلىك ئورنىغا خۇراپاتلىق، گۈزەللىك ئورنىغا خۇنۈكلۈك، تەنقىد ئورنىغا توقماقچىلىق دەسسىتىلدى. لىن بياۋ ـ جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرى بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلدى، زىياندائشلارنىڭ زەھەرى تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇشقا باشلىغان ئەدەبىيات ئىستىلى، ئىجادىيەت مېتودى توغرا ئىزغا چۈشتى.

بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن تارىخىي ئەھمىيەتلىك زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەقىقىي قىياپىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن، جۈملىدىن، «ئوتتۇق»نىڭ توپ روھىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، «ئوتتۇق» تىنكى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى ئۇنىڭ يادروسى. ئۇ، بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئىشلەش دېگەن يېڭى مەزمۇن بىلەن جانلاندى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ يەنىلا بىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىمىز. «ئوتتۇق»تا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيەلەرنىڭ تەرەققىياتى بولغان ”ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش“ فاڭجېنلىرى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىجرا قىلىش زېمىنى كېڭەيدى. بىر جەھەتتىن، خۇراپىي رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىجادىي بۆسۈش پەيدا قىلىش؛ يەنە بىر جەھەتتىن، بۇرژۇئا ئەركىنلىكى خاھىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئەدەبىياتىمىزنى ئۆز بەدىئىي خۇسۇسىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ـ بەدىئىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى كاپالەتلەندۈرمەكتە. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات قوشۇنى ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك

ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش روھىنى ئۇرغۇتماقتا. بۇ خىل جۇشقۇن كەيپىيات ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلەنمەكتە. بۇمۇ، «نۇتۇق» روھىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ پەيدا بولغان ياخشى ۋەزىيەتنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى.

دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ يېڭى - يېڭى ئۇلۇغ ئىشلىرى ئەدەبىياتىمىزدىن يۇكسەك بەدىئىي ئوبرازلارنى، ئادەم قەلبىنى بېزەيدىغان شېئىرىيەت دۇردانىلىرىنى تەلەپ قىلماقتا. خەلقىمىز يېڭى ئۇزۇن سەپەرنىڭ يېڭى داستانلىرىغا موھتاج، تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەقەززاسى، خەلقىمىزنىڭ جانجان مەنپەئىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىمىزنىڭمۇ ئەڭ ئەھمىيەتلىك، شەرەپلىك تېماتىكىسى. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز بۇ جەرياندا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق نەمۇنىلىرى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى جان تىكىپ قوغداشنىڭ قەھرىمانلىق ئۆلگىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، پەن - مەدەنىيەت ساھەسىدىكى پىدا-كارلىق، ئىجادكارلىق نامايەندىلىرى، ئالىيجانابلىق پەزىلەت گۈللىرى بىلەن چاقنىشى كېرەك. شۇنىڭدەك تارىخىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلغۇچى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى رەھىمسىز قامچىلاپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى زور تەربىيىۋى رولغا ئىگە ئوبرازلىق ئىبرەتنامىلەر بىلەن بېيىتىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات تارىخىي تېمىلارنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ، چۈنكى چىنلىق ۋە سەنئەت تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا يارىتىلغان تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرمۇ رېئال ھاياتىمىزنىڭ كەم بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمايدىغان مۇھىم ئوزۇقى، بىز زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئادەملىرىنىڭ ئوبرازىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يارىتىش بىلەن بىللە، تارىخىمىزدىكى بارلىق ئەھمىيەتلىك تېمىلارنىمۇ يورۇتۇپ بېرىشىمىز، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ خىل تېمىلارغا تېگىشلىك سەھىپىسىنى ھەرگىز ئاق قويماسلىقىمىز كېرەك.

«نۇتۇق» بىزدىن ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى دەستۇر قىلىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمىزنى يەكۈنلەپ، تارىخىي بۇرچىمىزنى، پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ يېتەكچىلىكىدە، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئىشلەش روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ھەممە گۈللەرنى تەكشى ئېچىلدۇرۇپ، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە شانلىق ھەسسە قوشۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز بۇ تەلەپكە چوقۇم مۇناسىپ جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىكمىز. «نۇتۇق»نى خاتىرىلىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ئەنە شۇنىڭدا.

1982 ـ يىل 10 ـ ئاي.

# «تارىم» تېخىمۇ جۇش ئۇرسۇن

«تارىم»نىڭ قەرەللىك ـ ئايلىق سانىنىڭ 300 گە يەتكەنلىكى، بۇ ژۇرنال تارىخىنىڭ نىشانلاشقا تېگىشلىك بىر قەرنەسى، شۇنداقلا، يېڭى جۇڭگو ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەنتەنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر قېتىملىق يۇبلىسى.

«تارىم» (دەسلەپكى نامى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»)نىڭ تۇنجى سانى 1951 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چىقتى. شۇبھىسىزكى، ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم بىر ۋەقە ئىدى. بۇ ۋەقە دەۋرنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىدىن، يەنى شۇ چاغدىكى قايىنام ـ تاشقىنلىق ئىنقىلابىي ۋەزىيەت قوزغاتقان يېڭى مەنىۋى ھاياتنىڭ، يېڭى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات تەقەززاسىدىن تۇغۇلدى. شۇڭا «تارىم» گۆدەك ھالەتتىمۇ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ۋە بارا ـ بارا خەلقىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر مەنىۋى ئوزۇقىغا ئايلاندى.

«تارىم»نى ۋاراقلاپ كۆرۈش ئازادلىقتىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئاساسلىق سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرۈش دېمەكتۇر. بىز «تارىم» ئارقىلىق ئۇنىڭغا زاماندىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يولىنى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ شانلىق ئىجادىي نەتىجىلىرىنى، جۈملىدىن، بۇ نەتىجىلەر ئارقىلىق ئازادلىقتىن بۇيانقى

ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ بىرقەدەر يورۇتۇلغان بەدىئىي ئوبرازىنى كۆرەلەيمىز، شۇنداقلا بۇ مىللەتنىڭ ئېستېتىك زوق-دىتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات سەۋىيىسىنىمۇ مۆلچەرلىيەلەيمىز. «تارىم» ئەدەبىي ياتالىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر مۇنبىرى بولۇش بىلەن بىللە ئەدەبىيات قوشۇنىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەشكىلاتچىسى بولۇپمۇ رول ئوينىدى. شۇڭا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى «تارىم»نىڭ تۆھپە-ئەجرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دەۋر بىلەن نەپەسداش، ئاھاڭداش بولۇپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەدەبىياتنىڭ راۋاجى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈش — «تارىم»نىڭ ئاساسىي ئېقىمى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئەجىر سىڭدۈرۈلۈشى، ئالدى بىلەن، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ كىم ۋە نېمە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشانىنى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بويىچە ئايدىڭلاشتۇرۇش جەريانىنىڭ نەتىجىسى. پارتىيە ئۇنى مۇشۇنداق ئۇلۇغ يېتەكچى ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا «تارىم»نىڭ تۆھپە-ئەجرىگە بولغان مەمنۇنلۇقىمىز پارتىيىگە ۋە ئۇنىڭ توغرا لۇشيەنىگە بولغان مىننەتدارلىقىمىز بىلەن مەنىداش.

گۈدەكلىكنى تەسلىكتە ئاخىرلاشتۇرۇش، چاكىنا رامكىلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە مۇجۇلۇش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىش، ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىز شارائىت ئىچىدە تەكرار-تەكرار ئۆرلەش-پەسىيىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كېيىن بىردىن توغرا ئىزغا چۈشۈپ ئالغا ئىلگىرىلەش — ئەدەبىياتىمىز تەرەققىيات يولىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى، شۇنداقلا «تارىم»نىڭمۇ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى.

«تارىم»نىڭ دەسلەپكى يىللار سەھىپىسىدىن جاي ئالغان ئەدەبە-

يات دەۋرنىڭ مۇھىم تېمىلىرىغا ياندىشتى. «تارىم» بۇ جەھەتتە تەشەببۇسكار سۈپىتىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنى قايىنام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇش ئىچىگە بېرىپ، ئۇنى قىزغىن ئەكس ئەتتۈرۈشكە رىغبەتلەندۇردى. دەرۋەقە، شۇ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات شىمەزگىللەردە، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى دېموكراتىك ئىسلاھات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. بۇ، ئىنقىلابىي تۇرمۇشنى ئەدەبىياتقا، ئەدەبىياتنى تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈشنىڭ دەسلەپكى مانېۋرى ئىدى. بىراق، بۇ يەنىلا گۆدەك ئەدەبىيات ئىدى، تېمىسى چەكلىك ۋە ئۇنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئاجىز، قېلىپبازلىق، ئابستراكتلىق، شوئارچىلىق خېلى گەۋدىلىك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ گۆدەكلىكى سەۋەبىدىن يېڭى تېما ئىچىگە چوڭقۇر كىرەلمەسلىكىنىڭ، يېڭى تېمىغا لايىق بەدىئىي ماھارەتنى يېتىلدۈرەلمەگەنلىكىنىڭ، شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىگە زىت ھالدا نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىپىلەرگە تېز ۋە زىچ ماسلىشىشقا زورلاشتىن پەيدا بولغان بىر خىل قاتماللىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

1956 ـ يىلى "ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش" فاڭجېنىنىڭ جاكارلىنىشى بۇ قاتماللىقنى دەسلەپكى قەدەمدە بۇزۇپ تاشلىدى، تېمىنىڭ كەڭ، رەڭگارەڭ بولۇشىغا، چوڭقۇرلىشىشىغا، بەدىئىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى يېڭى ئىزدىنىشلەرگە تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە بىرمەزگىل ئەدەبىي ئىجادىيەتتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ئالامىتى جەۋلان قىلدى ۋە شۇنىڭغا لايىق ئەدەبىي تەنقىدمۇ بىخ ئۇرۇشقا باشلىدى. "تارىم" بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ گەۋدىلىك بىر مۇنبىرىگە ئايلاندى. بىراق، "سول" ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ كۈچىيىشى، جۈملىدىن ئوڭچى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتتە يۈز بەرگەن ھاجەتسىز سۇنئىي دوقال ئەدەبىيات گۈلزارىمىزنى سولاشتۇردى، نۇرغۇن ئىجادىي كۈچلەر نابۇت بولدى، ئەدەبىي ئىجادىيەت يەنە تېخىمۇ قاتمال رامكا ئىچىگە چۈشۈپ قالدى، ئەدەبىي تەنقىد "سول" سىياسەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، كالتەككە ئايلانغىلى تۇردى. 1961 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ھەر ساھەدىكى ئاچچىق ساۋاقلار دەسلەپكى قەدەمدە يەكۈنلىنىپ، ئىشلار بىرقەدەر ئوڭشالغىلى تۇرغاندى، ئەدەبىياتىمىزدا (گەرچە دەككە ـ دۈككىلىك ئىچىدە بولسىمۇ) مەلۇم ئۆرلەش ۋەزىيىتى ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغۇدى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاتالمىش "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ ئاپەتلىك بورىنى چىقىشى بىلەن، ئەدەبىياتىمىز بىراقلا تۇنجۇقتۇرۇلدى. بۇ بوران «تارىم»نىمۇ ئۆز تۆھپىسى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگۈزمەكچى بولدى، ئاخىرى ئۇنىمۇ تۇنجۇقتۇردى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «تارىم» قايتا سەھنىگە چىققان بولسىمۇ، لېكىن شەرەپلىك تۆھپە يارىتالمىدى. پەقەت "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"غا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزنىڭمۇ يېڭى دەۋرى يېتىپ كەلدى، «تارىم»مۇ بارا ـ بارا يېقىملىق شاۋقۇنلىرىنى ياڭرىتىپ جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ يېڭى باھارىدا، يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئەندىيە ئازادلىقىغا ئېرىشىپ، تېما جەھەتتىكى چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشكە كىرىشتى، دەۋرنىڭ ئەھمىيەتلىك سوئاللىرىغا بىرقەدەر جانلىق، تەسىرلىك ئوبرازلار ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ،

"سول"چىللىق زەھەرلىرىنى تازىلاش، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ تۆتىنچى زامانىۋىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئۆز ئىقتىدارىغا لايىق ئەجىر سىڭدۈردى. بەدىئىي ژانىر ۋە شەكىللەرمۇ كەڭ جارى قىلىنىشقا باشلىدى. «تارىم» نەشر قىلىنىپ، خېلى ئۇزۇن بىرمەزگىلگىچە ئۇنىڭ سەھىپىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى شېئىرىيەت ئىگەللىگەن بولسا، ئەمدىلىكتە پروزا مەھسۇلاتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەنمەكتە. ھازىر «تارىم»نى كۆرگەن ئادەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھېكايىچىلىقنىڭ جانلىنىۋاتقانلىقىنى — پوۋېست، رومان قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئۇزلۇكسىز مەيدانغا چىقىۋاتقانلىقى، قېلىپبازلىق، ئابستراكتلىقتىن خېلىلا خالىي، ئىندىۋىدۇئاللىقى بىرقەدەر روشەن بولغان تەسىرلىك بەدىئىي تىپلارنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. شېئىرىيەت قاتمال رامكىلاردىن، جۈملىدىن يالغاچ شوئارۋازلىق، كالېندارچىلىق تەسىرىدىن پەيدىنپەي ئازاد بولۇپ، جامائەتچىلىككە ئادەم قەلبىنى زىلزىلىگە سالغۇدەك نازۇك پىكىرلىك بەدىئىي مەھسۇلات-لارنى كۆپلەپ تەقدىم قىلماقتا. شۇنىڭدەك ئۇزۇندىن بېرى گويا "زەھەرخالتىسى"دەك قارىلىنىپ، تىنماي جازالىنىپ كەلگەن ھەجۋىي، يۇمۇرمۇ ئازادلىققا ئېرىشىپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى قامچىلاش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى بىرقەدەر مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى؛ ئىلمىي-بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەدەبىي تەنقىدمۇ شەكىللىنىشكە باشلىدى. «تارىم» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بېيىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈنمۇ چوڭ رول ئوينىدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر «تارىم»نىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.

«تارىم» ئۇيغۇر يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر مۇنبىرى بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەدەبىي مىراسلىرىنى يورۇتقا چىقىرىش، مىللىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭمۇ تەشەببۇسكار سورۇنى بولۇپ كەلدى. شۇنىڭدەك ، خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ھەمدە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىرىدىن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە كىتابخانلىرىنى بەھرىمەن قىلىش جەھەتتە مۇھىم بىر كۆۋرۈكلۈك رولىنىمۇ ئوينىدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر بەدىئىي تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنى «تارىم» ئاپتورلىرى ئاساسىدا شەكىللەندى ۋە ئۆستى. «تارىم» نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندا ئۇنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ سانى يۈزگە يەتمەيتتى، ئەمدىلىكتە بولسا مىڭدىن ئاشتى. ئەنە شۇنداق زور بىر قوشۇن «تارىم»نىڭ ھاياتىي كۈچى، پائالىيەت ئىقتىدارى. شۇنىڭدەك «تارىم» مۇشۇ زور قوشۇن ئۈچۈن ئاساسلىق مەكتەپ بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى «تارىم» بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ، تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، ئۇقتىلىق تەربىيىلەش، تەھرىرلىك سەنئىتى بىلەن ئۇلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشى، سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئاكتىپ ياردەم بەردى ھەمدە ئۆز قوشۇنىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىقمۇ ئۆز سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ باردى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ ھوسۇللۇق ۋەكىللىرى ۋە ئەڭ مۇنەۋۋەر مەھسۇلاتلىرى جامائەتچىلىككە ئاساسەن «تارىم» ئارقىلىق تونۇلدى. بۇ

«تارىم»غىمۇ شەرەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ژۇرناللىرى ئىچىدە تىراژى ئەڭ كۆپ نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى، كەڭ كىتابخانلىرى بۈگۈنكى كۈندە «تارىم»دەك نوپۇزلۇق بىر ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ سانىنىڭ 300 گە يەتكەنلىكىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر يۈكسىلىش سۈپىتىدە نىشانلايدۇ.

«تارىم» سانىنىڭ 300 گە يەتكەنلىكىنى نىشانلاش «تارىم»غا بولغان زور ئۈمىدنىڭ تەنتەنىلىك ئىپادىسى. ئۇ تېخىمۇ جۇش ئۇرسۇن! «تارىم»نىڭ ئىقمى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى. تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ تۇرۇش «تارىم» نىڭمۇ دائىملىق ۋەزىپىسى. دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا بولغان تەلەپ ـ ئېھتىياجى بارغانسېرى ئاشماقتا. «تارىم»مۇ مۇشۇ تەلەپ ئېھتىياجىغا ئۆز پائالىيىتى بىلەن ئاكتىپ جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىياتە- نىڭ داغدام يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. «تارىم» تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، ناچار، چىرىك خاھىشلارنىڭ ئەدەبىياتىمىز مەيدانىنى خۇنۈكلەشتۈ- رۈشىدىن ھوشيار بولۇش بىلەن بىللە، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچە- لىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىلھام بېرىش، قاتماللىق ئالدىدا قورقماي، ئىجادىي بۆسۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش، تالانت ئىگىلىرىنى ئىزچىل بايقاش ۋە يۆلەش، قوشۇننىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىشى، قوشۇنىنىڭ قىزغىن سورۇنى ۋە ئىجادىيىتىمىزنىڭ جۇشقۇنلۇق مۇنبىرى بولۇشى كېرەك، ئىشىنىمىزكى، «تارىم» بۇ ئۈمىدنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

1986 ـ يىل 1 ـ ئاي.

# شېئىردىكى "مەن" توغرىسىدا

بىر چاغدا مەلۇم بىر "تەنقىدچى"نىڭ مەلۇم بىر شائىرنى ئەيىبـ-لەپ: يازغان شېئىرلىرىدا "'مەن'نى كۆپ ئىشلىتىدىغان مەنمەنچى" دەپ قايناپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇنىڭ قارىشىچە، شائىر ئۆز شېئىرىدا "بىز" دەپ سۆزلىسە، خەلق ئاممىسىغا ۋەكىللىك قىلـ-غان، "مەن" دەپ سۆزلىسە، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولغۇدەك. چۈنكى بۇ "بىز" پرولېتارىياتنىڭ ئومۇمىيلىق كۆز قارىشىنىڭ، "مەن" بولسا بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكىنىڭ بەلگىسى ئىمىش. بۇ غەلىتە مۇلاھىزە، شېئىرنىڭ، جۈملىدىن شېئىردىكى "مەن"نىڭ نېمە ئىكەنـ-لىكىنى چۈشەنمەسلىكتىن تۇغۇلغان مۇلاھىزە بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا بەزىلەرگە بەكمۇ ئورۇنلۇق پىكىر بولۇپ تۇيۇلغانىدى. بىراق بۇنداق مۇلاھىزىنى ھازىرمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

مەلۇمكى، شائىر شېئىرىدا "بىز" دەپ سۆزلىشىمۇ مۇمكىن، "مەن" دەپ سۆزلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن "بىز" ياكى "مەن" دېيىش شائىر-نىڭ كىمگە ۋەكىللىك قىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنىڭ، كىمنى گەۋدىلەنـ-دۈرمەكچى بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەس، گەپ شېئىردىكى پىكىردە.

لىرىك شېئىرلاردا شائىر ئومۇمەن "مەن" دەپ سۆزلەيدۇ. لىرىك شېئىرنى شائىر ئۆزىلا رولغا چىقىدىغان سەھنە دېيىش مۇمكىن. ئۇ، بۇ سەھنىدە ئۇ خىل ياكى بۇ خىل لىرىك قەھرىمان

www.uyghurkitap.com

سۈپىتىدە ھېسسىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، دۇچ كەلگەن نەرسە، ھادىسىلەرگە ئۆز پوزىتسىيىسىنى، يەنى مۇھەببەت ياكى نەپرىتىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ، قارشى ئالىدۇ ياكى قارشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىدۇ ياكى يىرگىنىدۇ، شادلىنىدۇ ياكى قايغۇرىدۇ، ئۇنى ماختايدۇ، ياكى زاڭلىق قىلىدۇ. شۇنداق ھېسسىي پائالىيەت مۇئەييەن نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ شائىرنى تەسىرلەندۈرگەنلىكىنىڭ، ھاياجانلاندۇرغانلىقىنىڭ نەتى- جىسى. دېمەك، شائىر ئۆز قەلبىدە قوزغالغان ئاشۇنداق ھېسسىياتنى ئۆز شېئىرىدا ئىپادىلىگەن ئىكەن، ئۇ چوقۇم لىرىك قەھرىمان سۈپىتىدە "مەن" دەپ سۆزلەشكە ھەقلىق. ئەدەبىياتتا بىرىنچى شەخس نامىدىن بايان قىلىش بار ئەمەسمۇ (ھەتتا ھەجۋىي شېئىر- لاردا "مەن" ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشمۇ مۇمكىن). بۇ يەردە شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك: شېئىردىكى "مەن" ياكى بىرىنچى شەخس ئاغزىدىن سۆزلىگۈچى شائىرنىڭ ئۆزى ھەم ئۆزى ئەمەس. لېكىن شېئىرنىڭ ئىدىيىسى شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ.

بىراق بۇ "مەن" ئۆزى ئۈچۈن "مەن" بولماسلىقى، بەلكى كەڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە "مەن" بولۇشى كېرەك. ئۆزىنىڭ تار مۇھىتى ۋە تار سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى "مەن" كىشىلەرگە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەنىۋى ئوزۇق بېرەلەيدۇ.

بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىكى "مەن" دەۋرىمىزنىڭ ۋەكىلى بولۇشى، ئۇنىڭ تىلى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سېپىدە تارىخنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭ قەلب ساداسى بولۇشى كېرەك. شۈبھە- سىزكى، بۈگۈنكى دەۋرىمىزنى چۈشەنمىگەن، بۇ دەۋردە ئۇلۇغ

تارىخىي ئەھمىيەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ كۆرەش
قىلىۋاتقان ئاۋانگارتىلارنىڭ پەزىلىتىنى، ئۇلارنىڭ ئېمىدىن بىزار-
لىقى، ئېمىگە زوقمەنلىكىنى، جۈملىدىن دادىل ئىسلاھ قىلىش
روھىنى چۈشەنمىگەن "مەن"نىڭ ناخشىسى تارىخ مۇقامىغا ماسلىشال-
مايدۇ. دېمەك، "مەن"نىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتلىك ناخشا ئېيتا-
لىشى، ئالدى بىلەن، دەۋرىمىزنىڭ تەلىپىنى ئۆز تەلىپىگە ئايلاندۇرا-
لىشىغا، دەۋرىمىز قەھرىمانلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولالىشىغا باغلىق.
بۇنىڭ ئۈچۈن، ھاياتنىڭ ئەھمىيەتلىك قايىنىمىدا، مول قەھرىمانلىق
تۇرمۇش ئىچىدە بولۇشىمىز كېرەك. بۇ ئاسان ئەمەس. لېكىن
قىممەت نەرسە ئاسان قولىغا كەلمەيدۇ. ئاسانغا يۈگۈرۈگەندە،
ھوسۇلىمىز چاكىنا بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە تارىخنىڭ مەسخىرد-
سىگە قالىمىز.
بىزنىڭ شېئىرىمىزدىكى "مەن"نىڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا،
رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە "مەن" بولالىشىنىڭ ئالدىنقى
شەرتى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئىشلەش. بۇ ئەڭ ئۇلۇغ
مەنىۋى قۇدرەت. مۇشۇ قۇدرەتنى ئىگىلىگەن "مەن" ھەرگىزمۇ
ئۆزى ئۈچۈن "مەن" (چاكىنا "مەن") بولۇپ قالمايدۇ، بۇنىڭ
ساداسىغا خەلق جور بولىدۇ، تارىخ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

1984 - يىل 5 - ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىيات بېغىدا "يېرىم دۇنيا"نىڭ گۈللىرىمۇ تەكشى ئېچىلىشى كېرەك

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئەرلەرلا ياراتقان ئەمەس، ئۇنىڭدا ئاياللارنىڭمۇ ئۇلۇغ تۆھپىسى بار. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى بولغان ئەدەبىيات تارىخىمۇ بۇنىڭ چوڭ بىر دەلىلى، لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۆتمۈشتىكى جاھالەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاياللارنىڭ ھەممە جەھەتتىكى ئەركىنلىكىنى بوغۇپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيىتىمۇ قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغان، شۇنداق بولسىمۇ، تارىختا نۇرغۇنلىغان ئاياللار جاھالەت قاماللىرىنى بۆزۈپ، ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

ئېلىمىزدە "4 - ماي" ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئاياللار ئازادلىقى يولىدىكى كۈرەشلەر زور ئەھمىيەتلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە باشلىدى. يېڭى جۇڭگونىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە جۇڭگو ئاياللىرىنىڭمۇ ھەممە كۈرەش سېپىدە جاپالىق ئەجىر - تۆھپىسى زور، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىمۇ ئاشۇ ئەجىر - تۆھپىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئېلىمىزدە ئاياللار ئازادلىقى تۈپ كاپالەتكە ئېرىشتى. ئاياللارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئۆز

رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى زور دەرىجىدە كېڭەيدى
جۇملىدىن ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى جاپالىق پائالىيەتلىرى
خېلى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت
ئاياللىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئاياللار
ئازادلىقى غەلىبىسىنىڭ جىلۋىدار بىر مەنزىرىسىدۇر.

3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئەدەبىياتىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش دەۋرىگە كىردى. بۇ
جەرياندا ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ
ئىجتىمائىي تەسىرىگە دائىر ئەمەلىي پاكىتلار بىزنىڭ زوقىمىزنى
قوزغىماي قالمايدۇ. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ
شۆبىسىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە ئاياللارنىڭ سانى 24 كە يېتىدۇ. بىرقانچە
يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر
ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 16 ئايال
يازغۇچى، شائىر مۇكاپاتلاندى.

شېئىرىيەت ساھەسىدە مول ھوسۇل بېرىۋاتقان شائىرە تۇرسۇنئاي
ھۇسەيىن بۈگۈنكى يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن
ۋەكىللىرىدىن بىرسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرىدا
دەۋرىمىز ئاياللىرىنىڭ روھىي قىياپىتى خېلىلا روشەن ۋە تەسىرلىك
ئىپادىسىنى تاپقان، شۇنداقلا ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا ئاياللارغا خاس
نازۇك ھېسسىياتمۇ گەۋدىلىك.

يازغۇچى ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» رومانى كەڭ
جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئائىلە
ئايالى ھېسابلانغان ئوچتۇرپانلىق غايىبە ئابدۇراخمانىنىڭ بىرقانچە
يىلدىن بۇيان يازغان ھېكايىلىرى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە چوڭ قىزى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىش قوزغىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش روھىمۇ ئالاھىدە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. شۇنىڭدەك تۇرسۇنئاي يۇنۇسنىڭ ھېكايىلىرى، نۇرىيە ئېلاخۇن، دىلبەر قېيۇم ۋە باشقىلارنىڭ شېئىرلىرى جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئىشتىياقىنى قوزغاۋاتقان شېئىرلارنىڭ بىر قىسمى.

قازاق ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئۇلۇقان، رەيھان، شامشىبانۇ، بەتىش، زاھارا، نۇرىيلا، شادەت قاتارلىقلارنىڭ نامىنى ئالاھىدە ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، جۇملىدىن ئاقىنلار ئېيتىشىش پائالىيەتلىرىدە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن جامالقان، مەدىقان، بۇۋى مەرى قاتارلىق ئايال ئاقىنلارنىڭ بۈگۈنكى جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىمۇ خېلى چوڭ. باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بۇنداق ئامىللار ۋۇجۇدقا كەلمەكتە.

شىنجاڭ رايونىدىكى خەنزۇ ئايال يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىلگىرىلەش قەدىمى خېلىلا گەۋدىلىك بولماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شاۋلىيەن، شاڭ جۇسەن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولۇپ قالدى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بىللە، ئەدەبىي تەرجىمانلىق ساھەسىدىمۇ ئاياللارنىڭ پائالىيەتلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. بۇ جەھەتتە يولداش تۇرسۇنئاي ساقىم، مەريەم مەتمىن قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئاياللارنىڭ ياراتقان نەتىجىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن تىلغا ئالغىنىمىزدا، شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ساھەدە

"يېڭى دۇنيا"نىڭ رولى تېخى دېيەرلىك جارى بولغىنى يوق. ئەدەبىيات قوشۇنى ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئىگەللىگەن سانى يەنىلا ئاز. يېتى ئاز، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، بىلىم سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى خېلىلا چەكلىك. بىز ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، ئىجادىيەت جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىللە، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئالاھىدە ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

1984-يىل 3-ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «ئەزدىزسەن ۋەتىنىم، گۈزەل سەن ھامان»

يولداش مىرزاھىد كېرىمى بىرقانچە يىلدىن بۇيان شېئىرىيەت بېغىمىزدا خېلى مول ھوسۇل بېرىۋاتقان شائىرلارنىڭ بىرسى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان زوق-ئىشتىياق بارغانسېرى يېڭى-يېڭى تەسۋىر، يېڭى-يېڭى ئوبرازلىق شېئىرىي پىكىرلەر بىلەن جىلۋىلەنمەكتە. بۇنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1983-يىل 30-ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن قەسىدىسى» دېگەن شېئىرىمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بۇ شېئىر دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان پەرزەنتكە ئۇنىڭ "بېشىدا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئانا"نىڭ ئەجىر-مېھرىنى تەسۋىرلەش بىلەن باشلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇ يەردىكى: "دەيمەنكى جەننەتمۇ ئانا كۆكسىدە" دېگەن مىسرا ئانا ئوبرازىغا خاس يېڭى شېئىرىي پىكىر بىلەن ئادەمنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ مىسرا ئانىنىڭ رولىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى:

"شۇ غەمخور ئانىغا ئانىسەن ۋەتەن، كۆرۈنۈپ تۇرىسەن ئانا ھۆسنىدە"، دېگەن مىسرالار شېئىرنىڭ ۋەتەن ئوبرازىنى ئىپادىلەش ئۇقتىدارىنى كۈچەيتكەن. ئۇنى ھەتتا شېئىردىكى بارلىق پىكىر تەسۋىرلىرىنى مەزمۇن، مەنتىقە ۋە بەدىئىي جەھەتتىن ئۆزگە باغلاپ تۇرغان قوزۇق دېيىشكە بولىدۇ.

مۇزات — بىزنىڭ مەھەللىۋى تەسەۋۋۇرىمىزدا دۇنيادىكى ئەڭ

سۈرلۈك، مۇزلۇق داۋان. شائىر مۇشۇنداق يەردىمۇ ئۈسكەن گۈللەرگە زوقلىنىپ:

«جاھاندا مۇزاتتەك سۈرلۈك داۋان يوق، مۇز يېرىپ كۆكسىدە يەلپۈنەر لالەڭ» دەيدۇ. بىز بۇ مىسرالار ئارقىلىق ئاجايىپ تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆرۈپلا قالماي، بەلكى ۋەتەنىنىڭ ھەرقانداق قولايسىز شارائىتىمۇ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر پەزەنتىنىڭ ياشاش، بەھرى بېرىش ئىرادىسىگە توسقۇن بولالمايدۇ، دېگەن چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە پىكىرنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى كۆرىمىز.

شائىر يەنە نۇرغۇن مىسرالىرىدا سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە گۈزەللىشىپ، ئاۋاتلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن تۇغۇلغان شادلىق ھېسسىياتىنى ئىپتىخار بىلەن ياغدۇرىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك ۋەتەننى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بۇرچى ھېسابلايدىغان، شۇنداق ئەجىرنىڭ مېۋىسىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغان بارلىق ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ يۈرەك ساداسى. لېكىن، شائىر ئېيتقاندەك، ۋەتەنىنىڭ قىزىق ئاپتىۋىدىن قېچىپ سايە ئىزدەيدىغان، سوغۇقىدىن قېچىپ ئىسسىق دالدا ئىزدەيدىغان نامەردلەر بار. ھەتتا چەت ئەلنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ ئېزىتقۇ نەرسىلىرى ئالدىدا سېھىرلىنىپ، ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئارسىزلارمۇ بار. شېئىردا شائىرنىڭ ۋەتەن قەدرىنى تۆكىدىغان ئارسىزلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىش ساداسى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك:

"تامغۇزغىن بۇرنۇمدىن ئوغۇز سۈتىنى،
غېمىڭنى مەن يېمەي ئىزدىسەم راھەت."

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مىسرالار ھەربىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ شېئىرىي قەسەمنامىسى بولۇشقا ئەرزىيدۇ.

شېئىرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا شائىر ۋەتەن مېھرى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن ئەجدادلارنىڭ شەرەپلىك تارىخىي ئىزلىرىغا ئىپتىخار نەزىرىنى تاشلاش بىلەن بىللە، بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەن ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئەجىر سىڭدۈرۈش ئىرادىسىنى چوڭقۇر ھېسسىياتلىق كۈي بىلەن جاكارلايدۇ:

"تۆت پەسلىڭ مەن ئۈچۈن تۈگىمەس داستان،
ئەزىز سەن ۋەتىنىم، گۈزەل سەن ھامان."

ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىدىغان "ئەزىز سەن ۋەتىنىم، گۈزەل سەن ھامان" دېگەن مىسرا بۇ شېئىرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى.

مەن بۇ شېئىرنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، شائىر ئاشۇ تېماتىك مەزمۇننىڭ تەلىپىنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. گەرچە بۇ شېئىر يەنىلا بەزىبىر نۇقسانلاردىن (مەسىلەن، بەزىبىر پىكىر تەسۋىرلىرىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى ياكى تەكرار بولۇپ قېلىشى، بەزى مىسرالاردا سۆزلەرنىڭ ئانچە راۋان بولماسلىقىدەك كەمچىلىكلەردىن) خالىي بولمىسىمۇ، شائىرنىڭ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈۋاتقانلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا. مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ روھىنى قىزغىن ئالقىشلايمەن ۋە مۇشۇ روھ بىلەن تېخىمۇ ياخشى مېۋە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي مىراسى توغرىسىدا

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى شەكىل‐لىنىشكە باشلىغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادىغا مەنسۇپ مۇھىم ۋەكىلى.

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئەنئەنىۋى تېمىلىرىغا، ئىدىيىلىرىگە ھەم بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۈرىشى داۋامىدا يېڭى ئۇرغان دېموكراتىك ئىدىيىلەرگە ھەغدا بولۇش، خەلققە يېقىن، ئاممىباب ئەدەبىي تىلنى جارى قىلىش ھەمدە بەدىئىي شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىش ئىزدىنىشى ئاساسەن شەكىللەندى. بىز بۇ خۇسۇسىيەتنى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرىمىز.

شائىر ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەزگىل شىنجاڭ رايونىدا مىلتارىست ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلار تەختتە ئولتۇرغان فېئودال مۇستەبىتچىلىك، جاھالەت ۋە مىللىي كەمسىتىش خەلقنى بىزار قىلغان، شۇنىڭدەك بۇ خىل چىرىك ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەشمۇ جىددىي رېئاللىققا ئايلانغان دەۋر ئىدى، بۇ مۇشۇ دەۋردىكى ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن زېمىن. بۇ كۈچلەر ئەينى زاماندا شىنخەي ئىنقىلابى، ”4 ـ ماي“ ھەرىكىتىدىن مەدەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىش ھەمدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلىش بىلەن ئۆزىدە يېڭى دېموكراتىك ئىدىيىۋى ئېقىمغا مەنسۇپ ئامىللارنى يېتىشتۈرگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى ئەنە شۇ ئامىلنىڭ جانلىق بەدىئىي دەلىلى.

ھازىر قولىمىزدا بار ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئىجادىيىتىنى مۇھەببەت لىرىكىلىرى بىلەن باشلىغاندەك تۇرىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ ياشلىقتا (يىگىتلىكتە) بولۇشقا تېگىشلىك ھېسسىياتنىڭ شېئىرىي ئىپادىسى. بىز بۇ شېئىرلاردا بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئىشقىي قوشاقلار ئەنئەنىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى ھېس قىلىمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭدا بۇ تېمىغا مۇناسىپ ھېسسىيات ۋە ئۇنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىجادىي روھمۇ خېلى گەۋدىلىك.

شائىر رېئال ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىچىگە چوڭقۇر كىرىش، بىلىم ئاشۇرۇپ، يۇرت كېزىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەريانىدا شۇ دەۋرنىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئۆز ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاكتىپ ئىزدىنىشكە كىرىشكەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە بۇرۇنراق ۋە ئىزچىل ئىلگىرى سۈرۈلگەن مۇھىم بىر ئىدىيە — دىنىي خۇراپاتتىن ئىبارەت جاھالەتنى سۆكۈپ، مەرىپەتنى تەرغىب قىلىش. ئاڭلىق جامائەتكە مەلۇمكى، دىنىي خۇراپات ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ھادىسە ۋە ئاقىۋەتلەرنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى، ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى مىللەتنى مىزنى غەپلەت ئەللىيى بىلەن ئۇخلىتىپ، زامانىۋى يېڭى ئاڭنىڭ ئويغىنىشىغا يول قويماي، قالاقلىق ئاسارىتىگە باغلاپ، تەرەققىي قىلىشقا "ئىجازەت" بەرمەي كەلگەن ئالدامچى، مۇتتەھەم، ھۆكۈمران

كۆچ ئىدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنغان مىللەتنىڭ ئۆزىنى، دەۋرنى، دۇنيانى چۈشىنىشى، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي، مىللىي ھوقۇقىنى، بۇرچىنى جارى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن ھەر-قانداق زوراۋان رەزىللىك ئۆزىگە قارشى كۈشەندە تۇغدۇرىدۇ. زوراۋان دىنىي خۇراپاتنىڭ رەزىللىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرۈپ قاتتىق ئازابلانغان، ئىلغار ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ئۆزىدە ئىسيانكارلىق روھىنى يېتىشتۈرگەن ئىلغار كۈچلەر، جۈملىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ رەزىللىككە قارشى تىغ كۆتۈرۈشكە پېتىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ «غەزەپ ۋە زار» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

"پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، 'كاپىر-جەدىد' دەپ قاغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارمەن"،
"ئىلىم-پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ-خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن:"

بىز بۇ مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، پەن-مەدەنىيەتتىن مەھرۇم بولۇپ، قالاقلىقتا قېلىۋاتقان مىللەت (يەنى ئۇيغۇر خەلقى) بىلەن تەرەققىي قىلغان مەدەنىي مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئېچىنىشلىق سېلىشتۇرمىدىن تۇغۇلغان ئەلەملىك پىغاننى، مىللەت ئالدىدا ئۆزلىرى ئەڭ چوڭ گۇناھكار بولۇپ تۇرۇقلۇق، مىللەتكە نىجاتلىق بەخش ئەتكۈچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان، ئىلىم-پەنگە ئىنتىلگۈچىلەرنى چوڭ گۇناھكار ساناپ جازالايدىغان مۇتتەھەم جاھالەتپەرەسلەر دەستىدىن ئۆرتىنىپ ئاتەشكە ئايلانغان قەلبىنىڭ ئىسيانكار ساداسىنى ئاڭلايمىز.

مەلۇمكى، دىنىي خۇراپات ۋەكىللىرىنىڭ چوڭ دەستىكى بېشىدىكى سەللە، ئۇستىدىكى تون-پەرىجە، قولىدىكى تەسۋى، تەرغىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىدىغىنى قولچىلىق، كۆزلەيدىغىنى خەلقنى ئالداپ ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق هارام مەنپەئەتكە ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشىش. بۇ خىل رىياكارلىق مۇناپىقلىقنى نەپرەت بىلەن سۆكۈش ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇهىم بىر ئەنئەنىۋى تېمىسى ئىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇشۇ ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە زاماندىش بولغان دىنىي خۇراپات ۋەكىللىرىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى چۈۋۈشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى دەپ هېسابلىدى. شۇڭا:

"يوغان سەللە، ئۇزۇن تونلار بىلەن بىزلەر دىيانەتلىك،
كۆرۈشكە زاهىرەن تەقۋا، كۆرۈنمەستە خىيانەتلىك" دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرىدا ئاچچىق تەنە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ، رەزىل ماهىيىتىنى ئاشكارىلىدى.

بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرىنى سىنچىلاپ ئوقۇغىنىمىزدا شۇنى هېس قىلىمىزكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، دىنىي خۇراپات مۇستەقىل ـ يەككە هادىسە بولماي، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇشتىن مەنپەئەتدار بولغان مۇستەبىت هاكىمىيەتنىڭ مۇهىم بىر ئىجتىمائىي تايانچىسى ئىدى (بۇ نۇقتىئىنەزەر ئۇنىڭ «يەجۈجى، مەجۈجى» دېگەن شېئىرىدە ناهايىتى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن). مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دىنىي خۇراپاتقا قارشىلىقىنى ئادەتتىكى مەرىپەتپەرۋەرلىك دەپلا باهالاش كەملىك قىلىدۇ. مېنىڭچە، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئۇنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ بىر ئىپادىسى.

دېموكراتىك ئىدىيە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ فېئوداللىق مۇستەبىت هاكىمىيەتكە ئۆچمەنلىكىنى جاكارلىغان شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇ ياشىغان دەۋردىكى مۇستەبىت هاكىمىيەت هەر

مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆپ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە قارىتىلغان مىللىي زۇلۇمنىڭ تېخىمۇ ياۋۇز، ھىيلىگەر ۋارىسى ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ قوشلاپ زۇلۇم چەككەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئارزۇسىغا، كۈرەش ئەمەلىيىتىگە ئايلانغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بىرقانچە قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى، جۈملىدىن خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ ئاشۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمىغا قارشى خەلق غەزىپىنىڭ شىددەتلىك پارتلىشى ئىدى. خەلق بىلەن قەلبداش بولغان، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردىن، شۇنىڭدەك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن روھىي مەدەت ئېلىپ، ئۆزىدە مەلۇم ئىنقىلابىي ئاڭ يېتىشتۈرگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ قوزغىلاڭغا ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىدى، بولۇپمۇ قەلەم سېپىدە تۇرۇپ كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز زامانىغا بولغان نارازىلىقى، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى خېلى بۇرۇنلا ئويغانغان. بۇ ئۇنىڭ «ھار» دېگەن شېئىرىدىكى:

"راست تېپىلماس بۇ جاھاندا، ھەممە ئىش يالغاننىڭكى".
"ھاكىمى مۇتلەق بولۇپ پارە يەپ، يامبۇ قويۇپ،
ئەينى تۇڭگۇزدەك سەمىرمەك يامۇلدا ياتقاننىڭكى."

دېگەن مىسرالىرىدا ناھايىتى كەسكىن، ئېنىق ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭ قەلبى كۈرەش بورىنىغا تەقەززا، شۇڭا جەمئىيەتتىكى زۇلۇمغا بولغان سەۋر ـ تاقەت، كۈرەشكە ئاتلىنىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق خاھىشى ئۇنىڭ قەلبىنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئازابىنى «ئىستىمەس» دېگەن شېئىرىنىڭ:

"مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆكۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىب، ئىگرايدۇ، ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس."

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرىدا چوڭقۇر ھەسرەت، كۈچلۈك تىتىلداش ئىچىدە ئىزھار قىلىندۇ. شۇنىڭدەك «باردۇر» دېگەن شېئىرىدا:

"ئىت ئۇرغانىنى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى ئەلنىڭ،
لويى، ئامبالۇ، دارىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر."

دېگەن تەنە ئارقىلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ياخشچاق بولغۇچىلارغا نەپرەت تىغىنى سانچىيدۇ. «ئويغان» دېگەن شېئىرىدا بولسا، خەلققە بىۋاستە خىتاب قىلىپ، بوراندىن شەپە بېرىپ، ئويغىنىش-تەۋرىنىش سىگنالىنى چالىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز دەۋرىگە بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ «يەجۇجى، مەجۇجى» دېگەن شېئىرىدە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. بىز بۇ شېئىردىن شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىسىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ نەزىرىدە، گەرچە خانلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مىلىتارىستلارنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىقى، سۈن جۇڭشەن تەلىماتىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقى، ئەلدە پارچىلىنىش يۈز بەرگەنلىكى بىرقەبىھ ئاپەت. شۇنىڭدەك ياڭ زىڭشىن ھاكىمىيىتىمۇ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىمۇ ئەنە شۇ قەبىھ ئاپەتنىڭ شىنجاڭ نۇسخىسى. بىز بۇنىڭدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ياڭ زىڭشىن ۋە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكى تار مىللىي، مەھەللىۋى ھېسسىيات بولماي، بەلكى

مەملىكەتنىڭ ئۇرتاق تەقدىرىگە ئالاقىدار ئىنقىلابىي روھ ئىگەللىكىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىزچىل ئىسپاتلاپ كەلگەن شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، ھەرقانداق مۇستەبىت ھاكىمىيەت خەلققە زۇلۇم سېلىشتا قانچە غالجىرلاشسا، ئۆز ھالاكىتىنى شۇنچە تېزلىتىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ، شۇنىڭدەك ئادىمى ئالماشقان بىلەن يولى، تۈزۈمى ئالماشمىغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى-نىڭ ئاقىۋىتىنى مۇشۇ ھەقىقەت ئەينىكىدىن كۆردى، گەرچە زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەتلەر ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا، دەھشەتلىك زەربىلەرگە ئۇچرىسىمۇ، ئاخىرى غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تىكلىدى. بىز شائىرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەن شېئىرلىرىدا ئىزھار قىلىنغان تەشۋىش-شىكايەتلەردىن ئۈمىدسىزلىكنى ئەمەس، بەلكى ئازادلىققا ئېرىشىش يولىنىڭ ئەگرى-توقاي، جاپالىق يول ۋە ئازادلىق جەڭچىسىنى سىنايدىغان مۇشكۈل ئىمتىھان ئىكەنلىكىنىڭ ھەمدە ئىشەنچ ۋە پىداكارلىق زەپەر مەنزى-لىگە يەتكۈزىدۇ دېگەن ئىدىيىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىنى كۆرىمىز. يۈرەك كۈيىگە ئايلانغان بۇ پىكىرلەر ئۆز ۋاقتىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشىغا، كۈرەش ئىرادىسىگە كۈچلۈك مەنىۋى تۈرتكە بولغان.

ئاخىرى چوڭ بوران يېتىپ كەلدى: 1930-يىللارنىڭ بېشىدا خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، كۆپ ئۆتمەي تۇرپانمۇ زىلزىلىگە كەلدى. 1932-يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇرپان خەلقى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، يېڭى شەھەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ زور زىلزىلە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەلبىگە چوڭقۇر سۆيۈنۈش بەخش ئەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «مۇزلىدى» دېگەن شېئىرىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ جاسارىتىگە، غەلىبىسىگە بولغان ئالقىشىنى ئىپادىلەپ، شادىيانە ناغرىسىنى چالدى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئالاقزادىلىكىنى كۆرۈپ، ھەجۋىي كۈلـكىسىنى ياڭراتتى. تەبىئىيكى، خەلق بىلەن قەلبداش بولغان شائىر خەلق بىلەن بىللە يىغلايدۇ، خەلق بىلەن بىللە كۈلىدۇ.

ئەپسۇسكى، تۇرپان خەلقىنىڭ بۇ غەلىبىسى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئەكسىيەتچىلەر قورال كۈچى ئىشلىتىپ ۋە ھەر خىل ساختىپەزلىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بۇ قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك ھالدا باستۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى قوزغىلاڭ تەشكىلاتچىلىرى قاتارىدا پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلدى. بىراق بۇ باستۇرۇش خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلابىي روھىنى دەپنە قىلىۋېتەلمىدى. قاتىللارنىڭ قىلىچى شائىرنىڭ ھايات رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خەلق قەلبىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئىنقىلابىي روھىي رىشتىسىنى ئۈزۈۋېتەلمىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ پاك ئېتىقادىغا ئاخىرقى نەپەسىگىچە سادىق بولۇشنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. ئۇ تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئەجەل سائىتى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان پەيتتىمۇ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ چىگىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە داۋاملىق باش قاتۇردى. «ئىچ پۇشۇش» دېگەن شېئىرىنى يېزىپ، خەلقنىڭ ئۆز ھەققى ـ ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىنىڭ جىنايەت بولۇپ قالغانلىقىغا، ئىزگۈ ئىستەكلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىغا بولغان ھەققانىي غەزىپىنى ۋە نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئارزۇلىرىنى يۈرەكنى تىترىتىدىغان بىر قاتار رېتورىك سوئاللار ئارقىلىق ياڭراتتى:

"گۇناھسىز بىز، ئەيىبسىز بىز، بۇ شۇملار ئالدىدا قىلچە،
ۋە ياكى بىز ئۇنۇپ چىققان ئورۇپ تاشلاشقا قامقاقمۇ؟

بولالماي ئاھ تارتىپ ئەيلىدىم پەريادى ۋاۋەيلا،
ئېغىزدىن كۆككە چىقماس ئۇن، بۇ ئىش دەردىمگە ئايغاقمۇ؟"

بۇ شېئىردىكى سوئاللارنىڭ ئۆزىدە جاۋابمۇ بار، لېكىن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى، شائىر بۇ سوئاللارغا بىر-بىرلەپ ئېنىق جاۋاب بېرىشنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئويلىنىشىغا، ئىزدىنىشىگە تاپشۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى، بولۇپمۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەشتە ئەينەك قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، دېموكراتىك غايىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. بۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى (مەسىلەن: ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش، خۇشامەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، تەپرىقىچىلىققا ئوخشاش ئىللەتلەرنى) سۆكۈش ئارقىلىق، مەنىۋى گۈزەللىكنى تەرغىپ قىلىشمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېماتىك مەزمۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي مىراسىدىكى ئاكتىپ ئىدىيىۋى خاھىش بىزنىڭ ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئالدىنقى ۋەكىلى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە تولۇق ئاساس بېرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭ بەزىبىر مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشىدا بىر تەرەپلىمىلىك، پاسسىپ ئامىللارمۇ مەۋجۇت، ئۇنىڭ سەۋەبىنى تارىخىي چەكلىمىلىكتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىزدەش كېرەك. بىز ئۇنىڭدىن ھەممە جەھەتتە بۈگۈنكى ئاڭ-سەۋىيىنى تەلەپ قىلالمايمىز، شۇنىڭدەك بۇنى ئۇنىڭغا زورمۇزور تاڭالمايمىز. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ ئىلگىرى سۈرگەن بىر قاتار ئىلغار پىكىرلەر ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ ئاكتىپ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى بەزىبىر كۆز قاراشلىرىمىنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمۇ بىرقانچە تارىخىي باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا ئۆتۈشىدە «ھەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى»)نىڭ ئاپتورى ئەخمەت يۈكنەكى بىر بوسۇغا بولسا كېرەك. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا، بىر بوسۇغا ياكى باشلامچى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تىلى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئاساسىدا ھەمدە كلاسسىك يازما ئەدەبىيات (يەنى چاغاتاي ئەدەبىياتى) تىلى ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، خەلقىقە، جانلىق تىلغا يېقىنلىقىدا، ئاممىباپلىقىدا. بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەتبۇئات كۆرمەيمۇ خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ، يادلىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي مىراسى يازما ئەدەبىياتقا مەنسۇپ ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. ئۇنىڭ بەدىئىي شەكلى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى

شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ھەمدە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شەكلىنى ئىجادىي تەتبىىق قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ شېئىرى ئارۇز ۋەزنىدە (ئاساسەن ھەزەج ۋە رەمەل بەھرىلىرىنىڭ بىرقانچە تارماق شەكلىدە) ھەم غەزەل، مەسنىۋى، مۇرەببە مۇخەممەس، مۇسەددەس، رۇبائىي، قىتئە قاتارلىق بېيىت شەكىللىرىدە يېزىلغان، ئۇ بۇ شەكىللەرنى ئاممىباپ تىلدا ئەركىن جارى قىلالىغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان لىرىك جۇشقۇنلۇققا باي، ئۇنىڭدىكى ھەربىر ھېسسىيات جانلىق تەسەۋۋۇر بىلەن قاناتلانغان. ئۇ زورۇقۇشنىڭ ئەمەس، بەلكى تەبىئىي قوزغال-غان، پارتلىغان ئىلھامنىڭ مەھسۇلى، ئۇ يۈرەك سۆزىنى كۆيگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ياكى پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرىنى ياراتتى. مىسال ئۈچۈن، ئۇنىڭ «كۆزلىگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەن شېئىرىغا نەزەر سالايلى. بۇ شېئىر مۇنداق باشلىنىدۇ:

"مەنزىلى مەقسەت ئۇزاق، تېز ماڭمىدى مىنگەن ئۇلاق."

قارىماققا، بۇ مىسرا ئۇزاق سەپەرگە چىققان، بىراق ئۇلىغىنىڭ ناچارلىقىدىن يولى ئاۋۇمايۋاتقان يولۇچى — سەپەرچىنىڭ نالە-زارىدەك سېزىلىدۇ. لېكىن چوڭقۇرلاپ كىرىپ، مەجازى پەردىلەرنى قايرىپ تىڭشىغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن ئازادلىققا ئىنتىلگەن، بىراق تورلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئويغۇشسىزلىق، توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ، غەلىبىگە ئېرىشەلمەيۋاتقان جەڭچىنىڭ ھەسرەتلىك تەقەززاسىنى ئاڭلايمىز. ئۇ يەنە بۇ ئىنتىلىشنى ئۆز ھەرىكىتىگە يۆتكەپ ۋە ئۇنى دېڭىز ئىچىدىكى كېمىگە ئوخشىتىپ:

"بىر چۆكۈپ، بىر چىقىمەن، بىر تۈنجۇقۇپ، بىر تىنىمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈلەر ساھىل قاچان دەپ كۆزلىرىم كەتتى قاماپ"

دەپ، كۈرەش يولىنىڭ مۇشەققىتىنى، ئازابىنى، غەلىبىگە بولغان ئۈمىد ۋە تەقەززاسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ.

«كۆكئول خاھىشى» دېگەن شېئىرىدا شەيئىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپلا ماھىيىتىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ:

"تاغ ئېگىزلىكتىن چىقارماس ئات، پەقەت ئۇ كان بىلەن.

سۇ تىرەنلىكتىن چىقارماس نام، شۆھرىتى مارجان بىلەن" دەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق سىرتقى دەبدەبىگە بېرىلمەي، ئىچكى دۇنيانى بېيىتىش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدۇ.

«ئۈمىد كەبەم» دېگەن لىرىكىسىدا مەشۇقىنىڭ دەردى-پىراقىدا ئارامنى يوقاتقان ئاشىقنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەندە:

"ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇنچە
يادىڭ بىلەن مەن ئويغاق.
ئاسماندىكى يۇلتۇزلار
بۇ ھالىم ئۇچۇن ئايغاق."

دەپ يازىدۇ. بىز بۇ يەردە يۇلتۇزلارنىڭ تۈندىكى بىدارلىقىنىڭ گۇۋاھچىسىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ بىدار كۆزنىڭ يۇلتۇزغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ تەسۋىر نازۇك ھېسسىياتقا كۈچلۈك جۇلا بەرگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرىيىتىدە خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى ئىجادىي تەتبىق قىلىشنىڭمۇ ياخشى ئۈلگىلىرىنى ياراتتى. ئالايلۇق، نەقىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن "ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار"، "كۆرۈن-گەن تاغ يىراق ئەمەس"، "زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ"، "شىر

ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن"، "جانىدىن كەچمەي، جانانغا يەتكىلى بولماس" دېگەنگە ئوخشاش ماقال ـ تەمسىللەر شائىر شېئىرىدا ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئىدىيىگە شۇنداق تەبىئىي سىڭىپ كەتكەنكى، بۇنىڭ تەسىرىدىن ئادەم ئىختىيارسىز هالدا ئاشۇ ماقال ـ تەمسىللەر مۇشۇ شېئىر بىلەن بىللە تۇغۇلغانمۇ ياكى ئۇلار مۇشۇ شېئىرلار ئۈچۈنلا يارىتىلغانمۇ دېگەن ھېسسىياتتا بولۇپ قالىدۇ.

ھەجۋىي ۋە يۇمۇر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە جىلۋىلىنىدىغان مۇھىم بىر بەدىئىي شوخلۇق. ئۇنىڭ «مۇزلىدى» دېگەن شېئىرىدىكى ھەجۋىي خەلق ھۇجۇمى قورشاۋىدا قالغان ئەكسىيەتچىل چىرىكلەرنىڭ ئالاقزادىلىقىغا قارىتا كۈچلۈك مەسخىرە قوزغايدۇ. شائىر بۇ يەردە قوراللىق ئەكسىيەتچىلەرگە رەھىمسىز كۈلكە تىغىنى سانجىيدۇ. شۇنداقلا «قىزىدى» دېگەن شېئىرىدىكى تۇرپانىنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى پەيدا قىلغان ھالەتلەرنىڭ يۇمۇرلۇق ئىپادىسى ئادەمگە زوق بېغىشلايدۇ، كۈلكە بىلەن ھۇزۇر بېرىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى سۆز ئويۇنى سەنئىتىنىڭ ۋارىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا جىن شۇرىنىڭ فامىلىسىنىڭ جىن بىلەن ئاھاڭداش بولغانلىقى ئۈچۈن سۆز ئويۇنى ياساپ، "ئېتى. جىن، نىڭ ئۆزى جىن، جىننىڭ كۈنى بولغاي قىيىن، ئېتىبارى بىر تىيىن، قىلغان ئىشى قاملاشمىدى" دەپ، جىن شۇرىن ئۈستىدىن ئاچچىق مەسخىرە قوزغايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، جىنمۇ ئېتىبارسىز، جىن شۇرىنمۇ ئېتىبارسىز، شۇنداقلا ئۇ ئۆز شېئىرىدا سان ئويۇنى ياسىغان، مەسىلەن: «ئايلىناي» دېگەن شېئىرىدا:

بىر كۆرۈپ ئىككى كۆزۈڭدىن،
ئۈچ بېشىڭدىن ئايلىناي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆت كۆرۈپ قانداق چىداي،
جاندىن كېچىپ بەش ئايلىناي...

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالارنى تۈزۈپ، ئىشقى ھېسسىياتىنى بىر قاتار رەقەملەرگە باغلاش ئارقىلىق جىلۋىلەندۈرگەن، سىفىرلاردىن شېئىرىي مەنتىقە ياسىغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى توغرۇلۇق سۆزلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭغا دائىر مىساللارنى ناھايىتى كۆپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىي ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە باشقا مىللەت ئەدەبىياتى (خەنزۇ ئەدەبىياتى، تاتار، ئۆزبېك، رۇس ئەدەبىياتى ۋە سوۋېت ئەدەبىياتى) نەمۇنىلىرىدىنمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ بارغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ تاتار خەلق شائىرى ئابدۇللا توقاي بىلەن بولغان مەنىۋى-بەدىئىي مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئابدۇللا توقاي ئۇنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىگە خېلى تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا بۇ ئىككى شائىر بەدىئىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن خېلى يېقىن. شۇڭا بولۇپمۇ مۇشۇ ئىككى جەھەتتە (مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى، بەدىئىي خۇسۇسىيىتى ۋە قىممىتى جەھەتتە) ئابدۇللا توقاي تاتار دېموكراتىك ئەدەبىياتىدا قانداق مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا شۇنداق مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېموكراتىك ئىدىيە تەرغىباتچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە

قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ مەلىۋى بايراقدارى ۋە كۈرەش سېپىنىڭ ئاۋانگارد جەڭچىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈرەشچانلىق داستانىنى پاك قېنى بىلەن يېزىپ تاماملىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۈرەشچان ھاياتى ۋە يالقۇنلۇق ئىجادىيىتى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىنقىلابىي تارىخىدىمۇ ئالاھىدە سەھىپە ئىگىلەيدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭىلىق ياراتقۇچى سۈپىتىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى ئىز ئاچقان شائىر. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدە نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەچكە، كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن ۋاقتىدا يۈز كۆرۈشەلمىدى. كۆپچىلىك بىرى مېنىڭ يۈرىكىمنى شۇنداق بىر ھەسرەتلىك ئارمان تاتىلاپ كېلىۋاتىدۇ: مۇبادا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرى قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن ئۆز ۋاقتىدا نەشر قىلىنىپ كەڭ تارالغان بولسا، ئۇنىڭ تەسىرىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى خەلقچىللىق، مىللىيلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات ئىزىدا يۈكسەلگەن بولاتتى.

ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى يوقىلىپ كەتمەپتۇ. مەرھۇم ئەكبەرخانغا ئوخشاش مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىز بۇ مىراسنى يۈرەك قېنىدا ساقلاپ كەلگەچكە، گەرچە كېچىكىپ قالغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا كەڭ ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. بۇ مىراس بىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقىمىزغا زور تۆرتكە ۋە روشەن ئەينەك بولىدۇ.

1987 ـ يىل 7 ـ ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئا. خوجىنىڭ «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» توپلىمىغا كىرىش سۆز

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش" فاڭجېنى جاكارلىنىپ، يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ جۇشقۇنلۇق ۋەزىيەت ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىدى. ئىلھام تېخىمۇ ئۇرغۇپ، شائىرلار ھايات ئۆزى قوزغىغان تەبىئىي ھېسسىياتىنى ياڭراتقىلى تۇردى. شېئىرىيەت سەپىگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن بىر قىسىم ئاپتورلارمۇ قورۇق ـ يالغاچ شوئارۋازلىقتا، قېلىپبازلىق، شەكىلۋازلىقتا بېرىلمەي، ئۆز قەلبىدە جۇش ئۇرغان تەبىئىي، نازۇك ھېسسىياتلار ئىلھامىدا يېزىشقا تىرىشتى. شۇلارنىڭ بىرى شائىر ئابدۇكېرىم خوجا ئىدى.

ئا. خوجا كىچىكىدىنلا خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇپ، يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەندە خەنزۇچە شېئىر يېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلق ئىچىگە كىرىپ، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە شېئىر يېزىشىدىكى مۇھىم بىر تەييارلىق جەريانى بولدى. شۇنداق قىلىپ، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرچە شېئىر يېزىشقا باشلاپ، ئارقا ـ ئارقىدىن

خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدى.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرىي ئىجادىيىتى رامكىلاردىن بىرقەد—
خالىيلىقى، تېمىلىرىنىڭ يېڭى، ئاكتۇئاللىقى بىلەن كىتابخانلارنى
زوقىنى قوزغىدى. ئۇ زامانىنى يېڭى سادا بىلەن كۈيلىدى. ب
ئۇنىڭدىن زامانىمىز قىياپىتىنىڭ، كىشىلەر روھىنىڭ، ھېسسىياتىنى
خېلىلا يېقىملىق بەدىئىي ئىپادىسىنى كۆرەلەيمىز.

بىراق، كېيىن، ئا. خوجىمۇ ئەدەبىياتىمىزغا "سول"چىلل
زورلاپ تاڭغان رامكىلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى.
بۇنى چوڭقۇر ئەپسۇس ئىچىدە ئەسلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئاش
مەزگىللەردە يازغان خېلى بىر قىسىم شېئىرلىرىدا يەنىلا ھاياتى
كۈچىنى ساقلاپ قالغان، ئەھمىيەتلىك مەزمۇن ۋە بەدىئىي قىممەت
بار.

ئاتالمىش "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئا. خوجىنىڭ ھاياتىغا ئېغىر
زۇلۇم، روھىغا چىڭ ئازار يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شائىرلىق
قەلبىنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتەلمىدى. ئاپەتلىك يىللار ئاياغلىشىش بىلەن
بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي
يىغىنىدىن كېيىن، ئا. خوجا ئازاد ئىدىيىسىنى دەسلەپتە نامايان
قىلغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېڭىباشتىن
چوڭ جۈرئەت بىلەن كىرىشتى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىد
"مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نى ئاچچىق كىنايە بىلەن سۆكۈش
قاتماللىق روھى بىلەن كېلىشەلمەسلىك، بۆسۈش ـ ئىسلاھاتقا
ئىنتىلىش ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.

شۇنى ئاتاپ ئۆتۈش كېرەككى، ئا. خوجىنىڭ كېيىنكى يىللاردا
يازغان نەچچە ئونلىغان قىسقا شېئىرلىرى پىكرىنىڭ دەللىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھېسسىياتىنىڭ نازۇكلۇقى ۋە يۇمۇرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە. ئۇنىڭ «يول ئۈستىدە» قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك رۇبائىي ۋە مەسنەۋىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شېئىرلىرى، شۇنداقلا قەشقەر ۋە قۇمۇل سېكىللىرى ھەم «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» دىكى ئايرىم شېئىرلار بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

ئا. خوجىنىڭ شېئىرلىرى يالغۇز ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭلا ئەمەس، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت كىتابخانلىرىنىڭمۇ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى. شۇ تاپتا، 1980 ـ يىلى يازدا پايتەختتە «شېئىرىيەت» نەشرىياتى ئۇيۇشتۇرغان دېكلاماتسىيە كېچىلىكى ئېسىمگە كەلدى. شۇ كۈنى مىڭلىغان شېئىر خۇشتارلىرى جەم بولغان بۇ سورۇندا ئاتاقلىق ئون نەچچە شائىرنىڭ بىردىن شېئىرى ئوقۇلدى. لېكىن، ئا. خوجىنىڭ شېئىرى ئوقۇلغاندا، ئۇرۇلغان چاۋاك ھەممىدىن كۈچلۈك بولدى ـ دە، تىڭشىغۇچىلارنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرى ئوقۇلدى. بىر ئاز سانلىق مىللەت شائىرىنىڭ پايتەخت مۇنبىرىدە ھەممىدىن كۆپ ئالقىشقا ئىگە بولالىشى مېنىمۇ چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. بىز ئا. خوجا شېئىرىيىتىنىڭ پىكرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، ھېسسىياتىنىڭ نازۇك ۋە چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ يۇمۇرلۇق بولۇشى قاتارلىق خۇسۇسىيىتىنى خۇشاللىق بىلەن تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنىمۇ، بولۇپمۇ ئارىلاپ سۆزلەرنى بۇزۇپ، كەمتۈك قىلىپ ئىشلىتىشى ۋە راۋانسىزلىقتا يول قويۇشىنىمۇ يوشۇرالمايمىز.

ئا. خوجا شائىر بولۇپلا قالماي، بەلكى يېتىلگەن ئەدەبىي تەرجىمان. ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىرىنى

خەنزۇچىغا بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ، بۇ جەھەتتە يول ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى بولدى. ئۇ ماۋجۇشى شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىمۇ ئۇنىڭ ھەسسىسى ئاز ئەمەس. ئۇ يەنە خەنزۇ كلاسسىك شائىرلىرىدىن دۇفۇ، لى بەيلەرنىڭ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى ئەي چىڭ ۋە باشقا خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرىنى، گېنرىخ گېينى، ئىلزابىت قاتارلىق دۇنيا كلاسسىكلىرىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا ماھارەت بىلەن تونۇشتۇردى. ئا. خوجىنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ئا. خوجا كېيىنكى يىللاردا ئاغرىقچان بولۇپ قالسىمۇ، روھىنى ئۇستۈن تۇتۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ جاسارىتى ۋە ئۈمىدۋارلىق روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەن مۇشۇ كىرىش سۆزۈم ئارقىلىق ئا. خوجىنى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى كىتابى بىلەن مۇبارەكلەيمەن، ئۇنىڭ تېنىگە سالامەتلىك ۋە ئىجادىيىتىگە يېڭى-يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

1986-يىل 5-ئاينىڭ 30-كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ناخشىدا شېئىر بىلەن مۇزىكىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

شېئىر مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغىنىدەك، مۇزىكىمۇ شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. گەرچە ئىپادىلەش شەكلى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىسى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان لىرىك سەنئەت.

شېئىر بىلەن مۇزىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ناخشىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. مەلۇمكى ناخشىنىڭ ئۆزى شېئىر بىلەن مۇزىكىنىڭ بىرىكمىسى. ناخشىدا بۇ ئىككى خىل سەنئەتنىڭ بىرلىشىشى قانچە ياخشى بولسا، ناخشا شۇنچە تەسىرچان كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ياخشى ناخشا شائىر بىلەن كومپوزىتورنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدا شائىرنىڭ مۇزىكىدىن، كومپوزىتورنىڭ شېئىردىن خەۋەردار بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. بۇ ئىككى خىل سەنئەتكار بىر-بىرىنىڭ كەسپىي خۇسۇسىيىتىدىن خەۋەردار بولمىسا، ئورتاق تىل تاپالماي قالىدۇ. ۋەھالەنكى ياخشى ناخشا مۇنداق ئورتاقلىققا بەكمۇ موھتاج. بۇ موھتاجلىق تەمىن ئېتىلسە، شېئىر بىلەن مۇزىكا بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن چوقۇم ياخشى ناخشا چىقىدۇ.

12 مۇقام ھەققىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىلەردىن شۇنى ئېنىق چۈشىنىۋاتىمىزكى، بۇ ئۇلۇغ مۇزىكا دەستۇرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە

تەرەققىياتىنى ئۇيغۇر شېئىرىيەتتىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا شېئىرىيەتتىكى تەرەققىياتنىمۇ مۇزىكىدىكى تەرەق-قىياتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى خىل سەن-ئەتتىكى تەرەققىيات ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنىڭ ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ مەھسۇلى.

«ئون ئىككى مۇقام»نى تىڭشاپ كۆرەيلى، ئۇنىڭدا لىرىك كۈي. نەغ-مىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تېكىستلىرىمۇ ئاساسەن لىرىك غەزەللەر. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدە-بىياتىدا بارلىققا كەلگەن غەزەللەر ئاساسەن لىرىك شېئىر، شۇنداقلا ناخشا تېكىستى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، غەزەللەرنى ناخشا تېك-كىستى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. خەلق ناخشىلىرىنىڭ قوشاقلىرى توغرۇلۇقمۇ شۇنداق دېيىش مۇمكىن. بۇ پاكىت شۇنى چۈشەندۈر-دۇكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى غەزەلچىلىك، قوشاقچىلىق، بىر جەھەتتىن ناخشا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلغان. ناخشا مۇزىكىلىرىنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان تەسىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. دېمەك، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ياخشى ناخشىنىڭ مۇھىم بىرئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا شېئىرىي پىكىر بىلەن مۇزىكىلىق ھېسسىيات، شائىر ھېسسىياتى بىلەن كومپوزى-تورنىڭ ھېسسىياتى بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، تېما ئۇلارنى بىر مۇقامدا تۇۋلىتىدۇ. ئادەتتە ناخشا مۇزىكىسى سۆز تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىشلىنىدۇ. يەنى تىل بىلەن ئىپادى-لەنگەن شېئىرىي پىكىرگە مۇزىكا تىلى قوشۇلىدۇ. بۇ ئىككى خىل تىل بىر-بىرىنى چۈشەنگەندىلا، ئوبدان ماسلىشالايدۇ.

ھەربىر ناخشىنىڭ قۇرۇلمىسىدا بىر خىل خاسلىق بولىدۇ. بۇنى تېما بەلگىلەيدۇ. شېئىرىي پىكىر بىلەن مۇزىكىلىق ھېسسىيات مۇشۇ خاسلىقتا بىرلەشمىسە، ناخشا ئەپلەشمەيدۇ. مەسىلەن، "مەن ئۆلەر-مەن، مەن ئۆلەرمەن، يولدا قويماڭلار مېنى" دېگەن تېكىستنى «سەنەم»گە سېلىپ تووۇلىغاندەك، كىشىدە غەلىتە، يېقىمسىز ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر كۇپلېت تېكىستنىڭ ئىچىدە بىرقانچە جۈملە، بىرقانچە مىسرا بار. ئۇ، ئومۇمىي بىر پىكىرنى ئىپادىلەشنىڭ ئايرىم - ئايرىم بۆلەكلىرى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل كەيپىياتتا ئېيتىلمايدۇ. شۇڭىدەك جۈملە ۋە مىسرا ئىچىدە ئاساسىي پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينايدىغان سۆز-لەر بولىدۇ، ئۇرغۇلار بولىدۇ، ئۇلارمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىگە خاس ملودىيە تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر كومپوزىتور تېكىستتىكى بۇ خىل تۈز، ئېگىز، پەس، دولقۇنسىمان كەيپىياتنى چۈشەنمىسە ياكى دىققەت قىلمىسا، ئۆزىنىڭ مۇزىكا تىلىنى شېئىرىي پىكىرگە زىچ يېپىشتۇرال-ماي، تېمىدىنمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ. بىز سۆز تېكىستىدىن بۇرۇن مۇزىكىسى ئىشلىنىپ بولغان ناخشىلاردا بۇنداق ئەھۋالنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇنداق ئىشلەشتىن ياخشى ناخشا كۈتكىلى بولمايدۇ.

دېمەك، ناخشىدا تېكىست بىلەن مۇزىكىنىڭ تېما جەھەتتىن ئۆز ئارا ماسلىشىشى ناھايىتى مۇھىم. بۇ ماسلىشىشنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى شائىرنىڭمۇ، كومپوزىتورنىڭمۇ ئاشۇ تېما ھەققىدىكى تۇر-مۇش چۈشەنچىسىنىڭ پۇختا ياكى يۈزەلىكىگە ئوخشاش ياكى ئوخ-شىماسلىقىغا باغلىق. ئەلۋەتتە شائىر بىلەن كومپوزىتورنىڭ سەنئەت شەكلى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ

تۇرمۇشنى كۆزىتىشىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بار، تۇرمۇشتىن ئالىدىغان ئوزۇقىدىمۇ ئالاھىدىلىك بار. لېكىن قانداقلا بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرى تاللىۋالغان تېمىدىكى تۇرمۇشقا نىسبەتەن يات ئادەم بولماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ياخشى ناخشىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا شېئىر ۋەزنى بىلەن مۇزىكا رىتىم-ئۇدارلىرى ئۆزئارا زىچ ماسلاشقان بولىدۇ. شېئىرنىڭ ۋەزىن شەكلى ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بىر مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتىدۇر. مەلۇم سۆز تېكىستىدىكى ۋەزىن شەكلى ناخشىدا ئۆزىگە جور بولىدىغان مۇزىكىلىق رىتىم-ئۇدار تەلەپ قىلىدۇ. مۇزىكىمۇ شۇنداق مەسىلەن، "قەھرىمان" دېگەن سۆز بىلەن "كۈرەشچان" دېگەن سۆز ئوخشاشلا ئۈچ بوغۇملۇق بولغىنى بىلەن ۋەزنى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ناخشىدا "قەھرىمان" دېگەن سۆزگە لايىق كەلگەن مۇزىكىلىق رىتىم "كۈرەشچان" دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنىگە لايىق كەلمەيدۇ. بۇ ھالدا "كۈرەشچان" دېگەن سۆزنى ئۆز ۋەزنى بويىچە راۋان تەلەپپۇز قىلغاندا مۇزىكا رىتىمى بۇزۇلىدۇ. مۇزىكا رىتىمىغا رىئايە قىلىنسا، سۆز توغرا تەلەپپۇز قىلىنماي قالىدۇ، راۋان بولمايدۇ. بۇنداق زىددىيەت ناخشىنىڭ ئۈنۈمىگە چوقۇم تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت داپ بىلەن باشقا ساز قوراللىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. داپ خاتا ئۇرۇلسا، ياخشى ناخشىنىڭ پەيزىنى بۇزىدۇ. ئەكسىچە توغرا ئۇرۇلغان داپقا باشقا سازچىلار ئەگەشمىگەن چاغدىمۇ شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ.

ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ «ئون ئىككى مۇقام» ناخشىلىرىنىڭ سۆز تېكىستلىرىدە ئەنئەنىلىك ۋەزىن شەكلى-ئارۇز ۋەزنى كەڭ جارى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىنغان. بۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە خېلى ئامىللىرى مەۋجۇت. ئۇ كېيىنرەك ئەرەب ۋە پارس شېئىرىيىتىدىن ئۆزلەشتۈ-رۈلۈپ، مۇكەممەلرەك تۈسكە كىرگەن ۋەزىن شەكلىدۇر. بىراق، ھازىر بۇ ۋەزىننى "پىكىرنى بوغۇپ قويىدىغان ئۆلۈك رامكا"، "يات شەكىل" دەپ ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار مۇ يوق ئەمەس. ئۇنداق بولسا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى تارتمىغان ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئاھ ئۇرارمەن ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

قاتارلىق ئېسىل قوشاقلارنى نېمە دەيمىز؟ ئارۇز ۋەزنى ئۆلچە-مىدىن قارىغاندا بىرىنچى قوشاق "ھەزەج" بەھرىگە، ئىككىنچى قوشاق "رەمەل" بەھرىگە مەنسۇپ. ئەگەر بۇ ۋەزىن شەكىللىرىنى "پىكىرنى بوغۇپ قويىدىغان ئۆلۈك رامكا" دېسەك، يۇقىرىقى قوشاق-لاردا شېئىرىي پىكىرنىڭ ناھايىتى ئەركىن، راۋان ئىپادىلەنگەنلىكىنى نېمىدەپ چۈشىنىمىز؟ ئەگەر بۇ ۋەزىن شەكىللىرىنى "يات شەكىل" دېسەك، يۇقىرىقى قوشاقلاردا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ (ھەتتا جانلىق تىلنىڭ) ئىپادىلەش كۈچى ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە نامان بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، ناخشىغا

ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، جۇملىدىن «ئون ئىككى مۇقام» ناخشىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئارۇز ۋەزنىنىڭ خىلمۇخىل شەكىللىرىدە يېزىلغان شېئىرلار بىلەن ياڭراپ كېلىۋاتقانلىقىنى نېمىدەپ چۈشىنىمىز شۇنىڭدەك يېڭى شېئىرىيىتىمىزدە مۇشۇ ۋەزىندە يېزىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى نېمىگە ھېساب قىلىمىز؟

ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەزى شەكىللىرىدە يېزىلغان شېئىرلار قارىماققا ۋان ئەمەستەك تۇرىدۇ. لېكىن ۋەزىن خۇسۇسىيىتىنى چۈشەنگەندە، ئۇنىڭدىكى راۋانلىق، مۇزىكىلىق رىتىمنىڭ تەكشىلىكى كىشىگە ئالاھىدە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. بىز، ئادەتتە مۇشاۋۋىرەك مۇقامىنىڭ مەلۇم بىر مەشرىپىگە سېلىنىپ ئوقۇلىدىغان:

"تۇنلەر كېچىسى توخۇلا پەرياد ئېتىدۇ،
ھايۋان چېغىدا ئىگىسىنى ياد ئېتىدۇ."

دېگەن تېكىستىنى ئەسلەپ باقايلى. بۇ تېكىست "ھەرەج" بەھرىگە مەنسۇپ بولغان بىر خىل ۋەزىن شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ۋەزىن بەلگىلىرى مۇنداق:

مەپئۇلۇ مەپائىلۇ مەپائىلۇ پەئۇل

ئەنئەنىلىك ۋەزىندە تۈزۈلگەن بەزى بىر خىل تېكىستلارنىڭ يازما نۇسخىسىغا قاراپلا، ناخشىغا خاس ۋەزنى يوقكەن دېگۈلۈك ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە خاس مۇئەييەن مۇزىكىلىق رىتىم تەلەپ قىلىدۇ، گەپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مۇزىكىلىق رىتىم تاپالىشىمىزدا.

دەرۋەقە، ئەنئەنىلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۆھەر ئەمەس. بەزىلىرى ئۆز ۋاقتىدا پارقىراپ تۇرغان بولسا، كېيىن داتلىشىدۇ. بەزى نەرسىلەر يېڭىلىق يارىتىشنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ

خىل نەرسىلەرنى رەت قىلىپ، ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق ئەنئەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىۋېتىدىغان بولساق، ئەڭ بولمىغاندا تەمترەپ قالىمىز. بۇنداق ھەممىنى ئىنكار قىلىش خاھىشىنى، جۈملىدىن ئارۇز ۋەزنىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈش خاھىشىنى ئىلمىي مۇنازىرە ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئارۇز ۋەزنى شەكلىمۇ نۇقسانسىز خالىي ئەمەس. ئۇنىڭدا شەكلۋازلىقنىڭ ئامىللىرى بار. بەزى شەكىللىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن ياتراق. شۇنىڭدەك سۆز قۇرۇلمىسىدا جۈملىلەرنىڭ مۇزىكا جۈملىلىرى بىلەن ئانچە ماسلىشىپ كەتمەيدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. لېكىن ئۇنىڭ ئاز بولمىغان شەكىللىرى (مەسىلەن، "ھەزەج"، "رەجەز"، "رەمەل"، "مۇتەقارىب" بەھىرلىرىنىڭ نۇرغۇن شەكىللىرى) ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن، بولۇپمۇ ناخشا تېكىستلىرى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناخشا تېكىستى يازغۇچى شائىرلىرىمىزنىڭ بۇ ۋەزنىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىشىنىڭ، كومپوزىتورلىرىمىزنىڭمۇ بۇ ۋەزنىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن بىرئاز تونۇشۇۋېلىشىنىڭ پايدىسى زور، ئەلۋەتتە.

خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدە كلاسسىك يازما شېئىرىيىتىمىزدە (غەزەللىرىمىزدە) يېزىلىپ باقمىغان ھەر خىل ۋەزىن شەكلىدە تۈزۈلگەن قوشاق، تېكىستلەر ئاز ئەمەس. ئەپسۇسكى، بىز بۇنى تېخى كەڭ، چوڭقۇر تەتقىق قىلغىنىمىز يوق. بەزى شەكىللەر بىزنىڭ يېڭى ناخشا ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئېتىبارىدىن چەتتە قالماقتا. بۇنىڭ بىر مىسالى:

"تال چىۋىقنى ئېگىۋا ئىگىپ،
مېنى سوقاي دەمسەن؟

ئاتانىسى يوق باللارنى
ئانىي تاپاي دەمسەن؟"

دېگەن تېكستكە سېلىپ ئېيتىلىدىغان قۇمۇل خەلق ناخشىسى. ؛
ناخشىدا سۆز تېكىستلىرى ناھايىتى راۋان، دائىمۇدائە ئېيتىلىدۇ
ئۇرغۇلارمۇ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مۇزىكىلىق رىتىم ـ ئۇدارلارمۇ تېكىس
ھېسسىياتى بىلەن ناھايىتى زىچ يېپىشقان. ئەڭ مۇھىمى تېكىستىنى
مەزمۇنى، ئۆكتەملەرگە بوزەك بولماسلىق روھى ناھايىتى جانلىق
جۇشقۇنلۇق شېئىرىي ۋە مۇزىكىلىق ھالدا ئىپادىلەنگەن. شۇنداقا
ئۇنىڭدا دراماتىك كەيپىيات قويۇق. بۇ خىل ئۇلگىلەر بىزنىڭ ئە
تايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا، ئۇنىڭدىن يېڭى ناخشا ئىجادىيىتىم
ئۈچۈن ئوزۇق ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ناخشا ئىجادىيىتىمىزدە ئەڭ مۇھىمى يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى.
بۇ جەھەتتىكى يېڭى ئىزدىنىشلەردىن ئۈمىد چوڭ. دەرۋەقە، يېڭى
ئىزدىنىش تېز ئارىدىلا ئۇنۇم بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇ
تىگە بۇ ساھەدىكى كونسىرۋاتورلۇقمۇ توسالغۇلۇق قىلماي قالمايدۇ.
ئۇلار يېڭى ئىزدىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز سىناقلىرىنى كۆرۈپلا، سوغۇق
سۇ سېپىدۇ. شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ كۆن
مەسىلىكىمۇ چوڭ بىر بېسىم. دېمەك، يېڭىلىق ناھايىتى قىيىن شارائىت
ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىدۇ. قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىستىقبالى
پارلاق. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇزىكا ـ ناخش
ساھەمىزدە بىر قىسىم يولداشلارنىڭ ئەنئەنىلىك نەرسىلەر بىلەن
تونۇشلۇقى بىرقەدەر چوڭقۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى يول
داشلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش قىزغىنلىقى كەم. ئەكسىنچە، يەنە بىر
قىسىم ياش يولداشلار بار، ئۇلار مۇزىكا نەزەرىيىسىدىن خەۋەردار

ئۇلاردا يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۈستۈن، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ئەنـ-
ئەنە بىلەن تونۇشلۇقى كەم. ئۇنىڭغا قىزىقىشىمۇ ئاجىز. بۇ ھازىرقى
ناخشىچىلىقىمىز ساھەسىدىكى بىر مۇھىم زىددىيەت، بۇ زىددىيەتـنىڭ
مۇھىم بىر ئاچقۇچى ئۇلارنىڭ بىر-بىرـىنىڭ خاھىشـىنى چۈشىنىپ
بىر-بىرىگە ئىلـھام بېرىشـتە، ئىلمىيلـىقتا يۈرۈش قىلىـپ، ئەنئەنە
زېمىنىنى بويلاپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىشتە!

كلاسسىك ناخشىلىرـىمىز كلاسسىك مۇزىكانتلىرىمىزنىڭ ئەمگىكى
بولغىنىدەك، كلاسـسىك شائىـر-قوشاقچىـلىرىمىزنـىڭمۇ ئەمگـىكى.
تارىختا ئۆتكەن سەۋىيىلىك كومپوزىتورلار، سازەندىـلەر، ناخشىچىلار
ناخشا تېكىستىگە چـوڭ ئېتىـبار بەرگەن. ئۇلارنىڭ بەزـىلىرى شائىر
ياكى قوشاقچى بولغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇزىكا ساھەسـىدىكى تۆھپە-
سىمۇ چوڭ بولغان. ئاتاقلىق مۇقامشۇناس قىدىـرخان ئۆزىمۇ شائىر
ئىدى. ئۇنىڭ شاگىرتى مۇقامشۇناس خانىش ئامانىنسامۇ شائىر ئىدى.
مۇقامغا شەيدا پادىشاھ ئابدۇرىشتخانمۇ شائىر ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ
شېئىرىيەتكە ئاشۇنچىلىـك زىـچ مۇناسـىۋىتى بولـمىسا، ئۇلارنىڭ
مۇقامنى رەتـلەش، تەرەقـقىي قىلـدۇرۇش جەھەتـتىكى ئەمگىكى ئۇ
قەدەر ھوسۇللۇق بولماس ئىـدى. شۇنىڭـدەك، مۇقام ئاتىسى دەپ
ئاتالغان ئۇلۇغ ئالىم فارابى ھەم شائىـر ھەم مۇزىكـشۇناس ئىدى.
ئوتتۇرا ئازىيە شېئىرىيىتىنىڭ تاجىسى ئۇلۇغ شائىر ناۋايى مۇقامغىمۇ
ناۋا قوشتى. لۇتفىمۇ شۇنداق. لۇتفى، ناۋايى، زەلىلى، مەشرەپ قاتارلىق
شائىرلارنىڭ غەزەللىرى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئەڭ نادىـر سۆز
تېكىستلىرىگە ئايلاندى. مۇقامغا جۇلا بەردى. دېمەك «ئون ئىككى مۇقام»
تەرەققىياتىنى ئۇلارنىڭ ئىجادىـي ئەمگـىكىدىن ئايرىـپ قارىغىـلى
بولمايدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلار بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى،

ئۇيغۇر ناخشىلىرى جۇملىدىن «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى جەۋھىرىنىڭ بىرىكمىسى، ئۇيغۇر كومپوزىتور ۋە شائىرلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىششىنىڭ، ھەمكارلىقىنىڭ مەھسۇلى. بىز بۇ خۇسۇسىيەتكە، بۇ ياخشى ئەنئەنىگە چوقۇم ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

بىزدە يېڭى ناخشىلار كۆپلەپ مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. بەزى كومپوزىتورلىرىمىز ئىجاد قىلغان ناخشىلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارالدى. ئۇلار سەھنە، رادىئو، تېلېۋىزورلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئىش مەيدانلىرىدا، ئائىلە ئولتۇرۇشلىرىدا مەشرەپلەردە، كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئىختىيارسىز ھالدا زوق بىلەن ئېيتىلماقتا. پېشقەدەم كومپوزىتور زىكرى ئەلپەتتانىڭ بىر يۈرۈش مۇقام نەغمىلىرى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئالقىشقا ئېرىشتى. ھۇسەنجان جامى، غىياسىدىن باراتلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ناخشىلىرى خۇددى خەلق ناخشىلىرىدەك كەڭ تارىلىپ كەتتى. ئىسكەندەر سەيپۇللا، ئابلىھېكىم ئابدۇللا، تۇرسۇن قادىر، ئابلىزخان ماموت، ئەبەيدۇللا تۇردى، سەمەت ئاخۇن، قۇربانجان ئۆمەر، ئابدۇرشت توختى، خارىس ئاشۇروۋ، تۇردى روزى، نۇرمۇھەممەت سايىت قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئىشلىگەن ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ بىر قىسمى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ناخشا تېكىستلىرى ئىشلەشتە يولداش قۇربان ئىمىن، مەمتىلى زۇنۇن، ئەزىز نىياز، تۇرغان شاۋۇدۇن، مۇتەللىپ مۇھەممەت، ياسىن مەخسۇت قاتارلىقلارنىڭ خېلى كۆپ تېكىستلىرى ياخشى ناخشىلارنىڭ بىر قانىتى بولۇپ جەۋلان قىلماقتا. بىز بۇ ساھەدىكى يولداشلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشمىز.

www.uyghurkitap.com

بىراق، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىجاد قىلىنغان بىر قىسىم ناخشىلار ئانچە ئالقىشقا ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تېكىستلىرى يالىڭاچ، قوپال، تەمى يوق، بەزىلىرىنىڭ مۇزىكىلىق ھېسسىياتى سۇيۇق، يېقىمسىز، بەزىلىرىنىڭ سۆزى شوئار، مۇزىكىسى جارقىراش. ئەپسۇسكى بۇنداق ناخشىلارمۇ سەھنىلەردە، رادىئولاردا ئاڭلىتىلىدۇ. بۇ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە مۇزىكا ـ ناخشا ساھەسىدە سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم دەپ قارايمەن.

بىز ناخشا ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئالقىش ياغدۇرۇش بىلەن، تېخىمۇ ياخشى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى، تېكىستىمۇ، مۇزىكىسىمۇ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك، ئېسىل ناخشىلارنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

1985 ـ يىل 5 ـ ئاي.

## «يېڭى رۇبائىيلار» كىتابىغا كىرىش سۆز

رۇبائىي — ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن مۇستەقىل مەزمۇنغا ئىگە تۆت مىسرالىق لىرىك شېئىرىي ژانىرنىڭ نامى. ئۇنىڭدا تۆت مىسرانىڭ ھەممىسى ياكى (ئاز دېگەندە) 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالارنىڭ قاپىيىداش بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. كلاسسىك رۇبائىيلار، كۆپىنچە، ئارۇز ۋەزنى ھەزەج بەھرىنىڭ "ئەخرەم" (يەنى "مەفئۇلۇن مەفائىلۇن مەفائىلۇ فەئۇل"، "مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىلۇ فەئۇل"غا ئوخشاش)، "ئەخرەب" (يەنى "مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىلۇن فەئۇل"، "مەفئۇلۇ مەفائىلۇ مەفائىلۇ فەئۇل"غا ئوخشاش) شەكىللىرىدە يېزىلىپ كەلگەن. شۇنداقتىمۇ ھەربىر رۇبائىيدىكى مىسرالارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ۋەزىن شەكلىدە يېزىلىشى شەرت قىلىنغان ئەمەس.

رۇبائىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە ژانىر. ئۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىقى ئەنئەنىسى زېمىنىدا ھەمدە ئەرەب، پارس رۇبائىيچىلىقى تەسىرىدە شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلغان. بىز ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا رۇبائىينىڭ دەسلەپكى ئۈلگىلىرىنى «قۇتادغۇبىلىك»تىن كۆرىمىز. مۇكەممەل رۇبائىي ئۈلگىسىنى بولسا مەۋلانە لۇتفى ياراتتى، ئەلىشىر ناۋايى ئۇنى يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. زەلىلى، نۇبىتى، تەجەللى قاتارلىق شائىرلارمۇ ئۇيغۇر رۇبا-

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيى www.uyghurkitap.com

ئىچىلىق خەزىنىسىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، رۇبائىي مىللىي ئەدەبىي ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىۋاتقان بۈگۈنكى يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭمۇ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلماقتا.

رۇبائىي ئۆز تەرەققىياتى تارىخىدا، كۆپىنچە، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ، پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ، دىداكتىكا ـ ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەققىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى جىلۋىلەندۈرۈپ كەلدى. ئەنئەنىلىك ئاساسىي تېماتىك مەزمۇنى جەھەتتىن، رۇبائىينى ئەقلىيە شېئىرى دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن. بىز بۇنىڭ ئەڭ تىپىك ئۈلگىلىرىنى "رۇبائىيچىلىقنىڭ پىرى" دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن رۇبائىيلىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە نازۇك، مۇرەككەپ مەسىلىلىرىگە، بولۇپمۇ "تەقدىر" ھەققىدىكى (مەسىلەن، "تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ" دېگەنگە ئوخشاش) ھۆكۈمران خۇراپىي ئېتىقادنىڭ بىمەنىلىكىنى، ئاخىرەت ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى پاش قىلىشقا بېغىشلىدى. مەسىلەن:

ئەزەلدە لېيىمنى يۇغارغىنىدا،
پەيلىمنى بەلگىلەپ قويغانىغۇ خۇدا.
ھۆكمىدىن تاشقىرى ئەمەس گۇناھىم،
خوش، نېچۈن مەھشەردە بېرىدۇ جازا.
ئەپسۇس، يورۇق ئۆمرۇم قارا تۈن بولدى،
ئەجەل دەستىدىن كۆپ جىگەر خۇن بولدى.

ئۇ دۇنيادىن كېلىپ ئېيتمىدى ھېچكىم،
كەتكەنلەر بېشىدا قانداق كۈن بولدى①.

شۇنىڭدەك ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا ئەكسىيەتچىل تەسەۋۋۇف- نىڭ بۇ دۇنيا (يەنى رېئال دۇنيا) ۋە ئۇنىڭدىكى ئادەم "ھېچنېمە" دېگەن سەپسەتىسىگە قارشى رېئال ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ رېئال دۇنيا- دىكى پائالىيىتىنى، رېئال ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش، نادان، جاھىل زاھىدلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالدامچى سەپسەتە ۋە ھەرىكەتلىرىنى مەسخىرىلەش ساداسى كۈچلۈك ياڭراپ تۇرىدۇ. ساددا ماتېرىيالىزم تۈسىنى ئالغان بۇ خىل پىكىرلەر ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال - ئىلاھى- يەت جاھالەتچىلىكىگە قارشى زور پارتلاش خاراكتېرىگە ئىگە قۇدرەت- لىك مەنىۋى گۈلدۈرماما ئىدى. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇسۇلمان شەرقىدىكى ئىجتىمائىي تەپەككۇر تارىخىغا مەنسۇپ بولغان بۇنداق زور بۆسۈش رۇبائىيدا ئالاھىدە گەۋدىلەندى.

چاغاتاي ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم بىر بەلگە، ئۇنىڭ تەر- كىبىدىكى رۇبائىي ژانىرىنىڭ بىرقەدەر ئىزچىل ئورۇن ئالغانلىقىدا. رۇبائىيچىلىق بۇ ئەدەبىياتنىڭ پىكرىي بايلىقىنى ئاشۇردى، ھۆسنىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇردى. بۇ جەھەتتە ئەلىشىر ناۋائىينىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن رۇبائىيلىرىدا دەۋرىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي تېمىلىرىنى، ئىنسانىيەتكە ئورتاق نۇرغۇن مۇرەككەپ مۇئەممالارنى مۇتەپەككۇر سەنئەتكارغا خاس ئىقتىدار بىلەن يورۇتۇپ بەردى.

① مىسالغا كەلتۈرۈلگەن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ئەسلى ۋەزنى بويىچە ئەمەس. بارماق ۋەزنىدە تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىز ناۋايى رۇبائىيلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭدا ئۆمەر ھەييام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن رۇبائىيچىلارنىڭكىگە ئوخشاش، مەي تەلقىنى كەڭ ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى مەي تەلقىنى بۇ خىل شائىرلارنىڭ غايىۋى-ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، جۈملىدىن ناۋايىنىڭ پوئېتىك تەسەۋۋۇرىدىمۇ مەي ئارامىلىق تىمسالى، بۇنداق ئارامىلىق، يەنى مەست بولۇش بىلەن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي پالاكەتلەر ئازابىنى سەزمەس بولۇۋېلىش، جاھان تەشۋىشلىرىدىن خالىي بولۇش خاھىشى، گەرچە پاسسىپ خاھىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تارىخىي نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، شۇنىڭدەك مەي تەلقىنىنى بىر خىل پوئېتىك ۋاستە دەپ چۈشەنگەنىمىزدە، ئۇنىڭ تەكتىدە يەنىلا جاھالەتكە قارشى ئىسيانكارلىق روھىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. مەسىلەن، بىز مۇنۇ رۇبائىينىمۇ شۇ نۇقتىدىن چۈشىنىمىز، ئەلۋەتتە:

ساقى، بەدەنىنى غەم تىغى قىلدى شىگاف،
قانىم بارى ئاقتى، تۇتما ئۆزەگنى مەئاف.
تۇتقىل بەدەلى مايە تەھەللەل مەيى ساف،
تا مەس قىلاي غەم قىلاي چېرىكى بىرلە مەساف①.

شۇنىڭدەك، ناۋايىنىڭ مەيگە باغلىنىشلىق نۇرغۇن رۇبائىيلىرىدا ئاخىرەت ئەپسانىسى ۋە جاھىل زاھىدلارنىڭ رىياكارلىقىغا قارىتا ئۆتكۈر، ئاچچىق ئىستىھزا، مەسخىرىلىق دوق ياڭرايدۇ. مەسىلەن:

① نەسرىي يەشمىسى: بەدىنىمنى غەم تىغى تەشتى، ھەممە قېنىم ئاقتى، ساقى، ئۆزەگنى قويۇپ، ماڭا بۇ ھالال سەرمايەم (چىقىم) بەدىلىگە ساپ مەي بەرگىن، مەست بولۇپ غەم لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشاي.

زاھىدە ساڭا ھۆرۇ، ماڭا جانانە كېرەك،
جەننەت ساڭا بولسۇن، ماڭا مەيخانە كېرەك.

. . . . . . . . . . . .

ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ناۋايى رۇبائىيلىرىنىڭ مەنىۋى جەۋھىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ "ئادەمنى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى، ئانىكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى" دېگەن ئۇلۇغ پىكرىنى رۇبائىيلىرىدا تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. سەممىيلىك، ۋاپادارلىق، كەمتەرلىككە ئوخشاش ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتكە، رېئال ئىنسانىي مۇھەببەتكە مەدھىيە چاچقۇسى چاچىدۇ. رىياكارلىق، خۇشامەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، تەمەخورلۇق، مەنمەنلىك، ۋاپاسىزلىققا ئوخشاش خۇنۇك، رەزىل ئىللەتلەرگە نەپرەت ئوقىنى ياغدۇرىدۇ، مەسخىرە تىغىنى سانجىدۇ، قىسقىسى، ناۋايى ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدىن، تۇرمۇشنى مۇتەپەككۇر سەنئەتكار سۈپىتىدە كۆزىتىشلىرىدىن ھاسىل قىلغان ئەقلىي يەكۇنلىرىنى رۇبائىي سەنئىتى ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنسانىيەتكە بىباھا پىكىر دۇردانىلىرىنى تەقدىم قىلدى، شۇنىڭدەك ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە باشقا كۆپلىگەن مىللەت شائىرلىرىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىغا، جۈملىدىن رۇبائىي ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بىز زەلىلى، نۇبىتى، تەجەللى رۇبائىيلىرىدىنمۇ بۇ تەسىرنى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي راۋاجىنى كۆرىمىز.

رۇبائىي ئۆزىگە خاس شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە، بەدىئىي شەكىلگە ئىگە. ئۇنىڭدىمۇ نازۇك ھېسسىيات، چوڭقۇر تەپەككۇر باراقسان تەسەۋۋۇرغا ئورالغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بەزى رۇبائىيلاردا دىداكتىك تەلقىن لىرىك تەلەپپۇز بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، بەزى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرىدە تەمكىن روھ يۇمۇرلۇق پافوس بىلەن جىلۋىلىنىدۇ، بەزىلىرىدە ساددا تەسەۋۋۇردىن چوڭقۇر مەنىلىك ھېكمەت ھاسىل بولىدۇ.

ساددا تەسەۋۋۇردىن چوڭقۇر ھېكمەت ھاسىل قىلىشنىڭ بىر ئۆلگىسى سۈپىتىدە ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىنى مىسالغا كەلتۈرۈش مۇمكىن:

خۇدا ئۆزى قىلدىكەن ھەممىنى بىنا،
كېيىن سۇندۇرىدىكەن بىر-بىرلەپ يانا.
ياخشى ياسالغان بولسا سۇندۇراتتىمۇ،
يامان ياساپ قويغانغا كەلمەمدۇ گۇناھ؟

قارىماققا، بۇ ئىلاھىي ئىرادە ھەققىدىكى گۆدەكلەرچە ساددا تەسەۋۋۇر. بىزنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق تەلەپپۇزى قىزىقتۇرىدۇ ۋە پىكرىمىزنى چوڭقۇرلۇقتا شۇڭغىتىدۇ. بىز بۇ چوڭقۇرلۇق ئىچىدە ئادەم ھەيران قالغۇدەك شۇنداق بىر پىكىر دۇردانىسىگە يولۇقىمىزكى، ئۇ بولسىمۇ ئىلاھىي ئىرادە ھەققىدىكى ئەپسانىنى رەت قىلىدىغان ئۆتكۈر ئىستىھزالىق ھېكمەت ۋە جۇشقۇن پەلسەپە.

سىر ساقلاش — بارلىق كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئورتاق مۇھىم بىر تېما، ئۆمەر ھەييام ئۇنى بۇنداق ئىپادىلىگەن:

ھەر سىرنى دىلىدا ساقلىسا دانا،
ئۇ يوشۇرۇن بولسۇن، ئەنقادەك گويا.
سەدەپنىڭ ئىچىدە قەترە دۇر بولۇر،
سىر قىلىپ قەلبىدە يوشۇرغاچ دەريا.

بۇ رۇبائىينىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا سىر ساقلاش زۆرۈرىيىتى بايان قىلىنغان. بۇ دىداكتىك بايان پەقەت كېيىنكى ئىككى مىسرادا باشقا بىر ماھىيەتلىك ھادىسىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق

ئاجايىپ جانلىق، جىلۋىدار ئوبرازلىق پىكىرگە ئايلانغان، بۇ سىلىش-تۈرۈش - تەمسىل قىلىشنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ئۆلگىسى.

ئوخشىتىشنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە ئەلىشىر ناۋائىينىڭ مەشھەددىكى غېرىبلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن مۇنۇ رۇبائىيسىنى مىسال كەلتۈرەيلى:

غۇربەتتە غەرىپ شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا شەفىقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەپەس ئىچرە گەر قىزىل گۈل بۇتسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

بۇنىڭدىكى ئالدىنقى ئىككى مىسرادا تۇغۇلغان يۇرتىدىن ئايرىلىشنىڭ دەردى ئىزھار قىلىنغان. بۇ مەۋھۇم پىكىر كېيىنكى ئىككى مىسرادىكى ئوخشىتىش (يەنى غېرىبلىقنىڭ قەپەزدىكى بۇلبۇل ھالىغا ئوخشاشلىقى تەسۋىرى) بىلەن ئۆزگىچە خاس كونكرېت كارتىنا تاپىدۇ - دە، كىشىدە جانلىق تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

دېمەك، رۇبائىيمۇ پىكىرگە ئوبرازلىق تۈس بېرىدىغان سىلىش-تۈرۈش، ئوخشىتىش، مېتافورا، جانلاندۇرۇش، ھەرپ ياكى سۆز ئويۇنى قاتارلىق مەجازىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى جۇلالاندۇرىدۇ.

رۇبائىينىڭ ئۆزگىچە خاس مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئىخچاملىقىدا. ئۇنىڭغا تاللانغان سۆزلەر پىكىرنى دەل ئىپادىلەش، جانلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي رۇبائىي پىكىر تەلەپ قىلمايدىغان بىر سۆزنىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇ كىچىك ئېتىزدىن ئالاھىدە پەرۋىش بىلەن ئېلىنغان مول، ئېسىل ھوسۇلغا ئوخشايدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئېيتىلغان "زەر قۇتىدىكى ياقۇت" دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەسۋىرلى رۇبائىي تەۋسىيىگىمۇ مەنسۇپ دېيىش مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، كىشىلەرنىڭ "بىر ياخشى رۇبائىي بىر ياخشى داستانغا ئەرزىيدۇ" دېيىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

* * *

رۇبائىيچىلىق يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، بولۇپمۇ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ زامانغا مۇناسىپ يېڭى ساداسىنى ئىز- چىل ياڭرىتىشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇنى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدە- بىياتى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر بەلگە دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. ئۇ ئەنئەنىۋى تېمىلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، دەۋرىمىزنىڭ يېڭى مۇئەممالىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزى- نىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ بارماقتا.

يېڭى رۇبائىيچىلىقىمىزدا بىرقەدەر كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تېما — ۋەتەنپەرۋەرلىك بولدى. دەرۋەقە، شېئىرىيىتىمىزدە بۇ مۇھىم تېمىغا ياندىشىمىغان بىرمۇ شائىر يوق دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋە- بىنى رېئاللىقنىڭ يېڭى تەلىپىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يېڭى ئىمتى- ھانىدىن ئىزدەش كېرەك. مەلۇمكى، ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر ۋە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان قىيىنچىلىقلار، بولۇپمۇ ئاپەتلىك "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" كاساپىتىدىن ئانا ۋەتەن بېشىغا كەلگەن پاجىئە ھەربىر جۇڭگولۇقنىڭ ئۆز ئانا ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتىنى سىنايدىغان ئېغىر ئىمتىھان بولدى. بۇ ئىمتىھان بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىن ئورۇن ئالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ھەربىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ نەزىرىدە، ھەرقانداق چاغدا ۋەتەن سىماسى ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن گۈزەل. شائىر ئا. خوجايېۋ بوغدا چوققىسىنى تەسۋىرلىگەن رۇبائىيسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئانام بوغدا زەردىن تۇتۇپ جىيەكلىك،
كىيىۋاپتۇ خان ئەتلەستىن كۆڭلەكلىك.
ئولتۇرۇپتۇ قىلىپ چوڭقۇر تەپەككۇر،
كۆك گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئاق لىچەكلىك.

بۇ بۇغدىنىڭ تەسۋىرىي مەنزىرىسىلا ئەمەس، بەلكى ئانا ۋەتەننىڭ شېئىرىي قىياپىتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى بىلەن مىللىي خۇسۇسىيەتلىك، ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ جەزىبىدار ۋە سۆيۈملۈك. ئۇنىڭ سۈكۈتلۈك تەپەككۇرىدا تارىخىي تەجرىبىلەر، ساۋاقلارنىڭ تەمكىن يەكۈنى، پەرزەنتلەر غېمى، كېلەچەك ئارزۇسى جۇش-قۇنلاپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئۇلۇغۋار سۆيۈملۈك ئانا سىماسى ئالدىدا ھەربىر ۋاپادار پەرزەنت ئىختىيارسىز باش قويىدۇ.

ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن ئۆزىگە ھاياتىي كۈچ تاپىدۇ، ئاشۇ كۈچ ئارقىلىق ھەرقانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىدۇ ۋە ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ۋەتەن قوينىدا تارتقان ھەرقانداق جاپا ئۇنىڭ ئۈچۈن راھەت. بۇنداق گىراۋدانلىق ئىپتىخار شائىر ئا. مۇھەممەت ئىمىننىڭ رۇبائىيسىدا مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

ئايلاندىم كۆپ دىيار — ۋەتەننى، ياتنى،
تاپمىدىم ئۆز يۇرتتەك قۇدرەت-قاناتنى.
ئەل ئالتۇن بۆشۈكۈم، ئەل گۆھەر تەختىم،
قۇت بىلدىم بىر زامان چەككەن پەرياتنى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك رۇبائىيلىرىمىزمۇ ئالىيجاناب خەلقپەرۋەرلىك روھ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭدا دەۋر روھى، تەبىئىي ھالدا، تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ. ئا. مەخسۇتنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىدا بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

روھنىڭ ئەنئەنىلىك بەدىئىي ئىپادىسىنى كۆرىمىز:

ساقىيا، مەي تۇتساڭ گەر بولۇپ ھەمدەم،
ئۆلپىتىم بولسىمۇ زوھرا ۋە سەنەم.
لېۋىمگە بىر نەپەس قونمايدۇ كۈلكە،
بولمىسا خەلقىمنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم.

يېڭى رۇبائىيچىلىقىمىزنىڭ پىكرىي بايلىقىنى ئاشۇرغان مۇھىم بىر تېما — مەرىپەتكە دەۋەت. بۇ نادانلىق ئازابىنى يېتەرلىك تارتقان، مەرىپەتكە تەشنا بولغان، شۇڭا يېڭى دەۋرنىڭ پەن-مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش چاقىرىقىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جور بولغان خەلق قەلبىنىڭ جۇشقۇنلۇق ساداسى. بۇ تېمىغا بېغىشلانغان رۇبائىيلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا نادانلىقنىڭ خۇنۇك، كۈلكىلىك ئوبرازى ۋە خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن بىزارلىقى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ساتىرىك-يۇمۇرلۇق ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنى ئا. ئۆتكۈر رۇبائىيلىرىدىكى مۇنداق مىسرالاردىنمۇ ئېنىق كۆرىمىز.

يالاتساڭمۇ زەر ھەل، كېسەكتۇر كېسەك،
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ، ھاڭرايدۇ ئېشەك.

شۇنىڭدەك، بىلىمسىز ئادەم ئۆمرىنىڭ بىمەنىلىكى توغرىسىدا ئا. قاسىم بۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىلىمسىز ئادەمنىڭ ئەقلىمۇ قىسقا،
ھەتتاكى ئالتۇننى تېگىشەر مىسقا.
ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئوخشاتقىنىڭ خوپ،
شامالدا تارىلىپ تۈگىگەن ئىسقا.

جەمئىيىتىمىزدە شۇنداق ھارسىز نادانلار باركى، ئۇلار نادانلىق كۆك تاشقا مىنگەن چاغلاردا بىلىم ئەھلىنى خالىغانچە خارلايدۇ،

ئازابلايدۇ. بىلىم ۋە بىلىم ئەھلى قەدىرلىنىشكە باشلىغاندا بولسا، ئۆزلىرىنى بىلىم ئەھلى قىلىپ كۆرسىتىپ ئەزۋەيلەيدۇ، ھەتتا يۆلەنچۈك ۋە خۇشامەتچىلەرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ تۆرگە چىقىۋالىدۇ، بىزنىڭ رۇبائىيچىلىقىمىز بۇنداق رەزىللىكنىمۇ دادىللىق بىلەن قامچىلىدى.

بىلىمدانلىقنى بىلىم ئورنىغا دەسسىتىش ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك، بۇنداق "دانىش"لارنىڭ ئۆگىنىش ئىشتىياقى يوق، بىلىمسىزلىكنى بىلمەسلىكنىڭ ئۆزى ئەڭ بىلىمسىزلىك دېگەن ھەقىقەت بىلەن كارى يوق. شائىر ت. سامساقنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسى ئەنە شۇنداق "دانىش" لارغا قارىتا ئۆتكۈر مەسخىرە:

بىر دانىش ئۆگىتىشنى ئۆز كەسپى ئەتتى،
ھەممىشەم ھەركىمگە ئەقىل ئۆگەتتى.
ئۆگەنمەي، ئۆزگىگە ئۆگىتىۋېرىپ،
ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تامام تۈگەتتى.

مەرىپەتكە دەۋەت ۋاقىت تېمىسىدىكى رۇبائىيلارغىمۇ چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. ۋاقىت ـــ بىلىم، ۋاقىت ـــ بايلىق، غەپلەت، مەنىسىز ھاۋايۇھەۋەس ئۆمۈرنىڭ دەھشەتلىك ئوغرىسى. ئادەم ئۇچقۇن ياش-لىق باھارىنى ئوغرىلىتىش تېخىمۇ ئېچىنىشلىق، ئۇنىڭدىن ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان پۇشايمان قالىدۇ، خالاس. بۇ پىكىر شائىر م. رەھمىنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا ئۆزىنىڭ جىلۋىدار مەجازىي ئىپادىسىنى تاپقان:

باغۋەنسىز ياشلىقىقا ئوغرى ھەممەپەس،
ئەڭ يامان ئوغرىسى ھاۋايۇھەۋەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇتۇلغان بولسمۇ بارچە ئوغرىلار،
ياشلىقنىڭ ئوغرىسى تۇتۇلغان ئەمەس.

ئىجتىمائىي ئەخلاققا دائىر ئەنئەنىۋى تېما يېڭى رۇبائىيچىلىقىمىزدىمۇ كەڭ ئورۇن ئىگىلىدى. خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان خۇنۇك، رەزىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە قارشىمۇقارشى يارىتقان ئېسىل ئەخلاق ئەنئەنىلىرى ئىنقىلابىي پەزىلەت دەستۇرلىرى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىباھا مەنىۋى خەزىنە (بۇ ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىنى تېپىپ كەلگەن). لېكىن ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ بۇ خىل ئېسىل پەزىلەت ئەنئەنىلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق سالدى، شۇڭا بىر مەزگىل ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش، يالغانچىلىق، رىياكارلىق، ھەسەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، خۇشامەتچىلىك، تۆھمەتخورلۇق، ئەمەلپەرەسلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ناچار، رەزىل ئىللەتلەر ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ خىل ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش، شۈبھىسىزكى، يېڭى دەۋرىمىزنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنى. شۇڭا رۇبائىيچىلىقىمىزمۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىمىزنى بۇلغايدىغان بۇنداق ناچار، رەزىل ئىللەتلەرگە قارشى ئۆتكۈر تىغى بىلەن مەيدانغا چىقتى.

پاك ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمى بولغان راستچىللىق، سەمىمىيلىك — يېڭى رۇبائىيچىلىقىمىزدا ئەڭ قىزغىن زوق بىلەن كۈيلەنگەن پەزىلەت. بۇنداق پەزىلەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش يېڭى دەۋرىمىزنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، ئاپەتلىك يىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلى، بىزگە بۇنداق ئېسىل پەزىلەتنىڭ قەدرى تېخىمۇ ئۆستى. شۇڭلاشقىمۇ رۇبائىيلىرىمىزدا بۇ پەزىلەت مەدھىيىسى،

كۆپىنچە، ئۇنىڭ قارىمۇقارشىسى بولغان يالغانچىلىق ئىللىتىگە نە-
رەت ياغدۇرۇش بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

كونىلار "گۇناھنىڭ ئەڭ چوڭى ــ يالغانچىلىق" دەپ بىكار ئېيتمى-
غان. بۇ شۇنچە ئاددىي ساۋات بولسىمۇ، بارلىق رەزىللەر يالغانچى-
لىقنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت ۋاستىسى، ئەڭ قىممەتلىك ھايات دەس-
تۇرى قىلىدۇ. ئۇلار يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى
ئالدىيالىغىنىدىن خۇش. بىراق، بەرىبىر، ئۆزىنى ئالدايدۇ. چۈنكى
يالغانچىلىق ئوبيېكتىپ ھەقىقەت بىلەن ھەرگىزمۇ كېلىشەلمەيدۇ
شائىر ئا. ئۆتكۈر ئۆز رۇبائىيسىدا يالغانچىلىقنىڭ ئوبرازىنى مۇنداق
گەۋدىلەندۈرىدۇ:

يالغانچىلىق تىلى چېچەكسىز پەلەك،
چېچەكسىز پەلەكتە نە قىلسۇن خەمەك.
ئۇزارغانسېرى ئۇ ئۆز ئىگىسىنى
بوغىدۇ يىلاندەك بولۇپ چەمبىرەك.

رۇبائىيچىلىقىمىز ھەسەتخورلۇققىمۇ ئۆتكۈر تىغ سانجىدى.
ھەسەتخورلۇق ياكى كۆرەلمەسلىك دەپ ئاتالغان بۇ قېرى رەزىل
ئىللەت تارىختا سانسىزلىغان يىرگىنىشلىك، پاجىئەلىك ئىزلارنى قال-
دۇرۇش بىلەن بىللە، بىزنىڭ يېڭى جەمئىيىتىمىزگىمۇ سۆرۈلۈپ
كىرىپ، ئاز بۇزغۇنچىلىق قىلمىدى. ھەسەتخورلارنىڭ خۇسۇسى-
يىتى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارغا ھېچقانداق ياخشىلىقنى،
ھېچقانداق مەنپەئەتنى راۋا كۆرمەيدۇ. كۆرەلمەسلىك، قىزغىنىش
ئۇلارنىڭ روھى. ئۇلارنىڭ ئەس-يادىنى ئاشۇ روھ يېتەكلەيدۇ.
شۇڭا ھەرقانداق نەرسىدە، مەيلى نەپ ئالسۇن، ئالالمىسۇن، ھامان
ھەسەت قىلىدۇ. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇ ئىللەتكە مۇنداق تەرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەردى:

تەئەججۈپ ئەيلىمە چاقتى دەپ چايان،
بۇ ئاڭا تۇغما خۇي، ھەممىگە ئايان.
تىنىغ ئۇرۇپ تەنلەرگە، تاپالماس لەززەت،
پەقەت ئۇ قىلىدۇ پەيلىنى يامان.

دېمەك، ھەسەتخور باشقىلارغا زىيان سېلىشنى ئۆز كەسپىگە ھەمدە ئۆز مەقسىتىگە ئايلاندۇرغان. بۇ رەزىل ئىللەتكە گىرىپتار بولغانلارنىڭ تۈزەلمىكى بەسى مۈشكۈل. ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان پالاكىتى ھەققەتەن دەھشەتلىك. شۇڭا ئۇنى شېئىرىيەتتىمۇ ۋىجدان سوتىغا تارتىش كېرەك. شائىر ئا. قاسىم ۋىجدان سوتىغا ۋەكالىتەن ھەسەتخورغا تىكىلىپ تۇرۇپ، مۇنداق دېيىشكە ھەقلىق ئىدى:

يا بىنا قىلغان بىر گۈللۈك بېغىڭ يوق،
نە بىر باغ، كۆكلەتكەن بىر تال شېخىڭ يوق.
ئۆزگىلەر گۈل تىكسە قىرقىيسەن دائىم،
قايىچا بوپ ئۆتمىگەن بىرمۇ چېغىڭ يوق.

بۇنداق گەپلەر ئالدىدا ھەسەتخورلار بىر بولسا بېزىرىپ تۇرىدۇ، ياكى يالغانچىلىققا يۆلىنىپ، ئۆزىنى ئاقلايدۇ، ياكى ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى سەمىمىي ئاكتىپلىق دەپ چۈشىنىپ قالغانلاردىن، مەنپەئەتدار بولغانلاردىن مەدەت تىلەپ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. چۈنكى ھەسەتخورلۇق تولىمۇ جاھىل ئىللەت. شائىرنىڭ بۇنداقلارنى شېئىر ئارقىلىق تۈزەيمەن دېگەن نىيەتتە بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇنداقلار شېئىردىن ئەدەب يەپ تۈزۈلىدىغانلار ئەمەس. شۇڭا شائىرلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۇنداقلار بىلەن ئېيتىشىش ئەمەس، بەلكى ھەسەتخورلۇققا نىسبەتەن ئىجتىمائىي نەپرەت قوز-

غاش، باشقىلارنى ئاشۇنداق ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتى
ھەزەر قىلدۇرۇش.
بىزنىڭ رۇبائىيچىلىقىمىز ئىسلاھاتنىڭ ئاكتىپ جارچىسى.
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە دەۋر تەرەققىياتىنى
چوڭ توسالغۇسى بولغان "سول" قاتماللىققا دەسلەپتە ئوق ئاتقۇ
ساھەنىڭ بىرسى. قاتماللىق چوڭقۇر تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاسا
ئىگە. بىر خىل قاتماللىق تۈگىتىلسە، يەنە بىر خىل قاتماللىق پەيدا
بولىدۇ. قاتماللىققا قارشى تۇرۇش — مەڭگۈلۈك كۈرەش. ئىسلاھا
قاتماللىققا قارشى كۈرەشتە جارى بولىدۇ. بىزدىكى ھازىرقى قاتما
لىق زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەلىپىنى، ئىسلاھاتنى، ئىشك
سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ زۆرۈر يىتىنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدۇ. ئۇ د
مەزگىل ئىجابىي رول ئوينىغان، خەلقنى كۆندۈرۈۋالغان، لېكى
ئەمدىلىكتە ۋاقتى ئۆتكەن بەزىبىر كونا مۇقاملارغا قاتتىق يېپىشۋالدۇ
كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن بىزار بولغانلىقى بىلەن كارى يوق. ئۇنىڭ
خۇنۇك بىچارىلىقىنى شائىر ئا. خوجايېۋ مۇنداق چىرايلىق ئىستىھز
بىلەن ئىپادىلىدى:

كېلىدۇ يازدا تومۇزغا، ئۆزىچە،
ناخشا ئېيتار توختىماي كۈندۈز-كېچە.
ئېيتقىنى ئېيتقان ئۇنىڭ بىر ناخشىنى،
بىلمىدىم، ئېيتار يەنە قاچانغىچە.

ئىسلاھات ھاياتىمىزغا بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كىرمەكتە.
ئەلنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. مەنىۋى ھاياتىمىزمۇ، جۈملىدىن
ئەدەبىياتىمىزمۇ چوڭقۇر، كەڭ ئىسلاھاتقا موھتاج. ئىسلاھات روھ
تىكلەنمىسە يازغۇچى-شائىرلارنىڭ تەربىيىلىنىشىمۇ، تۇرمۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆزىتىشىمۇ، ئىجادىي ئەمەلىيىتىمۇ دەۋر تەلىپىگە لايىق ھوسۇل بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ رۇبائىيچىلىقىمىزمۇ ئۆزىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، بەدىئىي يېڭىلىق يارىتىش يولىدا چوڭ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىشى، ئىسلاھات تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك.

* * *

بۇ «يېڭى رۇبائىيلار» توپلىمى ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلغان رۇبائىيلاردىن تاللانما بولۇپ، ئۇنىڭغا 46 شائىرنىڭ جەمئىي 300 گە يېقىن (ھەربىر شائىرنىڭ ئىككىدىن يۇقىرى) ئەسىرى كىرگۈزۈلدى. مەن بىرقانچە يىلدىن بېرى مۇشۇنداق بىر توپلام ئىشلەش ئۈچۈن ئىزدەندىم. قولۇمغا چۈشكەن ماتېرىياللاردىكى بىرنەچچە مىڭ رۇبائىينى قايتا-قايتا كۆرۈپ چىقتىم، تاللىدىم. بۇنى تولۇقلاشتا يولداش ھاكىم جاپپار ۋە ئابدۇكېرىم مەخسۇتلار توپلىغان رۇبائىيلارمۇ خېلى ياردەم بەردى. مەن بۇ يولداشلارغا رەھمەت ئوقۇيمەن.

كۆرۈپ چىققان ماتېرىياللار يەنىلا تولۇق بولمىغانلىقى ھەمدە تاللاش ئىقتىدارىم ۋە دىتىمنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبىدىن توپلام ئۇ خىل ياكى بۇ خىل نۇقساندىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەن ئۆزەممۇ رۇبائىينى جىق يازغانلارنىڭ بىرسى، ھازىرغا قەدەر يۈزدىن ئوشۇق رۇبائىي يېزىپتىمەن. بۇ توپلامغا ئۇنىڭدىن 30نى تاللىدىم. مەيلى ئۆزەمنىڭكىدىن ياكى باشقىلارنىڭكىدىن تاللىغاندا بولسۇن، نۇرغۇن رۇبائىيلارنى قالدۇرۇپ قويۇشۇمنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، ئۇلاردا پىكرىي يېڭىلىقنىڭ كەملىكى ياكى يوقلۇقى، شۇنىڭدەك ئۇلاردا

رۇبائىيغا خاس بەدىئىي خۇسۇسىيەتنىڭ كەملىكى ياكى يوقلۇقى، شۇنداقتىمۇ بۇنداق تاللاش ئۆلچىمىگە يېتەرلىك ئەمەل قىلالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇ توپلامدىكى رۇبائىيلار يېڭى رۇبائىيچىلىقىمىزنىڭ بىرقەدەر ياخشىراق ئۆلگىلىرى بولسا كېرەك. "ئايدىمۇ داغ بار" دېگەندەك، بۇ تاللانغان رۇبائىيلاردىمۇ نۇقسان يوق ئەمەس. بۇ ھەقتە كونكرېت تەنقىدىي تەھلىل يۈرگۈزۈشنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ رايىغا مۇراجىئەت قىلىمەن. ئۇلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرى يەنىمۇ سۈپەتلىك ـ سەۋىيىلىك رۇبائىيلارنىڭ ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل رۇبائىي توپلاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن چوڭ تۈرتكە بولىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

1986 ـ يىل 17 ـ دېكابىر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئەلىشىر ناۋايى

شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئاجايىپ جىلۋىدار گۈلتاجلىرىدىن بىرسى بولغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭمۇ شانلىق ئېپتىخارى.

قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەر يىپەك يولى بويىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر مەركىزى بولغىنىدەك، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ھىرات بۇ زېمىندىكى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۇيغۇر زېمىنىدىن كۆچۈپ سىڭگەن مەدەنىيەتمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئەلىشىر ناۋايى ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى.

ئەلىشىر ناۋايى مىلادىنىڭ 1441-يىلى 9-فېۋرالدا (ھىجرىيەنىڭ 44-يىلى رامزان ئېيىنىڭ 17-كۈنى) ھىراتتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىدىن كىچىك ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ، تۆمۈرىلەر ئوردىسىدىكى ئىناۋەتلىك خادىملارنىڭ بىرسى ئىدى. غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئەھلى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسى ئەلىشىرنىڭ كىچىكىدىنلا ئەدەبىيات خۇشتارى بولۇشى ئۈچۈن تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم بىر شارائىت ئىدى.

ئەلىشىر بالىلىق ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، تىرىشچانلىقى ۋە

خۇش پېئىللىقى بىلەن ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۇچ ـ تۆت يېشىدىلا شېئىر ئاڭلاش، شېئىر ئوقۇش ۋە شېئىر يادلاشقا قىزغىن بېرىلگەن. بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ مەكتەپكە كىرگەن، بۇ مەكتەپتە بولغۇسى پادىشاھ ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ساۋاقداش بولغان. ئۇنىڭ ئوقۇشتىكى ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئۇنۇمى ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

بۇ چاغدا ھىرات تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شاھرۇھنىڭ مۇستەبىتلىكى غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىگىمۇ كۆڭۈلسىزلىك، پارا-كەندىچىلىك سالدى. شۇڭا بۇ ئائىلە بىرمەزگىل ئاستىراباددا سەر-سان بولۇپ يۈردى. پەقەت ئەبۇلقاسىم بابىر تەختكە چىققاندىن كېيىن ھىراتقا قايتىپ كەلدى.

بۇ مەزگىلدىكى كىچىك ئوقۇغۇچى ئەلىشىر مەكتەپتە دىنىي دەرس ئوقۇش بىلەن بىللە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا قىزغىن بېرىلدى. پارس ـ تاجىك كلاسسىكلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى ھەم يادقا ئالدى. ئۇ 10 ـ 11 يېشىدا 4 ـ 5 مىڭ مىسرا شېئىرنى يادلىۋالغانىدى.

ئەلىشىر 12 ـ يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالدى. شۇندىن كېيىن مەك-تەپتىن ئايرىلىپ، ساۋاقدىشى، دوستى ھۇسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئەبۇلقاسىم بابىر ئوردىسىدا خىزمەت قىلدى. بىر ياقتىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قىزغىن ئۆگىنىش بىلەن ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. ئەبۇلقاسىم بابىر ئەلىشىرگە غەمخورلۇق كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان ئىشتىياقىغا مەدەت، ئىلھام بەردى.

ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئەلىشىر يەتتە يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. شۇ زاماندىكى ئەنئەنە بويىچە باشلانغۇچ بىلىمنى

پارسي مەنبەلەردىن ئالغان. ئەلىشىر مەكتەپتىلا نىزامىي گەنجەۋىي، مۇسلىھىددىن سەئىدىي، پەرىدىدىن ئەتتارلارنىڭ، ئاندىن فىردەۋ-سىي، خۇسراۋ دىھلەۋىي، ھافىز شىرازىي، ئابدۇراھمان جامىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ تونۇشتى. كېيىنرەك تۈركىي تىلدىكى شېئىرلارنى قىزغىن ئوقۇشقا كىرىشتى. بولۇپمۇ ئەتايىبى، مەككاكىي، لۇتفىي غەزەللىرىدىن چوڭقۇر زوق ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى پارسچە يازغان بولسا، 15 ياشقا كىرگەندە تۈركىي تىلدىمۇ شېئىر يېزىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي پارسچە شېئىرلىرىدا "فانىي"، تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىدا "ناۋايى" تەخەللۇسى بىلەن تونۇلۇپ "زۇللىسانەيىن" (ئىككى تىللىق دەپ نام ئالدى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى شېئىر زوقمەنلىرىنى، جۈملىدىن نۇرغۇنلىغان پېشقەدەم شائىرلارنىمۇ ھەي-رەتتە قالدۇردى. تارىخچى خاندەمىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەلىشىر ناۋايى يىگىتلىك دەۋرىنىڭ دەسلىپىدىلا شائىر لۇتفىينىڭ قىزغىن مەدھىيە ۋە يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ 16 يېشىدا يازغان:

"ئارەزىن ياپقاچ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەمزە ياش.

بۇيىلەكىم، پەيدا بولۇر يۇلدۇز، نىھان بولغاچ قۇياش."

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىنى كۆرگەن لۇتفىي ھاياجان ئىچىدە "...ئەگەر مۇيەسسەر بولسا ئىدى، ئۆزەمنىڭ ئون-ئون ئىككى مىڭ پارسىي ۋە تۈركىي بېيىتىمنى شۇ غەزەلگە ئالماشتۇرار ئىدىم" دېدى.

1456-يىلى ئەبۇلقاسىم بابىر تەختىنى مەشھەدكە كۆچۈرگەندە، ئەلىشىر ناۋايىمۇ، ھۈسەيىن بايقارامۇ بىللە باردى. بىراق بىر يىل-دىن كېيىن بابىر ۋاپات بولدى. خۇراسان يەنە تاجۇتەخت تالى-شىش جاڭجىلى ئىچىدە قالدى. تاجۇتەخت ئارزۇسىدا يۈرگەن

ھۆسەيىن بايقارا بۇ جاڭجاللارغا ئارىلىشىپ كەتتى. ئەلىشىر ناۋايى بولسا ئاتا-ئانىسىز، ھامىيسىز بۇ يات شەھەردە جاپالىق ۋە مۇستە- قىل ھايات يولىنى باشلىدى. ئۇ مەشھەددىكى يەتتە يىللىق ھاياتى جەريانىدا نامراتلىق ۋە بىرقانچە قېتىملىق ئېغىر كېسەل ئازابلىرىنى يېڭىپ، ئىجتىھاد بىلەن ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىدى. بۇ ئۆگىنىش ھەمدە مەشھەددىكى نۇرغۇنلىغان شائىرلار بىلەن تونۇشۇش، ھەمسۆھبەت بولۇش، ھەر ساھە تۇرمۇشىغا ئارىلىشىش ئارقىلىق ئۆز تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ باردى.

1464-يىلى ئەلىشىر ناۋايى يۇرتى ھىراتقا قايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يەردە ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، مۇتەپەككۇر شائىرى ئابدۇراھمان جامىي بىلەن ئۇچراشتى. بۇ ناۋايى ھاياتىدىكى ئىنتا- يىن مۇھىم ۋەقە ئىدى. شۇندىن كېيىن داۋاملاشقان ئالاقە جەريانىدا جامىي ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپە نۇقتىئىنەزىرى، ئېستېتىك پرىن- سىپلىرى ئارقىلىق ناۋايىنىڭ ھاياتىغا، تەپەككۇرىغا ۋە ئىجادىي ئىق- تىدارىنىڭ كامالەت تېپىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ناۋايى ئابدۇراھمان جامىينى ئۆزىنىڭ "پىر ئۇستازى" دەپ ھېسابلىدى.

ھىراق، ھىراتتا ناۋايى پادىشاھ ئەبۇ سەئىدنىڭ سوغۇق مۇئامە- لىسىگە ئۇچرىدى. چۈنكى ئۇ ناۋايى ئۆز كۆشەندىلىرى (بولۇپمۇ خۇراسان تەختىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھۆسەيىن بايقارا)نىڭ ھەمدەمى دەپ ھېسابلايتتى. دەسلەپتە تۇر- مۇش قىيىنچىلىقى، بىلىم ئېلىش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىياجىدىن پادىشاھ ئەبۇ سەئىددىن بىرەر غەمخورلۇق ئۈمىد قىلغان ناۋايى ئۇنىڭ چىرىك ۋە رەزىللىكىنى، خەلققە سېلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقتان ھەددى ـ ھېسابسىز زۇلمىنى، شۇنىڭدەك ئۆزىگە بولغان سوغۇق مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولىدى. بۇ غەشلىك بارا ـ بارا ئەبۇ سەئىدكە نىسبەتەن ئۆچمەنلىككە ئايلىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزىدىن نېرى بولۇپ ھەمدە ئىلىم تەھسىل قىلىش نىيىتىدە 1466 ـ يىلى ھىراتتىن ئايرىلىپ، سەمەرقەندكە باردى.

شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرسى بولغان سەمەرقەنددە ناۋايى خېلى ئۇزۇن ئېتىبار ۋە ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى، مەشھۇر ئالىم، قانۇنشۇناس ۋە ئەرەبشۇناس خوجاپەزلۇللا ئەبۇللەيس مەدرىسىدە بىلىم ئالدى، ئەبۇللەيس ئەلىشىر ناۋايىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. شۇڭا ناۋايىنىڭ ئۆگىنىشى ئۈنۈملۈك بولدى.

ناۋايى مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىللە سەمەرقەند بىلەن تونۇشتى، ئۇنىڭ تارىخىنى ئۆگەندى. ئۇلۇغبەكنىڭ ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى ئىلمىي مىراسلىرى بىلەن تونۇشتى. نۇرغۇنلىغان ئالىم، شائىر، سەنئەتكارلار بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولۇپ، ئىلىم ۋە شېئىرىيەت ماۋزۇئىدىكى مۇلاھىزە سورۇنلىرىغا قاتناشتى، كاسىپلار تۇرمۇشىغىمۇ چۆكتى، شۇنىڭدەك، بۇ يەردە ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغان مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر ئەرباب ئەھمەد ھاجىبەك ھامىيلىقىدا سىياسىي ـ مەمۇرىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئارىلاشتى، بۇ مۇناسىۋەت ۋە پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات تەجرىبىسىنى بېيىتتى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ كامالەت تاپتى.

1469 ـ يىلى ھۈسەيىن بايقارا خۇراسان تەختىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن خۇش بولغان ناۋايى ئۆز دوستىنىڭ مەملىكەتنى تىنچ ۋە ئاۋات قىلىشىغا ئۈمىد باغلاپ، بۇ يولدا ئۇنىڭغا ھەمكارلىق قىلىش نىيىتىدە ھىراتقا قايتىپ كەلدى ۋە ھۈسەيىن بايقارانىڭ سەلتەنىتىگە

بېغشلاپ «ھەلالىيە» قەسىدىسىنى يازدى. ناۋايىنىڭ كەلگىنىگە ئۇنى
سېغىنىش بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پادىشاھ ھۈسەيىن بايىقارا ئىنتايىن
خۇش بولدى ۋە ئۇنىڭغا مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

ناۋايى ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، مەملىكەتنى تىنچلاندۇرۇش
ئىشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. بولۇپمۇ تۆمۈرىيلەر ئەۋلادىدىن
بولغان مىرزا يادىكارنىڭ خۇراسان تەختىنى تالىشىپ قوزغىغان توپى-
لىڭىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ بولدى — ناۋا-
يىنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى بويىچە مىرزايادىكار ئۇجۇقتۇرۇلدى،
مەۋجۇت ۋەزىيەتتىن نارازى بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن دەردمەن
پۇقرالارنىڭ بىر قىسىم تەلەپلىرى قاندۇرۇلدى، پادىشاھمۇ مەمنۇن
بولدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ناۋايى ئەمىرلىككە كۆتۈرۈلدى.

ئەلشىر ناۋايى ئوردا خىزمىتىدە ئادالەتنى جارى قىلىش ئۈچۈن
تىرىشتى. خەزىنە باشلىقى نىزا مۇلمۇلىك، پەرۋانىچى مەجدىددىن
قاتارلىقلارنىڭ نائادىللىقى ۋە ئاچكۆزلۈكىگە قاتتىق قارشىلىق كۆر-
سەتتى، زۇلۇمدا ھەددىدىن ئېشىپ، خەلقنى قاتتىق نارازى قىلغان
بىر قىسىم ئەمەلدار-خادىملارنى جازالىدى. مۇھىم سۇ قۇرۇلۇش-
لىرىنى ئېلىپ باردى. دېھقان ۋە كاسىپلارنىڭ سېلىقلىرىنى يېنىكلە-
تىش تەدبىرلىرىنى كۆردى. نامرات كاسىپلارغا، دەردمەنلەرگە
غەمخورلۇق قىلدى.

ئىلىم-مەرىپەت ساھەسىدە ناۋايىنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ چوڭ
بولدى. ئۇ نۇرغۇن مەدرىسە-جامەلەرنى قۇرغۇزدى، ئالىملارنى،
شائىرلارنى، مۇھەددىسلەرنى، سازەندىلەرنى، رەسساملارنى، نەققاش-
لارنى، خەتتاتلارنى، شىرازىچىلارنى ئەتىۋارلاپ، ھەر خىل ماددىي
ياردەملەرگە ئېرىشتۈرۈپ، مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇردى.

ئىجادىيەت ـ كەسپىياتنى مۇكاپاتلىدى، مەرىپەت دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەرىپەت ساھەسىگە ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى سىڭدۈرۈپ باردى. قىسقىسى، ئۇ خۇراساننى تىنچ، ئاۋات قىلىش ۋە ھىرات مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئەستايىدىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ، يۈكسەك ئىناۋەتكە ئېرىشتى.

لېكىن ناۋايى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا، ئازابلارغا يولۇقتى. ئادالەت ۋە مەرىپەت دۈشمەنلىرى ــ ئاچكۆز، مەنسەپپەرەس ئەمەلدارلار، رىياكار جاھالەتپەرەسلەر ناۋايىنى ئۆز مەنپەئەتلىرىنىڭ زور كۈشەندىسى ھېسابلاپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلدى ۋە ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ قۇتىراشتى. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە تاللىۋالغان ئەڭ چوڭ دەستىكى ــ بۆھتان توقۇپ، ئىغۋا تارقىتىپ، چېقىمچىلىق قىلىش ئىدى. ئۇلار ناۋايىنىڭ ئۇلۇغۋار لايىھە ۋە پائالىيەتلىرىنى پادىشاھنىڭ مەنپەئىتى ۋە شەۋكىتىگە خەۋپ دەپ كۆرسىتىشكە، شۇنىڭدەك بۇ "خەۋپ"نى ناۋايىنىڭ نەسەب جەھەتتىن ياتلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ ئىزاھلاشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى. گەرچە ھۆسەيىن بايقارا مەلۇم مەرىپەتپەرۋەرلىك خاھىشىغا ئىگە بولسىمۇ ھەمدە ناۋايىدەك زور ئىقتىدار ۋە ئىناۋەتكە ئىگە دوستى ۋە ھەمكارى بولغىنى ئۈچۈن پەخىرلەنسىمۇ، لېكىن بارا ـ بارا ئەيشى ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ چۈشكۈنلەشكىلى تۇرغاچقا، خۇددى راستەك ياساپ چىقىرىلغان تۆھمەتلەر، ئالدامچى ئىغۋالار تەسىرىدە ناۋايىدىن خۇدۈكسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى ھىراتتىن يىراقتىكى ئاستىرابادقا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىشمۇ شۇ خۇدۈكسىرەشنىڭ

بىر ئىپادىسى ئىدى.

ئەلىشىر ناۋايى ئاستىرابادقا ئىلاجسىزلىقتىن بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجى ۋە ئۈمىدى ئالدىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى ۋە دەرھال بۇ پاراكەندە شەھەردە تەرتىپ ئورنىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى كۆردى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق خەلقنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى، يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. يەنە بىر ياقتىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مەھسۇلات ياراتتى.

ناۋايىنىڭ ھىراتتا يوقلۇقى مەجدىددىن قاتارلىقلارنىڭ رەزىل ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن قولاي پۇرسەت بولدى. ئۇلار پادىشاھنى كەيپى-ساپاغا تېخىمۇ زورلاپ، قۇرۇقدالغان خەزىنىنى تولدۇرۇش ۋە قاقتى-سوقتى قىلىش ئۈچۈن سېلىقلارنى كۆپەيتىپ، خەلقنى خالىغانچە شىلىغىلى تۇردى، پادىشاھ بارغانسېرى چۈشكۈنلەشتى. بۇ ئەھۋاللار يىراقتىكى ناۋايىنىڭ قەلبىنى ئازابلىماي قويمىدى. سۇ بېشىدىن لاي بولغاچقا، بارغانسېرى ئۇردىدىن رايى قايتتى. ئۆزىمۇ چارچىدى. شۇڭا قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ھىراتقا قايتىپ كەلدى. ئۇ بۇنىدىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن پادىشاھ ئۇنىڭغا "مۇقەررەبى ھەزرەتى سۇلتانى" (ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىنى) دېگەن پەخرىي ئۇنۋانىنى بەردى.

لېكىن مەجدىددىن ئېقىمىدىكىلەر ناۋايىدىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى، تۆھمەت ئويدۇرۇپ ئۇنىڭغا بولغان دۈشمەنلىكىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ئەھۋال جەمئىيەتتە چوڭ نارازىلىق قوزغىدى. شۇ چاغدا ناۋايىنىڭ ئىنىسى، بەلخ ھاكىمى دەرۋىش ئەلى پادى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ناۋايىنىڭ دۈشمەنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ ھەرىكەتكە ناۋايى قۇترىتقۇلۇق قىلدى، دەپ پادىشاھقا چېقىمچىلىق قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ناۋايى تەشەببۇسكار بولۇپ، پادىشاھ قوشۇنى بىلەن بىللە دەرۋىش ئەلىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىسياننى تىنجىتتى، ئەسلىدە بۇ ئىسيان ئوردىدا ناۋايىغا قىلىنىۋاتقان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلەرگە نارازىلىقتىن ۋە مەجدىددىننى ئوردىدىن ھەيدەش مەقسىتىدە پارتلاپ چىققانىدى. بۇ ئىسيان تىنجىتىلغاندىن كېيىن مەجدىددىنمۇ مەنسىپىدىن ئايرىلدى.

لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان نىزامۇلمۇلك تېخىمۇ رەزىل ۋەزىر ئىدى. نىزامۇلمۇلك ۋە ئۇنىڭ ئېقىمدىكىلەر ناۋايىغا بولغان دۈشمەنلىكنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئوردا ئىچىدە پىتنە ئۇيۇشتۇرۇپ، شاھزادىلار ئارىسىدا نىزا پەيدا قىلىپ، يېڭى-يېڭى پاراكەندىچىلىكلەرنى تۇغدۇردى. نەتىجىدە تەخت ۋارىسلىرى بىلەن پادىشاھ ھۇسەيىن بايقارا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچەيدى. ناۋايى بولسا مەملىكەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش نىيىتىدە پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپ، شاھزادىلارغا نەسىھەت قىلىپ، زىددىيەتنى پەسەيتىشكە تىرىشتى. لېكىن خانىش خەدىچە بېگىم نىزامۇلمۇلك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش، ئۆز ئوغلىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا يول ئېچىش ئۈچۈن ئۆگەي ئوغلى، چوڭ شاھزادە بەدىئۇززامان بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدە بولدى ۋە ئاخىرى پادىشاھنىڭ مەستلىك ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قول قويدۇرۇۋالغان پەرمان بويىچە بەدىئۇززامانىنىڭ ئوغلى مۇمىن مىرزىنى قەتل

قىلىشتى.

مۆمىن مىرزىنىڭ پاجىئەسىگە ناۋايى چوڭقۇر ئېچىندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، كەسكىنلىشىدىغان نىزالارنىڭ مەملىكەتكە ئېيتقۇسىز دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەر كەلتۈرۈشىدىن قاتتىق تەشۋىشلەندى (كېيىنكى دەھشەتلىك پاجىئەلەر شايبانىخاننىڭ خۇراسانغا سالغان ئېغىر ئاپىتى ناۋايىنىڭ بۇ تەشۋىشلىرىنىڭ نەقەدەر ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى). شۇنىڭ بىلەن ناۋايىنىڭ پادىشاھقا بولغان نارازىلىقى كۈچەيدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەملىكەت مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، نىزالارنى پەسەيتىش يولىدا، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىراق بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقلار ئۇنۇم بەرمەي قالدى. چۈنكى ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتى ئۆز ئىچىدىن چىرىپ ھالاكەتكە يۈز تۇتقانىدى.

گەرچە ناۋايىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرى توسالغۇغا ئۇچرىغان، نۇرغۇن ئەجرى زايا كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە شانلىق ھاياتىي كۈچ تاپتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىجادىيەتتە تېخىمۇ مول ئۇنۇم ھاسىل قىلدى.

1492 ـ يىلى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ پىر ـ ئۇستازى ئابدۇراھمان جامىي ئالەمدىن ئۆتتى. يۆلەنچۈكلىرى ۋە قەدىردان دوستلىرىنىڭ قاتارى شالاڭلىشىپ باردى، زامان غەۋغاسىدىن كەلگەن كۆڭۈلسىزلىك- لەرگە قوشۇلۇپ كەلگەن جۇدالىق دەردى ئۇنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ ئازابلىدى. شۇنداقتىمۇ بەرداشلىق بېرىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن جىددىي شۇغۇللاندى ۋە بۇنىڭ ناھايىتى زور ئۇنۇمىدىن تەسەللى تاپتى.

ئېغىر جاپالىق ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە قاتتىق ئىجادىي مەشغۇلات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلىشىر ناۋائىينى بۆرۈنراق قېرىتىپ قويدى. تېنى زەئىپلىشىپ، ئەسەبلىرىمۇ ئاجىزلاشتى. ئاخىرى قۇتۇلغۇسىز ئەجەل يېتىپ كەلدى ـ دە، 1501 ـ يىلى 3 ـ يانۋار كۈنى 60 يېشىدا بۇ ئۇلۇغ زات ھاياتلىقتىن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

* * *

ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ھاياتى ئۆز دەۋرىدىكى ئادالەت ۋە مەرىپەتنىڭ بايراقدارى بولغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرنىڭ، ئالەمشۇمۇل مول بەدىئىي بايلىق ياراتقان ئۇلۇغ سەنئەتكار شائىرنىڭ ھاياتىدۇر. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ جاھان كلاسسىكلىرى قاتارىدا ئورۇن ئالدى.

ئەلىشىر ناۋائىي ۋە ئۇنىڭ پېشقەدەم زاماندashلىرى بولغان جۈملىدىن ناۋائىي ئۆزى "ئۇيغۇر ئىباراتىنىڭ فۇسەھاسى ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ بولەغاسى" (ئۇيغۇر ئىبارىلىرىغا ماھىر، تۈركىي تەلەپپۇزىغا كامىل) دەپ ئاتىغان سەككاكىي ۋە لۇتفىيلار ئۆز ئىجادىيىتىدە قوللانغان مىللىي تىل "چاغاتاي تىلى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ تىل شۇنداق بىر تارىخىي دەۋردە — شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ھاكىمىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئېھتىياجى ھەمدە مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات تەقەززاسى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، نۇرغۇن تارىخچى، تىلشۇناسلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ تىلغا ئەرەب ۋە پارس تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇر تىلى (ياكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەخمەت يۈكنەكى تىلى، يەنى خاقانىيە تىلى، قەشقەر تىلى) ئاساس بولغانىدى. دېمەك، ناۋائىي چاغاتاي تىلىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىلى. تىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق

بىلەن بىللە ئېتىنىڭ، ئەدەبىي ئەنئەنە جەھەتتىكى ئورتاقلىق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ناۋايى ئىجادىيىتىگە بولغان ئىزچىل ۋارىسلىق قاتارلىق ئامىللار ئەلىشىر ناۋايىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ شائىرى دېيىشكە ئاساس بېرىدۇ.

ناۋايى بەدىئىي مىراسى ئۇيغۇرلار ئىچىگە ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇلاردا، شۇنىڭدەك قۇمۇل، تۇرپاندا ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن ھەر خىل كىتابات ۋە دىۋانلىرى ھەددى - ھېسابسىز دېگۈدەك نۇرغۇن بولغان. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەر خىل يوللار بىلەن چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن (ئۇلارنىڭ ئىچىدە تارىخى ئۇزاق ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل نۇسخىلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكى مەلۇم) بىر قىسمى ئۆتمۈشتىكى جاھالەتپەرەس مۇستەبىتلەر تەرىپىدىن تەپتىش قىلىنىش، مۇسادىرە قىلىنىش نەتىجىسىدە يوقالغان: بىر قىسمى ئاپەتلىك "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" مەزگىلىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان. شۇنداقتىمۇ ھازىر يەنە ساقلىنىپ قالغان قول يازما نۇسخىلىرى ئاز ئەمەس.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ناۋايىدىن كېيىن ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارنى ئۆزلىرىنىڭ "پىر، ئۇستازى" دەپ بىلىپ، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالدى؛ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ناۋايى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدرىسە - مەكتەپلىرىنىڭ مۇھىم بىر دەرسلىكى بولۇپ ئوقۇلدى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا - نەغمە قامۇسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» ناخشىلىرىنىڭ تولىسى ناۋايى تېكىستلىرى (غەزەللىرى) بىلەن

ياڭرايدۇ.

جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ناۋايى مىراسلىرىغا سالغان بۇزغۇنچىلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناۋايىغا بولغان مۇھەببىتىنى، ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا بولغان ۋارىسلىقىنى يوقىتىۋېتەلمىدى. كېيىنكى يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ناۋايى ئەسەرلىرىگە بولغان ئىشتىياق ئۆزىنى ئالاھىدە كۆرسەتتى. ناۋايىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېمىسىغا بېغىشلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا ناۋايى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسلىرى ھەققىدە قىزغىن مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلمەكتە. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات سىنىپلىرىدا ناۋايىدىن دەرس ئۆتۈلمەكتە. لېكىن بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىمىز يەنىلا ئاجىز، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ماركسىزمچە ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى پرىنسىپلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، "ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش" يۆنىلىشىنىڭ ئىلھامى ئارقىسىدا ئېلىمىزدىمۇ ناۋايى تەتقىقاتى ئۇزاق ئۆتمەي زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشى چوقۇم.

* * *

ئەلىشىر ناۋايىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىي مىراسى ناھايىتى زور سالماقتا، بىباھا قىممەتكە ئىگە مەڭگۈ ئۆلمەس بايلىقتۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق دىۋانى ۋە «خەمسە» ئاتلىق داستانلار توپلىمى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

«خەزائىنۇل مەئانى» ناۋايى ھايات ۋاقتىدا تۈزۈلگەن «غەرائىبۇس - سىغەر» (ئۆسمۈرلۈك غارايىپلىرى)، «نەۋادىرۇش

شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدائىئۇل ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)ۋە «فەۋائىدۇل كىبەر» (قېرىلىق نەپلىرى) دەپ ئايرىم-ئايرىم نام قويۇلغان تۆت يىرىك دىۋاندىن ئىبارەت بولۇپ، غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، مۇستەمزات، قەسىدە، قىتئە، رۇبائىي، مەسنەۋى، تەرجىبەند، تەركىببەند، ساقىنامە، مۇئەمما، چىستان، تۇيۇق، فەرد قاتارلىق 16 خىل كلاسسىك لىرىك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«خەزائىنۇل مەئانى» دىۋانىنىڭ ئاساسىي قىسمى غەزەلدىن ئىبارەت (ھەربىر دىۋاندا 650 دىن غەزەل بار) بولۇپ، بۇ "چاغاتاي تىلى"دا يېزىلغان لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك چوققىسى. ناۋايى غەزەللىرى غەزەلچىلىكتىكى ئەنئەنىۋى تېماتىك مەزمۇننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەك بەدىئىي ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى، ئەڭ مۇھىمى شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە بولغان مۇناسىۋىتىدىن تۇغۇلغان، كونكرېت ۋەقە، ھادىسىلەردىن بىۋاسىتە ھاسىل قىلغان چوڭقۇر تەپەككۇرىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئىپادىسى، شۇنىڭدەك «فانىي» تەخەللۇسى بىلەن تۈزۈلگەن دىۋانى پارس تىلىدىكى نادىر لىرىكىلاردۇر.

«خەمسە» — 1483 - يىلدىن 1485 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق بەش داستاندىن ئىبارەت، ئۇ «خەمسە»چىلىك ئەنئەنىسىنىڭ يۈكسەك ئىجادىي تەرەققىياتى، ناۋايى ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «لىسانوت تەير» (قۇشلار تىلى) داستانىمۇ «خەمسە»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داستانلىرىغا ئوخشاش بىباھا ئەسەردۇر. ناۋايى بۇ داستانلاردا يۈكسەك ماھارەت بىلەن ئاجايىپ قىزىقىشلىق سۇژېتلار ئاساسىدا، ئالىيجاناب، گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ سۆيۈملۈك تىپىنى، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ يىرگىنىشلىك ئوبرازىنى ياراتقان. ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق، جۈملىدىن ئاللېگورىيە، لىرىك چېكىنىش، ساقىغا خىتابلار ئارقىلىق چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك ھېكمەتلىك پىكىر دۇردانىلىرىنى چاچقان.

بۇلاردىن باشقا «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن»، «ھالاتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر»، «ھالاتى پەھلەۋان مۇھەممەد»، «ۋاقفىيە»، «مۇنشەئات»، «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «مۇفرەدات»، «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، «نەسەئىمۇل مۇھەببەت»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ. ناۋايىنىڭ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە شائىرنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرلىرى، دەۋرگە بولغان مۇناسىۋىتى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدا بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئالدى بىلەن ناۋايىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك روھىي ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە خەلق ھەرقانداق سەلتەنەتلىك، غالىب شاھتىن ئۇلۇغ. بۇ پىكىر «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدىكى پادىشاھقا خىتابەن ئېيتىلغان مۇنۇ مىسرالاردا ناھايىتى ئېنىق، كەسكىن ئىپادىسىنى تاپقان:

بىل مۇنىڭىم سەن داغى بىر بەندە سەن
كۆپرەكىدىن ئاجىزۇ ئەفگەندە سەن.
ناۋايى خەلق بىلەن كارى بولمىغانلارنى ئادەم ھېسابلىمايدۇ:
ئادەمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى.
گەرچە ناۋايى پادىشاھ ھۇسەيىن بايقارا ۋە بەزى شاھـزادىلارغا ئاتاپ نۇرغۇن غەزەل، قەسـىدە، بېـغىشلىمىلار يازغان بولـسىمۇ، بۇ ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن مەلۇم خەلقپەرۋەرلىـك، مەرىـپەتـپەرۋەرلىـك خاھىشلىرىغا سۆيۈنگىنىدىن، بۇنداق پەزىلەتـنى داۋامـلاشـتۇرۇش، ئۆستۇرۇش ئۇمىدىدىن تۇغۇلغان.
ناۋايى ئېسىل ئىنسانىي پەزىـلەتـلەرنى پـۈتـۈن ئـۆمـرى بويـى تەرغىـپ قىـلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىـرىدە ئادىـللىق، ھەقـقانىـيلىق، راستچىللىق، سەمىمىلىك، ۋاپادارلىق، پىداكارلىق، قەھـرىمانـلىق، ئىنساب، ئىجتىھاد ئۆزىنىڭ ئەڭ گـۈزەل سـۆيۈمـلۈك ئىـپادىـسىنى تاپقان. ئادالەتـسىزلىـك، زالىـملىق، ۋاپاسـىزلـىق، مەكـكارلىـق، ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، رىياكارلىق، خۇشامەت-چىلىك رەھىمسىزلارچە دۇمبالانغان ۋە ۋىجدانىي جازاغا تارتـىلغان. ناۋايى بۇ خىل ئەنئەنىۋى تـېمىلارنى ئـۆزىـگە خاس تەپەكـكۇر ۋە ماھارەت بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەپلا قالماسـتىن، مۇھىـمى ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى كونكرېت ئـىجتىمائىـي مۇناسـۋەتـلەرنى، رېئال رىددىيەتلەرنى بىۋاستە كۆزىتىپ، زامانىغا بولغان مۇناسىۋىتىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.
ناۋايىـنىڭ زامانـىغا بولغان مۇناسـۋىـتىنىڭ تـۈپ ماھىيـىتى نارازىـلىق. ئۇنىڭ ھاياتىي ناھايىـتى مۇرەكـكەپ، ئازابـلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دراماتىك جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ زامان ئىللەتلىرىنى داۋالاش يولىدا قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، جاھالەت كۈچلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ توسقۇنلۇقى ۋە زەربىسىگە ئۇچرىدى، جەددىي پەيتلەردە بەزى دوستلىرى ۋاپاسىزلىق قىلدى. قەدىرناس دوستى پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا بارا-بارا چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، ناۋايىغا بولغان ئەقىدىسىدىن چېكىندى. ۋاپاغا جاپا ئۇنىڭ زامان ۋە زامان ئەھلىگە بولغان نارازىلىقىنى كۈچەيتتى.

كۆرگۈزۈپ ئەغيار يۈز تۆھمەت نىھانى، نەيلەيىن،
يارىكىم سورىماي ئىنانۇر، بۇ بەلانى نەيلەيىن.

ۋەھكى، ئۆمرۈم بارچە زايىئە ئۆلدى ئەل كامى بىلە،
بادەئى ناب ئورنىغە خۇنابە ئاشامى بىلە.

ناۋايىنىڭ زامانغا نىسبەتەن نارازىلىق ۋە تەشۋىشلىرى ئەنئەنىۋى سۈژىتلار ئاساسىدا يېزىلغان ئېپىك داستانلىرىغىمۇ ئىزچىل سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن: «سەبئەئى سەييار» داستانىدىكى بەھرامنىڭ مەنمەنلىكى، كەيپ-ساپاغا بېرىلىشى ۋە ئاخىرقى پۇشايمانلىرى، ئەينى زاماندا چۈشكۈنلەشكەن پادىشاھ ھۈسەيىن بايقاراغا قارىتا دارىتمىلىق ئاغرىنىش، ئەيىبلەش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. شۇنىڭدەك، داستانلاردىكى سەلبىي تىپلاردا ئۆز زامانىسىدىكى، بولۇپمۇ ئوردا ئىچىدىكى ئاچكۆز، مەنسەپپەرەس، ساختىپەز، ھەسەتخور، سۇيىقەستچىلەرنىڭ نەپرەتلىك ئەپتى-بەشىرىسى ئەكس ئەتكەن. شۇڭلاشقىمۇ مەجىددىدىن، نىزامۇلمۇلك ئوخشاش رەزىللەرنىڭ ناۋايىغا بولغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلار بۇ ئالاقزادىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ناۋايىنىڭ ئۇلارنى

لەت قىلىشىنىڭ تېگىدە پادىشاھقا قارشى خەۋپلىك خىرىس بار دەپ چېقىمچىلىق قىلدى. پادىشاھنىڭ بەتكۇمانىدىن مەدەت ئالغان بۇ دۈشمەنلىك ناۋايىغا قانچە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىسىمۇ، لېكىن ناۋايىنىڭ مۇزەپپەر ۋىجدان بايرىقى ھامان لەپىلدەپ تۇردى. بىز ناۋايى ئىجادىيىتىدىكى بۇ جەسۇرانە روھتىن ئەدەبىياتتىكى "تەگكۈزۈش"نىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى كۆرىمىز.

زامانغا بولغان نارازىلىق ناۋايىنىڭ مەي توغرىسىدىكى لىرىكلىرىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، رېئال ھاياتتىكى ناھەقچىلىقنى سېزىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئازاب. بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر ئامالى — مەستلىك. مەي (بادە) بولسا ئازابقايغۇدىن قۇتۇلدۇرغۇچى شادلىق مەنبەسىگە ئىگە:

ئەي نەۋائى، بادە بىرلە خۇررەم ئەت كۆڭلۈڭ ئۆيىن،
نە ئۈچۈنكىم، بادە كەلگەن ئۆيگە قايغۇ كەلمەدى.

دېمەك، ناۋايى مەينىڭ ئەنئەنىلىك ئەدەبىي مەنىسىدىن پايدىلىنىپ، مەي ئىچىش (سەزمەس بولۇۋېلىش) ئارقىلىق زامانغا بولغان نارازىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

زەمان مېهنەتىدىن بىر زەمان دېسەڭ قۇتۇلغاي،
تولا ـ تولا قۇيۇبان، ئىچ زەمان ـ زەمان بادە.

رىياكار زاھىدلارنىڭ مەيدىن يىرگىنىشى ناۋايىنىڭ ئاچچىق كۈلكىسىنى قوزغايدۇ. چۈنكى رىياكار زاھىدلار مەيدىن يىرگىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى پاك قىلىپ كۆرسەتمەكچى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ "پاكلىق" نىقابى ئاستىدا ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا ناۋايى ئۇلارنىڭ زىتىغا مەيخانىنى خانىقاغا، مەستلىكنى ساختا تەقۋادارلىققا قارشى قويىدۇ، بۇ رىياكارلىققا قارىتا ھەقىقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىرگىنىش. دېمەك، بۇ يەردە مەي ئىچىش رىياكارلارغا قوشۇلۇپ قالماسلىق، ئۇلاردىن يىرگىنىش مەنىسىگە ئىگە:

مەي خالاس ئەتتى رىيايى پارسالىقدىن① مېنى،

شۈكرىكىم، قۇتقازدى زۆھدۇ خۇددەمالىقدىن② مېنى.

ناۋايى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ قەدىمىي تېمىسى بولغان، جۈملىدىن شەرق شېئىرىيىتىدە كۈچلۈك، ئىزچىل ئەنئەنىگە ئايلانغان ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىغا ئەڭ كەڭ ئورۇن بەردى، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتتى، تېخىمۇ جىلۋىلەندۈردى.

ناۋايىنىڭ مۇھەببەت چۈشەنچىسىدە، ئىنسانىي مۇھەببەت خۇداغا بولغان مۇھەببەتتىن ئايرىلمايدۇ، ئىنسانىي مۇھەببەت خۇداغا بولغان مۇھەببەتنىڭ بېقىندىسى، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە رېئال مۇھەببەت، يەنى ئىنسانىي مۇھەببەت يەنىلا ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. ناۋايىنىڭ قارىشىچە، مۇھەببەت، جۈملىدىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئادەم تەبىئىتىدىكى ئەڭ نازۇك تۇيغۇ؛ ئۇ چوڭقۇر تەسىر ۋە قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئەقىل ـ ئىدراكنى ئۆلچەيدۇ، نازارەت قىلىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەر ئۇنىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك، تەسىرلىك، جانلىق ئوبرازىنى تاپقان. بىز داستاندىكى خوتەن شاھزادىسى بىلەن ئەرمەن مەلىكىسىنىڭ ئىشقى مۇناسىۋىتىدىن چىن مۇھەببەت رىشتىگە جەملەنگەن ئاجايىپ ئېسىل مەنىۋى جاۋاھىرات تىزمىسىنى كۆرىمىز.

---

① پارسالىق ــ تەقۋادارلىق، پەرھىزكارلىق.

② خۇددەمالىق ــ ماختانچاقلىق، شۆھرەتپەرەسلىك.

ناۋايى ئىجادىيىتىدە شۇ نەرسە ناھايىتى ئىزچىل ئىزھار قىلىنغانكى، مۇھەببەت ئالدىدا ھەممە باراۋەر. مەيلى شاھ بولسۇن، مەيلى گاداي بولسۇن، ھەممىسى مۇھەببەت ئالدىدا قۇل.

قۇلمەن ئىشقىنىڭكىم، تاللامايدۇر

مۇھەببەت شىۋەسىدە شەھنى قۇلدىن.

شاھلىقنىڭ دەخلى يوق ئىشقۇمۇھەببەت كويىدە

كىم كېرەك ئاندا سارىخ، يۈز، لەئىلىگۇن، ئەشك ئوتلۇغ ئاھ.

دېمەك، مۇھەببەت ھېچقانداق ئىمتىيازنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ پىكىر ناۋايىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپقان. لەيلىنىڭ نەزىرىدە قەيس مەجنۇن بولسىمۇ ئەڭ سۆيۈملۈك، شۇنىڭدەك، لەيلىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك. بۇ يەردە بىرسىنىڭ نامرات، بىرسىنىڭ باي پەرزەنتى ئىكەنلىكى ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. ھەقىقىي مۇھەببەت ئالدىدا تاپا-تەنىلەر، كوشەندىلەرنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقى، ھىجران، خارلىق ئازابلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، بەلكى بۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ تاۋلايدۇ.

ناۋايى ئىجادىيىتىدىكى چىن مۇھەببەتنىڭ جېنى — سادا-قەتلىك، ۋاپادارلىق. ئاشىقلار بىر-بىرسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيۈشى كېرەك. ھىجران ئازابىنىمۇ خۇددى ۋىسال راھىتىدەك كۆرۈپ، ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك. چىن مۇھەببەتنىڭ قىممىتى جاندىن ئەلا.

كۆڭلۈم ئۆرگەنسۇن ئەگەر غەيرىڭگە پەرۋا ئەيلەسە،

ھەر كۆڭۈل ھەمكىم سىنىڭ شەۋقىڭنى پەيدا ئەيلەسە.

نەۋائى، ساڭا گەر ياردىن غەرەزدۇر يار،
جەپايۇ لۇتفىينى كۆرسەڭ كېرەك بەرابەر خۇش.

جاننى جانان ئىستەسە، بەرگىل نەۋا ئىيكىم، ئەمەس
ئاشقى سادىق، نىكىم جانان تىلەر، تاپشۇرماغان.

بىز ناۋايى لىرىكىلىرىدىن رەشىك كۈيىنىمۇ تىڭشايمىز، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ چاكىنا قىزغانچۇقلۇق ھېسسىياتى ئەمەس، بەلكى چىن مۇھەببەت ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك مۇھەببەتنى قەدىرلەش، ئاسراش تۇيغۇسى، ئەقىدە غۇرۇرى، مۇھەببەت كۈشەندىسىگە قارىتا قوزغىلىدىغان ئالىيجاناب نەپرەتنىڭ ئىپادىسى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ناۋايى لىرىكىلىرىدىكى "يار" بەزىدە ئۇنىڭ زاماندىش دوستلىرىغا — چىن دوستلىرىغا، ئايىنغان ياكى يالغان دوستلىرىغا قارىتىلغان. شائىر بۇ ئارقىلىق چىن دوستلۇققا، ۋاپادارلىققا يۈرەك ئالقىشىنى ياغدۇرۇپ، مۇناپىقلىققا، ۋاپاسىزلىققا نەپرەت تىغىنى سانجىيدۇ. بۇنىڭدا ناۋايىنىڭ ئېلغار ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى، زامانىغا بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن.

ناۋايى ئىجادىيىتى تېماتىكىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكى مەزمۇنىنىڭ ئىنتايىن مول بولۇقى بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. گەرچە ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىدىيولوگىيىسىگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا پاسسىپ ئامىللاردىن خالىي ئەمەس، بۇ پاسسىپلىق ئاساسەن، ھاياتنىڭ مۇرەككەپ ئوبيېكتىپ زىددىيەتلىرى ئالدىدا سەزمەس بولۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشىدا، ھەتتا "فەنا" (يولۇقۇش) شارابىدىن تەسەللى ئىزدەش خاھىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق

خاھىشنى تەسەۋۋۇرنىڭ تەسىرى دېيىشمۇ مۇمكىن. لېكىن شۇلىسى ئېنىقكى، ناۋايى ھەرگىزمۇ تەركىدۇنيالىقنى تەركىب قىلغۇچى ئەھمەد يەسەۋىي مەكتىپىگە مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئۇ پىرئۇستازى بولغان ئابدۇراھمان جامىي ئارقىلىق رېئال دۇنيانى مۇھىم بىلىدىغان، مەلۇم ماتېرىيالىستىك ئامىللىرىغا ئىگە بولغان نەقشىبەندىچىلىككە مايىل. شۇڭا ئۇنىڭ "فەنا" شارابىدىن تەسەللى ئىزدەش خاھىشى ئۇنىڭ توپ، ئىزچىل ئىدىيىسى ئەمەس.

بىز ناۋايى ئىدىيىسىدىكى پاسسىپ ئامىللارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ توپ سەۋەبىنى مۇئەييەن تارىخىي چەكلىمىدىن ئىزاھلىشىمىز كېرەك. بۇ خالىي بولۇشقا مۇمكىن بولمىغان پاسسىپ ئامىللار ناۋايىنىڭ ئۇلۇغۋار سىماسىنى ھەرگىزمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىلى، ئاكتىپ گۇمانىزىمىنىڭ ئۇلگىسى بولۇش بىلەن بىللە، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەڭگۈ ئۆلمەس شانلىق پىكىر دۇردانىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر.

ئەلىشىر ناۋايىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئادەم ئەقلىينى تېڭىرقىتىدۇ. ئۇ مىللىي ئەدەبىي مىراسلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە پارس شېئىرىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى جانلىق قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، زور ناۋاتورلۇقنى جارى قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۈكسەك چوققىغا چىقتى.

ناۋايىدىكى ناۋاتورلۇق ئالدى بىلەن غەزەلچىلىكتە گەۋدىلىنىدۇ. ئاتائىي، سەككاكىي، لۇتفىيلار چاغاتاي تىلىدىكى غەزەلچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭ مىللىي غەزەلچىلىكنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۈكسەك سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتە پارس غەزەلچىلىكىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىشى ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى ناۋائىينىڭ مۇنۇ نۇقتىئىسىدىنمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

غەزەلدە ئۈچ كىشى تەۋرىدۇ① ئۇل نەۋگ
كى ئاندىن ياخشى يوق نەزم ئېھتىمالى.
بىرى — مۆجىز بەيانلىق ساھىرى ھىند،
كى ئىشق ئەھلىنى ئۆرتەر سوزۇھالى②.
بىرى — ئېيسانەفەسلىك رىندى شىراز،
فەنا دەيرىدە مەستۇ لائۇبالى③.
بىرى — قۇدس ئەسەرلىك ئارىفى جام④
كى جامى جەمدۇرۇر سىنغان سەفالى.
نەۋائى نەزمىغە باقساڭ، ئەمەستۇر
بۇ ئۈچىنىڭ ھالىدىن بىر بەيتى خالى.
ھەمانا كۆزگۇدۇركىم ئەكس سالمىش
ئاڭا ئۈچ شوخ مەھۋەشنىڭ جەمالى.

ناۋائىي بۇ قىتئەسىدە ئۆز غەزەلچىلىكىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن پارس غەزەلچىلىكىنىڭ ئۈچ چوڭ ۋەكىلى — خۇسراۋ دېھلەۋىي، ھافىز شىرازى، ئابدۇراھمان جامىينى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى — خۇسراۋ دېھلەۋىينىڭ مۇھەببەتنى كۈيلەشتىكى سەمىمىيلىكى ۋە

① تەۋر — يوسۇن.
② سوزۇھالى — كۆيدۈرۈشى ۋە مەپتۇن قىلىشى.
③ لائۇبالى — پەرۋاسىز.
④ ئارىفى جام — دانالىق جامى.

يۇرەك دەردىنى ئىپادىلەشتىكى جاسارىتىنى: ھافىز شىرازىنىڭ مەستانە، رومانتىك كەيپىياتىنى ۋە ئابدۇراھمان جامىنىڭ مەنىۋى پاكلىقىنى ئالاھىدە قەيت قىلىدۇ. بۇ ئوبرازلىق ئىخچام بايان ناۋائىينىڭ غەزەلچىلىكتە بۇ ئۈچ ئۇلۇغ سىمادىن نېمىنى ئۆلگە ئالغانلىقىنى ئوچۇق چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ناۋائىيدىن بۇرۇنقى غەزەلچىلىكتە قاپىيە ۋە رادىفلار ئېتىبارى بىلەن بىر غەزەلدە نەچچە مەزمۇن ئىپادىلىنىپ، ئاساسىي پىكىردىن يىراقلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك ئىدى. ناۋائىي بولسا، بىر غەزەلدە ئاساسىي پىكىرنى ئىزچىللىق بىلەن گەۋدىلەندۇرۇشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. بۇ ھەقتە ناۋائىي ئۆزىمۇ ھەربىر غەزەلدە باشتىن ئاخىرىغىچە مەنە ۋە تەسۋىرلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇيغۇن ۋە مۇۋاپىق بولۇشىغا كۈچ چىقارغانلىقىنى بايان قىلغان. دېمەك، ناۋائىيدا پىكىرنى قاپىيە، رادىف ياكى ۋەزىنلەر ئېلىپ قاچمىغان. ئۇ، بۇ بەدىئىي شەكىللەرنى مەزمۇن رىشتىسىگە مەھكەم باغلاشقا تىرىشقان.

ناۋائىي مىللىي خەمسىچىلىكنىڭ ئاتىسى ئىدى. ئۇ پارس ئەدەبىياتىدىكى خەمسىچىلىكتىن ئۈلگە ئېلىپ، نىزامىي گەنجەۋىي، خۇسراۋ دېھلەۋىي ۋە ئابدۇراھمان جامىيلارغا ئىجادىي يانداشىپ، مىللىي خەمسىچىلىكنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى ياراتتى. گەرچە ئۇ خەمسىنى ئەنئەنىلىك سۇژېتلار ئاساسىدا يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۇژېت ۋە كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشىغا يېڭىلىق كىرگۈزدى. بەزى مۇھىم قەھرىمانلار ئوبرازىنى قايتىدىن ياراتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇشۇ خىل پەلسەپۋى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى سىڭدۇردى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ناۋاتورلۇقى، بولۇپمۇ «فەرھاد ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شېرىن» داستانىدا ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن.

ناۋايى شېئىرىيەتتە، بولۇپمۇ غەزەلچىلىكتە ئارۇز ۋەزنىنى ناھايىتى كەڭ ۋە ئەركىن جارى قىلدى. ئۇ، بۇ ۋەزىننى مىللىي شېئىرىيەت ۋەزىن شەكىللىرى بىلەن تېخىمۇ بېيىتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ۋەزىن شەكىللىرىنى مەزمۇن تەلىپى بويىچە تاللىدى، يەنى نەزم ۋەزنىنى يۈرەك كۈيىگە تەڭكەش قىلدى. بۇ ناۋايى شېئىرىيىتىنىڭ شەكىلۋازلىقتىن خالىي بولۇشىنى تەمىنلىگەن مۇھىم بىر ئامىل.

ناۋايى ئىستىلىستىك يەنى بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاسىتىلەرنى ماھارەت بىلەن جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئاجايىپ جىلۋىدار ئۈلگىسى. بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە مىساللاردىنمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ناۋايى ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بولغان ئوخشىتىش سەنئىتىگە ئىنتايىن ماھىر. تۆۋەندىكى غەزەل بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ:

كۆز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈپ،
تىفل① يەڭلىغكىم يۈگۈرگەي ھەر تەرەف ئاھۇ كۆرۈپ.
قالدى ھەيران زاھىد ئەشكىمدە كۆرۈپ ھەريان ھۇباب②
رۇستايىدەككى③ ھەيرەت ئەيلەگەي ئوردۇ كۆرۈپ.
جان ئارا تىغىڭ كۆرۈپ كۆڭلۈم قۇشى تۈزدى نەۋا،
تۇتىيدەككىم تەكەللۇم ئەيلەگەي كۆزگۈ كۆرۈپ.
ۋادەئى ئىشقىڭ مەكان قىلدى كۆڭۈل كۆرگەچ بۇزۇق،
ئەل بىيابان ئىچرە مەنزىل ئەيلەگەندەك سۇ كۆرۈپ.

① تىفل — كىچىك بالا.
② ھۇباب — كۆپۈك.
③ رۇستايى — سەھرالىق.

جاندا ئۆز داغىن كۆرۈپ ئاشىقلىقىمنى ئاڭلاندى،
ئول كىشىدەككىم تانىغاي ئۆز قۇلىن بەلگۈ كۆرۈپ.
بادە تۇتقاچ دىمە بىخۇد ئولدىكىم ئول كۆزگۈدىن،
باردى ھوشۇم يار ھۆسنى جىلۋەسىن ئوترۇ كۆرۈپ.
ئەي نەۋائى، دەفە ئولۇر خالىن كۆرۈپ كۆھى غەمىم،
فىل يەڭلىغكىم ھەزىمەت① ئەيلەگەي ھىندۇ كۆرۈپ.

بۇ غەزەلنىڭ ھەربىر بېيىتى ئوخشىتىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ بەزىسى شەكىل جەھەتتىكى، بەزىسى ھەرىكەت جەھەتتىكى، بەزىسى ماھىيەت جەھەتتىكى ئوخشىتىشلار بولۇپ، ھەممىسى تۇپ مەزمۇننى چۆرىدەپ پىكىرگە جۇلا بەرگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قاپىيەمۇ ئوخشىتىش ياكى ئوخشىتىشقا زىچ مۇناسىۋەتلىك جۈمىلىلەر بولۇپ، پىكىرنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن، "كۆرۈپ" رادىفى تۇپ پىكىرنى ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ھالقا. ئۇنىڭ پىكىرنى مەركەزلەشتۈرۈش، نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ. بۇ غەزەلدە يەنە سۈپەتلەشنىڭمۇ نۇرغۇن گۈزەل ئۈلگىلىرى بار.

تاجىلۋە قىلدى ئول سەنەم، لەيلى سۆزى② بولدى ئەدەم
سەۋدام ئوتى چەككەچ ئەلەم، پەست ئەتتى مەجنۇن شۆھرەتىن.

بىز بۇ مىسرالاردىن جانلاندۇرۇشنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئۈلگىسىنى كۆرىمىز. بۇ يەردىكى "سەنەم" لىرىك قەھرىماننىڭ مەشۇقى. ئۇنىڭ جىلۋىسى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا لەيلىنىپ ئىشق ئوتى بېسىپ چۈشكەن يالقۇن سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. شۇنداقلا، لىرىك

① ھەزىمەت — ئارقىغا قايتىش.
② سۆزى — ئوت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەھرىمان ئۆز سەۋداسى بىلەن مۇھەببەت مەيدانىدا مەجنۇن بىلەن مۇسابىقىلىشىپ قالىدۇ. بىز بۇ يەردە لىرىك قەھرىمان سەۋداسىنىڭ مەيدانىدا بايرىقىنى جەۋلان قىلىپ، قەيسىنىڭ مەجنۇنلۇق شۆھرىتىنى سۇندۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

ناۋايىنىڭ سۆز (ھەرپ) ئويۇنىمۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدۇ.

مېھر ئاڭلاپ ئاشىق ئۆلدۈم، سۇڭرە يەتتى كۆھى غەم،
نى ئەجەب، ئىشق ئىبتىداسى ئەين ئېرۇر، پايانى قاف.

بۇ بېيىتنىڭ ئالدىنقى مىسراسىدا لىرىك قەھرىماننىڭ دەسلەپ مەشۇقىدىن مېھرىبانلىق ئالامىتىنى كۆرۈپ ئاشىق بولغانلىقى، كېيىن، ئەكسىچە، غەم تېغى ئاستىدا قالغانلىقى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن. كېيىنكى مىسراسىدا بولسا، بۇ پىكىر ھەرپ ئويۇنى ئارقىلىق باشقىچە بىر مەجازى ئىپادە تاپقان — "ئىشق" دېگەن سۆز ئەرەبچە "ئەين" ھەرپى بىلەن باشلىنىدۇ "ئەيىن" قۇياش ياكى يورۇقلۇق دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە. "ئىشق"نىڭ ئاخىرقى ھەرپى "ق" يەنى "قاف"، بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى كۆھىقاپ. بۇ يەردە ھەرپ ئويۇنى ئارقىلىق ئىشق دەسلەپتە ماڭا قۇياشتەك يورۇق كۆرۈنۈپ، ئاخىرى كۆھىقاپ ئازابىنى كۆرسەتتى، دېگەن مەنە گەۋدىلەنگەن.

ناۋايى رۇبائىيچىلىقىنىڭمۇ مەشھۇر ۋەكىلى. ئۇ ئۆز رۇبائىيلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە دانالىق بىلەن جاۋاب بەرگەن، پەلسەپە قاراشلىرىنى ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلىگەن. شۇنىڭدەك تۇيۇق، مۇئەمالىرىدا تىل سەنئىتىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل جىلۋىسىنى كۆرسەتكەن.

ناۋايىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ مۆجىزىلىك ئىجادىيەت خەزىنىسىگە قانچە

ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، گويا بىر سېھرىي كۇچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك، شۇنچە چوڭقۇر مەپتۇنلۇق ۋە ھاياجان ئىچىدە قالىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ سەنئەتكارلىقى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ئىپتىخارى بولۇپ قالدى.

ناۋايى يەنە ئەدەبىي تىل، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت، ئۆز ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بىر قىسىم زاماندا شلىرىنىڭ ھاياتىي ۋە پائالىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. بۇ ئەسەرلەر تارىخىي، ئىلمىي ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى قىممىتى بىلەن ناۋايى مىراسىدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۈبھىسىزكى، بەش يۈز يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ناۋايىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ مۇشۇ يىللار جەريانىدىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئۆلگىسى بولغىنىدەك، بۇندىن كېيىنمۇ يەنە مۇھىم ئۈلگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق بىر خۇلاسە كېلىپ چىقىدىكى، ناۋايىنىمۇ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يېڭى جۇڭگو ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭمۇ تەرەققىيات ئېھتىياجى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «ئابدۇللا ئارىپوۋ شېئىرلىرىدىن تاللانما»غا كىرىش سۆز

ئابدۇللا ئارىپوۋ — بۈگۈنكى سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزبېك سوۋېت شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

ئابدۇللا ئارىپوۋ — شېئىرىيەتتە مىللىي ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئۇلۇغ بولغۇدەك نەتىجە يارىتالىغان شائىر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىسقا شېئىرلىرى ھەجىمىنىڭ ئىخچاملىقى، ھېسسىياتىنىڭ نازۇكلۇقى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەسەۋۋۇرىنىڭ جىلۋىدارلىقى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە بەك مەپتۇن قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل شېئىرلىرىنى سەممىي مۇھەببەت، ئالىيجاناب ئەخلاق، جۇشقۇن پەلسەپە لىرىكىسى دېگۈم كېلىدۇ.

ئابدۇللا ئارىپوۋ شېئىرلىرىغا جۇڭگو ئۇيغۇر كىتابخانلىرىمۇ بەك زوقمەن. بۇ توپلام ئەنە شۇ زوقمەنلىكنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلدى.

ئابدۇللا ئارىپوۋ ۋە باشقا سوۋېت ئۆزبېك يازغۇچى-شائىرلىرى ئەسەرلىرىنىڭ ئېلىمىزدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى يېقىن دوستلۇقىنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئەنئەنىسىنىڭ

يېڭىچە داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىشكىنى ئېچىۋېتىشنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى. بۇ، ئىسلاھاتنىڭ ئېھتىياجى، بۇنداق ئەنئەنىنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ ھېچقىمىغا پايدىسى يوق.

ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەدەنىيەت جاھانىنىڭ ھەممە يېرىگە توسالغۇسىز بارالايدۇ ۋە سىڭىدۇ.

1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شائىرنىڭ ئانىسى خەلق، ئۇ ئانىنى رازى قىلىش بىلەنلا قەدىرلىك

مەن شېئىر يازغىلى تۇرغىلى قىرىق يىل بولۇپ قاپتۇ. بۇ جەرياندا "ئۇششاق ـ چوڭ، پىششىق ـ توڭ" بولۇپ، تەخمىنەن بىرەر مىڭ پارچىغا يېقىن شېئىر يېزىپتىمەن. ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئېلان قىلىنغان بولسا كېرەك. مېنىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى قىرىق يىللىق قەدىمىمدىن قانداق ئىزلار قالغانلىقى كىتابخانلارغا ناھايىتى ئېنىق.

دەسلەپكى يازغانلىرىمدا بالىلارچە ساددىلىقنىڭ، دورامچىلىقنىڭ پۇرىقى قويۇق. بارا ـ بارا قېتىقىنىپ ئۆگىنىش، تۇرمۇشنى ئاڭلىق كۆزىتىش نەتىجىسىدە شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تونۇشۇم ئۆسكەنسېرى، بولۇپمۇ "ئېچىلىش ـ سايراش" يۆنىلىشىنىڭ جاكارلىنىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ياخشى ھاۋانىڭ ئىلھامبەخش پەيزىدە يازغانلىرىمدا ئىجادىي ئىزدىنىش ئامىللىرىمۇ كۆپىيىپ باردى. بىراق، كېيىنرەك "سول"چىل ئىدىيىۋى ئېقىم ھۆكۈم سۈرگەچكە، ئىجادىيەت يولى تولىمۇ تار، ئەگرى ـ توقاي ۋە ئەنسىز بولۇپ كەتتى ـ دە، تېما جەھەتتىكى قاتمال چەكلىمىلەر، تېمىنى قانداق مەدھىيىلەش، تېمىنى قانداق ئەيىبلەش ھەققىدىكى چاكىنا بەلگىلىمىلەر، ئىجادىيەتنى باھالاشنىڭ بىمەنە نوقۇل سىياسىي ئۆلچەملىرى، جۈملىدىن

ئەدەبىيات تەنقىدى نامىدىكى سەپسەتە ۋە كالتەكلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇۋەتتى. ئومۇمىي ھەقىقەتتىن بىر تەرەپلىمە ھالدا يۇلۇۋېلىنغان ئىنقىلابىي ئىبارىلەر ۋە تەنتەنىلىك چاقىرىقلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى، زورلاپ تېڭىلغان زاكازچىلىق بېسىمى، ۋە كالتەكچىلىك ۋەھىمىسى ئالدىدا "سول"چىللىقنىڭ پەدىسىگە چۈشمەيدىغان مۇقاملىرىغا دوست تارتىش شېئىرىيىتىمىزنى ئاز چۈنۈكلەشتۈرمىدى. مەنمۇ شۇنداق دوست تارتىشتىن خالىي بولالمىدىم. دېمەك، مېنىڭ قىرىق يىللىق ئەدەبىي پائالىيەت يولۇمدا خەلق ياقتۇرىدىغان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ خۇشالمەن، شۇنىڭدەك خەلق ياقتۇرمايدىغان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن خىجىلمەن.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى توغرا ئىزغا چۈشتى. "سول"چىللىقنىڭ كاساپىتىدىن بولۇپمۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دېگەن ئاپەت دەستىدىن مۇجۇلغان يۈرەكلەر قايتا ياشاردى. ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمۇ قايتىدىن جانلىنىپ، جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن مەنمۇ يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدۇم، بولۇپمۇ "سول"چىللىق دېگەن روھىي كىشەندىن ئازاد بولغانسېرى چىنلىققا، سەنئەتكە سادىق بولۇشنىڭ، خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يېڭىباشتىن ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىشكە باشلاپ، ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىش غەيرىتىم ئۆستى، ئۈمىدىم كۈچەيدى، ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ ئىزدىنىپ، تۇرمۇش پاكىتلىرىدىن بىۋاسىتە ھاسىل قىلىنغان شېئىرىي ھېسسىياتلىرىم ئارقىلىق دەۋر

www.uyghurkitap.com

ئۇنتۇرىغا قويغان سوئاللارغا چامىسىنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. لېكىن ھوسۇلۇم يەنىلا جامائەتچىلىكنى رازى قىلىشتىن يىراق.

بىز ھازىر شۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىزكى، تۈنۈگۈنكى يېڭىلىقلار بۈگۈنكى يېڭىلىقلار ئالدىدا چېكىنىپ قېلىۋاتىدۇ. كۈنساناپ بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلارغا ماسلىشىش ئاسان ئەمەس. خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى يېڭىلىقلارنى كونا قاتمال رامكىلار بويىچە چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىرمۇ ھاياتنى تەرەققىياتنىڭ يېڭى سەۋىيىسىگە لايىق نەزەر بىلەن كۆزىتىشى شۇنىڭغا لايىق تىل ۋە كۈي تېپىشى لازىم. بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بولۇپمۇ بىز قۇراملىقلارغا ئوڭاي چۈشمەيدۇ. لېكىن خەلقتىن ئايرىلمىساقلا، ئۆگىنىشتىن چېكىنمىسەكلا يەرگە قاراپ قالماسمىز، شائىرنىڭ ئانىسى خەلق، ئۇ ئانىنى رازى قىلىش بىلەنلا قەدىرلىك.

ئەل نېمىگە سۆيۈنسە زوقلانساڭ شۇڭا،
ئەل نېمىدىن يىرگەنسە ھومايساڭ ئاڭا،
ئالقىش تۇرماق راھەتتۇر ھەتتا ھاقارەت،
بۇندىن ئارتۇق ئىپتىخار نەھاجەت ساڭا.

بۇ توپلامنىڭ «تاللانغان شېئىرلار» دېگەن نامى پەقەت بۇنىڭدىكى شېئىرلار باشقا شېئىرلىرىمغا نىسبەتەن بىرقەدەر تۈزۈك دېگەن مەنىگىلا ئىگە.

توپلامنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا بىر قىسىم شېئىرلارنى مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتە بىرئاز تۈزەتتىم، تەھرىرلىك تەلىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن بەزى جايلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدۇم.

# يولداش نەجمىدىنگە خەت

سىزنىڭ دەردمەن روزى شەيخىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈ-
زەشتىلىرى ھەققىدە يازغان «ئەرزىيەت 1» دېگەن داستانىڭىزنى
ئوقۇپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. چۈنكى بىزدە مۇنچىلىك چوڭ
ۋەقەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان داستاننى تېخىچە ھېچكىم يېزىپ باققان
ئەمەس. ئۆزىڭىزنىڭ يېڭى ياش ئىجاد كۈچىڭىزنى بىرىنچى قېتىم
مۇشۇ چوڭ بىر ئەسەرگە بېغىشلاپ، ئۆتمۈشنىڭ ئېغىر ۋە دەھشەت-
لىك كۆلپەتلىرىنى شېئىر بىلەن كۆرسىتىپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈن مەن
سىزنى تەبرىكلەيمەن. بۇ ئەسەرىڭىز يالغۇز مېنىلا ئەمەس، خېلى
كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى. بەزى يولداشلار يېزىدا بۇ داستاننى
دېھقانلارغا ئوقۇپ بەرگەندە ئۇلار چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ كۆزلىرىگە
ياش ئالغان. مانا بۇ ئەھۋال سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنىڭ ئەمەلىي
كۈرەشكە ماسلىشالىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەن، سىزنىڭ مۇندىن
كېيىن بارلىق ئەسىرىڭىزدە ئەمەلىي كۈرەشكە ماسلىشىش كۈچىنىڭ
كۆپ ۋە تولۇق بولۇشىنى تىلەيمەن.

بىراق "ئۈتۈق بار جايدا كەمچىلىك بار" دېگەندەك، سىزنىڭ بۇ
داستانىڭىزمۇ كەمچىلىكتىن خالىي بولالمىغان. چۈنكى بۇنىڭمۇ مەلۇم
سەۋەبلىرى بار. بۇ نەرسە سىزنىڭ ۋەقەنى مۇكەممەل يىغالمىغان-
لىقىڭىز ۋە ئۇنى خەلققە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ۋە تەسىرلىك قىلىپ
بېرەلمىگەنلىكىڭىز، قىسقىسى، مۇشۇ جەھەتتە تېخى سىزنىڭ تولۇق

ئۆگىنىپ يەتمىگەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىزگە مۇشۇ خەت ئارقىلىق داستانىمىز ئۈستىدە بىرقانچە پىكىر-لىرىمنى يوللىماقچىمەن.

بىرىنچى، روزى شەيخنىڭ فېئودال-كرېپوستنىك زەنجىرىگە باغلىنىپ، كۆرگەن كۈننى، ئېزىلىش-ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشىنى خېلى تولۇق يازغانسىز. بۇنى ئوقۇغان ئادەم ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ۋە دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ ۋە ئۆتمۈش جەمئىيەتكە نەپرەت ئوقۇيدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ھاياتى توغرۇلۇق سىز ھېچنېمە كۆرسەتمەپسىز. بۇنى كۆرستىشنىڭ (قىسمەن بولسىمۇ كارتىنا كۆرستىشنىڭ) ئەھمىيىتى بار ئىدى. چۈنكى ئۆلكىمىزنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ھاياتى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان ئىككىنچى بىر تۈسكە ئۆزگەردى، شۇنىڭدەكلا روزى شەيخقا ئوخشاش دەردمەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ھاياتىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. مانا بۇ ئۆزگىرىشلەر كۆرستىلگەندە مۇشۇ ياخشى كۈرۈنۈشلەر ئالدىدا ئۆتمۈشنىڭ قاراڭغۇ ۋە دەھشەتلىكلىكى ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ خۇنۇك ۋە قەبىھ بىرنەرسە بولۇپ گەۋدىلىنەتتى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا دوكلات بەرگەندە سىزمۇ بار ئىدىڭىز. شۇ دوكلاتتا يولداش سەيپىدىن ئەزىزى، بىزگە يالغۇز ئۆتمۈشنى كۆرستىشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئازادلىقتىن كېيىنكى ياخشىلىقلارنىمۇ كۆرستىپ، ئوقۇغۇچىغا مۇشۇ ئىككى دەۋرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرستىپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى جېكىلىگەن ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن توغرا گەپ. سىزنىڭ داستانىڭىزنىڭ ئەسلى ئورىگىنالىدا ئازادلىقتىن

كېيىنكى ئەھۋاللار زادىلا يوق دېيەرلىك ئىكەن. ژۇرنالغا بېسىلغاندا رېداكتور تەرىپىدىن ئازراق بىرنەرسە قوشۇلغان، لېكىن بۇمۇ يېتەرلىك ئەمەس. مانا مۇشۇ ئەھۋالنىڭ ياخشى گەۋدىلەنمىگەنلىكى ئەسىرىڭىزدىكى خېلى گەۋدىلىك بىر كەمچىلىكنى شەكىللەندۇرۇپتۇ. چۈنكى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. بىز، سىزنى مۇشۇ ئۆزگىرىشتىن قەستەن كۆز يۇمۇپ كۆرسەتمىدى دېگەن خۇلاسىنى چىقارمىساقمۇ، سىزدەك ئەمەلىي ھەرىكەتكە خېلى قاتناشقان، پارتىيە تەلىم-تەربىيىسى ئارقىسىدا ھەر جەھەتتىن خېلى ئالغا باسقان بىر كىشىگە مۇناسىپ ئەمەس.

ئىككىنچى، داستانىڭىزنىڭ شېئىر كۈچى ياكى لىرىكا كۈچى خېلى تۆۋەن. داستاننىڭ ئاساسىي خاراكتېرىدىن بىرى ئۇنىڭ لىرىكا كۈچىگە ئىگە بولۇشىدىندۇر. پەقەت ۋەقەنى ئاددىي تىل بىلەن سۆزلەپ بېرىش شېئىر بولمايدۇ. ئۇنى چوڭقۇر ھېسسىيات قوزغايدىغان لىرىك تەسۋىرلەر بىلەن كۆرسەتكەندە، ئوقۇغۇچىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرات ئىچىگە چۆمدۇرۇش مۇمكىن. يالغۇز ۋەقەنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە يۆلىنىش بىلەنلا ئەسەرنى ئىزچىل تەسىرلىك قىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. داستان پوئېزىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى خىللىرىدىن بىرسى بولۇپ، لىرىكىسىز پوئېزىيە بولمىغاندەك، لىرىكىسىز داستانمۇ بولمايدۇ. سىزنىڭ بۇ داستانىڭىز ئۈستىدە گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ موھتاجلىق جايىنىڭ بىرسى لىرىكىدۇر. بۇنىڭسىز سىزنىڭ داستانىڭىز مۇكەممەللىك باسقۇچىغا كۆتۈرۈلەلمەيدۇ.

ئاخىرقى پىكرىم، جۈملە تۈزەشلىرىڭىز، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىنى، يەنى دىئالوگ، مونولوگلارنى باشلاشتا يېتىشسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جايلىرىڭىز خېلى بار. جۈملىنى يېزىش، چاتقان، چۈشىنىۋېلىشقا ئاسان قىلىپ تۈزەش كېرەك. ئۇنى ئوقۇغۇچى چۈشىنىشتە قىينالمىسۇن. دىئالوگ، مونولوگلارنى باشلاشتا ئالامەتلەر (–، « »لەر)نى ئورۇنلۇق ئىشلىتىش كېرەك، ئالامەتلەرنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى سۆزلەرگە بولغان مۇناسىۋىتى ئاجرىلىپ قالسا، ئوقۇغۇچىلار، بولۇپمۇ بۈگۈنكى بىزنىڭ كەڭ مۇشتىرىلىرىمىزغا چۈشىنىش تەس بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەمدى يېڭىدىن ساۋادىنى چىقىرىۋاتقانلار، ھەممىسى گراماتىكا قائىدىلىرىنى، ئالامەتلەرنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. سىز بۇ داستانىڭىزدا مانا شۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئانچە دىققەت قىلماپسىز. ئەگەر سىز، مۇشتىرىلارنىڭ چۈشىنىش دەرىجىسىگە ئېتىبار بەرمىسىڭىز ئەسىرىڭىزنىڭ بۈگۈنكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئۆزىڭىز توسقۇن بولۇپ قالىسىز، ئوقۇغۇچىنى قىيناپ قويىسىز.

مەن بۇ خەتتە كۆرسىتىلگەن پىكىرلىرىم ئاساسىدا داستانىڭىزدىن ئايرىم مىسال كۆرسىتىپ بەرمىدىم. ئۇنچىلىك ئۇششاقداپ كۆرسەتمىسەممۇ، شۇ كەمچىلىكلەر ئۆز ئەسىرىڭىزنىڭ قانداق ئورۇنلىرىدا يۈز بەرگەنلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنىپ قالارسىز دەپ ئويلايمەن.

ئاخىرىدا سىزگە شۇنى يولداشلىق بىلەن ئېيتىمەنكى، يازىدىغان ئەسىرىڭىزنىڭ ۋەقەلىكىنى تولۇق ئۆگىنىش، تولۇق بىر تېما ئىچىگە قاچىلاش بىلەن ئۇنى گۈزەل قىلىپ چىقىرىش لازىم. بولۇپمۇ سىزنىڭ ئىجادىي كۈچىڭىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىلىرىنى، قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشكە ناھايىتى موھتاج. سىزنىڭ مۇشۇ نۇقتىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىڭىزنى سورايمەن. ئەڭ ئاخىرىدا

يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمىنى بىر قاتار مۇزاكىرە قىلىپ، يېزىش تېخنىكىڭىزنى ئاشۇرۇپ، داستانىڭىزنى يەنە بىر قېتىم ئىشلەپ چىقىشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن. ئەگەر ياخشى سەنئەت كۈچى بىلەن قايتا ئىشلەنسە بۇ داستانىڭىز بىزنىڭ يېڭى ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەمۇنىلىك بىر ئۇتۇقى بولۇپ قالىدۇ.

مۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىڭىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن. قولىڭىزنى قاتتىق قىسىپ.

يولدىشىڭىز: تېيىپجان ئېلىيېۋ

1952 ـ يىل سېنتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىنىم ئەخەت تۇردىغا خەت

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسەر مەندە خېلىلا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى.

ئالدى بىلەن شۇنى دېگۈم كېلىدۇكى، ئەسەرنىڭ تىلى بىرقەدەر پىششىق ئىشلەنگەن، دىئالوگلارنىڭ كۆپىنچىسى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىگە، تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن، ئىچكى ھېسسىياتلار تەسۋىرىدە خېلىلا شېئىرىي كۈي بار. ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم يەرلىك شېۋىلەرنىڭ ئورۇنلۇق جارى قىلىنىشى ئەسەرنىڭ يەرلىك ھىدىنى كۈچەيتكەن. ئەدەبىي تىلىمىز مۇشۇنداق ئىزدىنىشلەر ھېسابىغا بېيىپ بارىدۇ.

ئەسەرنىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسىمۇ خېلى قىزىقارلىق. دراماتىك دولقۇنغا ئىگە بابلارمۇ ئاز ئەمەس.

بىرقانچە مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى خېلى جانلىق سىزىلغان؛ قۇتلۇق ئەپەندى، باتۇق، نازاكەت خېنىم، ھاپىز خوجا قاتارلىقلارنىڭ بىرقانچە دراماتىك توقۇنۇشلار جەريانىدىكى ئوي ــ خىيال، سۆز، ئۇسۇل، تەدبىر، ھەرىكەتلەر ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن خاراكتېرلىرى خېلىلا ئەستە قالغۇدەك ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە.

كىچىك بىر تارىخىي ئېپىزوت ئارقىلىقمۇ ئەھمىيىتى چوڭ تارىخىي ساۋاق ئوبرازىنى ياراتقىلى بولىدۇ. بۇنداق ئوبراز ئۆتمۈشنىڭ كارتىنىسىلا بولۇپ قالماي، كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە

ئىگە دەستۇرلەر تەركىبىگە كىرىدۇ. شۇبھىسىزكى، سىزنىڭ ئەسىرىڭىزمۇ مۇشۇنداق ئاملىغا ئىگە. ئەسەردە (يەنى تارىختا) قۇتلۇق ئەپەندىلەر يېڭىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ روھى يەنىلا غالىب، بۇنداق روھ يېڭى دەۋرىمىزدە ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تاپتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۆلگەن ھەمدە تىرىك قالغان ھاپىز خوجىلار لەنەت ـ نەپرەتكە كۆمۈلدى، لېكىن تارىخ يەنىلا شەكلى ئۆزگەرگەن تەكرارلىنىشلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئالايلى، قۇتلۇق ئەپەندى تىپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋردىمۇ توغرا چۈشىنىشكە ئېرىشەلمەي خارلانغانلىقى، بۇ جەھەتتە ھاپىز خوجا تىپىدىكى شەخسلەرنىڭ نەقەدەر رەزىل روللارنى ئوينىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم پاكىتقۇ! تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتى بىردە بىر مەزگىل "ئۆتمۈشتىن سۆز ئېچىپ، بۈگۈنكىگە ھۇجۇم قىلىش" دېگەن بەتنامىلارغا قالغانىدى. شۈكرى، ھازىر بىز بۇنداق ئەبلەخلەرچە، ئەخمەقلەرچە بىلجىراش، كالتەكلەشلەرنىڭ دەردىدىن خېلىلا قۇتۇلۇپ قالدۇق! چىنلىقتا، سەنئەتكە سادىق يازغۇچى بۇنداق بىلجىراش، كالتەكلەشلەر ۋەھىمىسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

لېكىن مەن ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا بەزى كۆرۈنۈشلەردىن، پېرسوناژلارنىڭ بەزى ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىدىن كۆڭلۈم غەش بولغان يەرلەرمۇ بولدى. مەسىلەن:

چىلتەنلەر نامايىشى قۇتلۇق ئەپەندى شۇغۇللىنىدىغان پائالىيەت بولماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى مۇشۇ دەۋردىكى زىيالىيلارنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئاشۇ خىل خۇراپىي ئادەتلەردىن يىرگىنىشتە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا چىلتەنلەر نامايىشىنى ئۇيۇشتۇرۇش بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خىل ئادەملەر خاراكتېرىغا يات، زورمۇزور چاپلانغان قىلىق بولۇپ قالغان.

باتۇق ھەقىقانىيەت ئىزدەيدۇ، ئادالەتكە تەشنا، شۇ يولدا پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، لېكىن ئۇ نادانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ تولۇپ خۇسۇسىيىتىگە زىت ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن ئەسەردە ئۇنىڭ بەزى قىلمىشلىرى (مەسىلەن، ھاپىز خوجىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ سىڭلىسىغا يىرتقۇچلارچە چېپىلىشى) بەك ئېشىپ كەتكەنلىك ئەمەسمىدۇ؟! مۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەھرىمانلارغا ئازادلىق ئىزدىگۈچىلەر ئەگەشمىسە كېرەك.

مېنىڭ بۇ ئىككى مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىكى مەقسەت، ئەسەردە ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر مەنتىقىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»دە بۇ نۇقتا بىرقەدەر ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ ـ قانداق؟

بۇنىڭدىن باشقا بەزى قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى ـ پائالىيىتى چولتا. مەسىلەن، نازاكەت خېنىم كىتابخان تولۇق چۈشىنىشكە، جىددىي توقۇنۇشلار ئىچىدە جىقراق كۆرۈشكە تەشنا پېرسوناژ ئىدى، ئەپسۇسكى، بۇ تەشنالىق قاندۇرۇلمىغان. مەن بۇ چولتىلىق ئۇنىڭ ئوبرازىغا دەخلى يەتكۈزگەن دەپ قارايمەن.

مەن ئەدەبىي تەنقىدچى قاتارىغا كىرمەيمەن. بولۇپمۇ پروزا ئەسەرلىرى ھەققىدە كەسپ ئەھلىگە خاس پىكىر بېرەلىشىم تېخىمۇ قىيىن، لېكىن ئەسەرنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىش جەريانىدا مەندە يۇقىرىقىدەك تەسىرات قورغالدى، شۇڭا بۇ خەتنى يازدىم. خەت

ئارقىلىق «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»گە بولغان زوقىمنى ئىزھار قىلدىم. ئەسەرنىڭ نۇقسانى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى تەنقىدىي مۇھاكىمە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزگە ئىجادىيەتتە يېڭىدىن-يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

سالام بىلەن: تېيىپجان ئېلىيېۋ

1988-يىل 9-ئاينىڭ 5-كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يولداش جاڭ شىرۇڭ![①]

بىز ئارىلىقتا سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خەۋەرسىز قالغان ئىدۇق. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەھۋال ئۆزگەرگىلى تۇردى، بىز ئۇلارنىڭمۇ بىر قىسىم ئىجادىي نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ھوزۇرلاندۇق.

ئابدۇللا ئارىپوۋ — بۈگۈنكى سوۋېت ئۆزبېك شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرىسى. شىنجاڭدا ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ژۇرناللىرىمىزدا تونۇشتۇرۇلغان ئىدى، زور قىزىقىش قوزغىدى. يېقىندا يولداش ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئۇنىڭ كىچىكرەك بىر شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاپتۇ. مەن كىچىككىنە كىرىش سۆز يېزىپ بەردىم (سالامەتلىكىم يار بەرسە جىقراق يازماقچى ئىدىم).

ئېلىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ژۇرناللار كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېت ئەدەبىياتىنى كەڭ تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ. بىراق، ئۇ ياقتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىياتى ئانچە تونۇشتۇرۇلمىدى، شېئىرىيىتى تېخىمۇ شۇنداق. مەن ئۇلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى ياخشى مېۋىلىرىدىن خەنزۇ كىتابخانلىرىنىڭ بەھرىمەن بولالمايۋاتـ

---

① جاڭ شىرۇڭ — شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئەدەبىي تەرجىمان.

قانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىمەن. بۇ كەم بولۇۋاتقان ئىشنى سىزگە ئوخشاش ئەدەبىي تەرجىمانلار ياخشى ئادا قىلالىشى مۇمكىن.

شۇڭا ئارپوۋنىڭ شېئىرلىرىدىن ئون نەچچىسىنى تاللاپ، سىزگە ئەۋەتتىم. بۇ شېئىرلارنىڭ سىزدىمۇ كۆچلۈك زوق قوزغايدىغانلىقىغا، تەرجىمە قىلىشقا ئۇندەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بۇ تەكلىپىمگە قوشۇلىشىڭىز كېرەك. يەنە سىزنىڭ بۇ شېئىرلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىرىپ، «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇمكىن بولسا ئۇلاردىن بىرنەچچە-سىنى تاللاپ «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز.

سالام بىلەن: تېيىپجان ئېلىيېۋ

1988 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىنىم ئەركىنجان ياسىنغا![1]

ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى، رەسىمىڭىزنى ۋە بىر پارچە شېئىرىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. خېتىڭىز ئارقىلىق سىزنىڭ شېئىرىيەتكە بەك خۇشتارلىقىڭىزنى، بۇ جەھەتتە تىرىشۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇقتۇم. شۇنداقلا مېنىڭ سىزگە ھېسداشلىق قىلىشىمنى، ياردەم بېرىشىمنى ئۈمىد قىلىپسىز. مۇنداق قىلىش مېنىڭمۇ ۋەزىپەم.

مەن سىزنىڭ شېئىرىيەت يولىدا تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ياخشى شېئىرلارنى مەيدانغا چىقىرىشىڭىزنى، بولۇپمۇ ئۆگىنىشكە، بىلىمىڭىزنى ئاشۇرۇشقا ئېرىنمەي كۈچ چىقىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن سىز توغرۇلۇق «تارىم» ژۇرنىلىدىكى يولداشلارغىمۇ دەپ قويدۇم. بۇندىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىڭىزنى تارتىنماي ئەۋەتىپ تۇرۇڭ.

سالام بىلەن: تېيىپجان ئېلىيېۋ

1987 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

---

[1] ئەركىنجان ياسىن — ئاقسۇ كونىشەھەر گۈلئاۋات يېزا چاشلىق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

# يولداش ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر!

ئارىپوۋنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ بولدۇم. ئەسلى ئۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاچ تەھرىرلىدىم. ئۆزىڭىز يەنە بىر قېتىم تەھرىرلىك نەزىرىڭىز بىلەن قاراپ چىققايسىز. قايسى كۈنى دېگىنىمدەك، بۇ توپلامدا قىسقا شېئىرلار ئاساس قىلىنغىنى ياخشى، چۈنكى ماڭا شائىرنىڭ قىسقا شېئىرلىرى بەك ياقتى.

يەنە بىرئاز كۆپەيتىش لازىمغۇ دەيمەن، ئىلاج بار، كېيىنكى شېئىرلىرىدىن بىرئاز تەييارلايلى.

مېنىڭچە، تىتۇلغا "نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر" دەپ يېزىلغىنى مۇۋاپىق بولارمىكىن. بەزى شېئىرلار باشقىلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسا، ئۇلارنىمۇ مۇندەرىجىدە يېزىپ قويۇش كېرەكتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر دەپ نەشرىياتتىكى تەھرىرنىڭ نامى يېزىلىدىكەن. مېنى يېزىشقا توغرا كەلسە، "تەھرىرلىگۈچى ياكى تەكلىپ قىلىنغان تەھرىر" دەپ يازسا بولارمىكىن. كىرىش سۆزنى مەيلى مەن يېزىپ بەرسەم، يېزىپ بېردي.

تولۇقلانغىچە يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز.

سالام بىلەن: تېيىپجان ئېلىيېۋ

1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يولداش ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر!

ئارپوۋ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغىلا ئەمەس، خەنزۇچىغىمۇ تەرجىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەن بۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق قىلىمەن. يولداش خاۋ گۈەنجۇڭغىمۇ ياكى يولداش جاڭ شىرۇڭغىمۇ تاپىلاي، ئۇلار ئارپوۋنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلسا، ئۇنى «شىكەن» («شېئىرىيەت») ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەرسەك. مەن ئىشىنىمەنكى، تەرجىمىسى ياخشى چىقسا، خەنزۇ كىتابخانىلىرى ئىچىدىمۇ چوڭ قىزىقىش قوزغايدۇ.

ياشلار نەشرىياتىنىڭ بۇ توپلامىنى چىقىرىشقا خىرىدارلىق قىلغىنى ياخشى ئىش. كىتاب نەشرگە بېرىلگەندىن كېيىن، تېخنىكىلىق تەرەپلىرىگە (بولۇپمۇ كوررېكتورلۇققا) ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنسە، چۈنكى بۇ كىتاب كېيىن چەت ئەلگە چىقىشى مۇمكىن، ئادەم خىجالەت بولىدىغان ئىش چىقمىغاي. ئورىگىنالنى ئۆزىڭىز قايتا كۆرۈپ چىقىڭ. ئىملادا، بولۇپمۇ تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشتە چاتاق خېلىلا بار ئىكەن.

سالام بىلەن: تېيىپجان ئېلىيېۋ

1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

# ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

تالانتلىقلارنى بايقاش، كۆرۈش ۋە ئۇلارنى يۆلەش بىر مىللەت، بىر خەلق ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىش. ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، ئەدەبىي سەپكە ھەۋەس قىلغۇچىلار بەكمۇ كۆپ بولىدىكەن، ياشلىق ھېسسىياتچان دەۋرى بولغاچقىمىكىن، يازغۇچى، شائىر بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار ئاز بولسا كېرەك. لېكىن بۇ كەسىپنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىدىغانلار ياكى ئۇنىڭغا پۈتۈن بىر ئۆمۈر "ئاشىق" بولىدىغانلار كۆپ ئەمەس. بۇ"ئاشىق"لار — بۇ قوشۇندىكى تالانتلىق كىشىلەر ئەدەبىياتنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى يارىتىشقا تۈرتكە بولالايدىغان كىشىلەر. ئۇلار بەكمۇ قىممەتلىك، ئەلۋەتتە. تالانتلىقلارنىڭ ئالاھىدە قاشقىسى بولۇشى ناتايىن، لېكىن ئۇنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ. پېشقەدەم يولداشلار، رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتەۋاتقان يولداشلار مۇشۇنداق كىشىلەرنى بايقاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلسا، ئۇلار بىلەن كۆپرەك سۆزلەشسە، ياردەم بېرىپ، يار-يۆلەك بولسا ياخشى بولىدۇ. مەن بۇنداق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كېيىنرەك ھېس قىلىپ قالدىم، ئامال يوق، ئەپسۇس.

دۇنيادا ئەدەبىي ئېقىملار كۆپ، بىر مىللەت، بىر خەلق ئەدەبىياتىدىمۇ شۇنداق. ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ كۆپ بولۇشى يامان ئىش ئەمەس، ياخشى ئىش. ئۇ ئەدەبىياتتا رەڭگارەڭ گۈللەرنى

www.uyghurkitap.com

ئېچىلدۇرۇشنىڭ بىر تەرىپى، ئىپادىسى. بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمغا، نۇقتىئىنەزەرگە ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئەقىدە قىلىدىغانلار ئىككىنچى بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمغا، نۇقتىئىنەزەرگە ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئەقىدە قىلىدىغانلارنى چەتكە قاقماسلىقى، كەمسىتمەسلىكى لازىم. چەتكە قېقىشقا، كەمسىتىشكە قىزىقىپ قالسىلا، ئىشىنىڭ ھالاللىققا تارتمىغىنى، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا ئىلمىيلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىزدە قانداق؟ مەن بەكمۇ تەتقىق قىلىپ كەتمىدىم. دۇنيادا كىشىلەر يېڭىچە بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمنى يارىتىشنى شەرەپ بىلىۋاتسا، بىز بۇلى باشقا بىر ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويدۇق، يەنى ئەدەبىي ئېقىم، ئۆزگىچە ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ئورنىغا ئاڭلىق دېسەك بولامدۇ، ئاڭسىز دېسەك بولامدۇ، ئىشقىلىپ بىر خىل بولمىغۇر ئادەتنى — يۇرتۋازلىق، مەزھەپ ۋە ئىپتىدائىي قەبىلىچىلىكتەك بىرنەرسىنى يامرىتىۋەتتۇق. ئېچىنىشلىق ئىش: بۇنىڭ ئازابىنى، بۇنىڭ دەردىنى كونىلار يەتكۈچە تارتقان، بىزمۇ تارتتۇق. ئەمدى بۇ مەرەزنى ياشلارغا مىراس قالدۇرماسلىق كېرەك. بىز ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنى خورىتىش، پارچىلاش، يوقىتىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى كۆردۇق. "ئىتتىپاقلىق" دېگەن سۆزنى تەكرارلايدىغانلار كۆپ. مەرەزنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن، باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن سىقىپ چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. مەن مۇشۇ جەھەتتە بىرئاز ئىش قىلىشنى، ئىش قىلالايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتكەندە، سالامەتلىكىم ياخشى بولماي قالدى. مەن مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى، شائىرلار ۋە بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان يولداشلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتە جىقراق كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىتتىپاق بولماي تۇرۇپ، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدىن،

باشقىلارنىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىمىز سۆيۈملۈك قوشۇن، چىرايلىق قوشۇن، لېكىن بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىناقسىزلىق، كۆرەلمەسلىك، يۇرتۋازلىق ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىز دېگەندەك روناق تاپالمايۋاتىدۇ. تالانتلىقلارنى، ئىقتىدارلىقلارنى يۇرتقا ئايرىماي قوللايلى، ياردەم بېرەيلى. ئەدەبىيات يۇرتنىڭ ئەدەبىياتى ئەمەس، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى. يۇرتۋازلىق قىلىش، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىدا، ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك بىلەن باراۋەر. كېيىنكى چاغلاردا بىزدە دۇنيا ۋە جۇڭگودىكى بەزى يېڭىچە ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ تەسىر كۆرستىشى، يېڭىچە نۇقتىئىنەزەرلەرنى قوبۇل قىلىش، ئاندىن كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تارىخىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدىمۇ بەزى ئۇقۇشۇلماسلىقلار بولمىدى ئەمەس. بۇ ئىش بەزىدە ياشلار بىلەن پېشقەدەملەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالغاندەك كۆلكىلىك گەپلەرمۇ بولدى. ئەنئەنە قانداقمۇ ياشلار بىلەن پېشقەدەملەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش بولسۇن! بۇ دېگەن تارىخىي تاللاش، نۇقتىئىنەزەر، ئىدىيە، قاراش مەسىلىسى ئەمەسمۇ؟ دەرۋەقە، ياشلار يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدۇ. بۇ قىممەتلىك، پېشقەدەملەرنىڭ ھەممىسىلا كونىلىقنى يېپىشۋالغۇچىلاردىن ئەمەس، بۇمۇ پاكىت.

مەن دەيمەنكى، ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىقلىكى نەرسە بولىدىكەن، مەيلى ئەنئەنە ئىچىدىكى ئېسىل نەرسىلەر بولسۇن، مەيلى "چەت"نىڭ بولسۇن، ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. پايدىسىزلا بولىدىكەن، ئەنئەنە، "چەت"نىڭ دەپ ئولتۇرماستىن،

بىردەك قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، شاللاپ چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ بۇ گەپلەرنى دېيىشىم يەنىلا كونىلارنىڭ ھېلىقى ھېكمەتلىك سۆزى — كونىلارنى قەدىرلەپ، ياشلارنى ئىززەتلەش مەسىلىسى. كونىلارمۇ ئەسلىدە ياش ئىدى. ياشلارمۇ كونىلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەت. شۇڭا پېشقەدەملەر ياشلارنى قەدىرلىشى، ياشلار پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلىشى لازىمغۇ. مەن مۇشۇ جەھەتتە، ئازراق ئىتتىپاقلىقنى چۈشىنىش، قەدىرلەشتىن باشقا يەنە مۇنداق بىر خىل قىممەتلىك ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسىمۇ بار دەپ ھېسابلايمەن. مېنىڭچە، پېشقەدەملەر باشلامچى بولۇشى، ياشلارنى قەدىرلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ياشلار ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشى، پېشقەدەملەردىكى قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. بۇ جەھەتتە مېنىڭ بەزى ساۋاقلىرىم بار. بۇ ئىشقا، ئۆزۈمنى خېلىدىن بۇيان كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك ھېس قىلساممۇ، لېكىن جىددىي، ئەستايىدىللىراق بولالمىدىم. بەزىدە ياشلار بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا، بىۋاستە كۆپرەك ئۇچرىشىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم. شېئىر ئارقىلىق ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشمۇ بىر خىل ئۇسۇل، لېكىن بىۋاستە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا ئۆزئارا يېتەكلەشكە يەتمەيدۇ. مېنىڭچە، سىلەر بۇ جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلساڭلار. مېنىڭ ئۈمىدىم، يەنىلا پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش، ياشلارنى ئىززەتلەش مەسىلىسىنى، ياخشى ئەنئەنىلەرنى داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئۇزاققىچە تۇتۇش، ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈش كېرەك. بۇلار پىشمىغان گەپ. شۇنداقتىمۇ يولداشلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدۇم.

ساقىيىپ قالسام، كۆپرەك ئويلايدىغىنىم، قوشۇنىڭ ئىتتىپاقلىقى،

ئەرزىمەس ئىختىلاپلار، ئەرزىمەس سەۋەبلەردىن بىرسى بىلەن بىرسى پېتىشمايدىغان، سەنئەت ساھەسىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان ئىشلار ئۆز ۋاقتىدىمۇ بار ئىدى، ھازىرمۇ بار. مۇشۇ توغرۇلۇق كۆپرەك خىزمەت قىلسام بولاتتى دېگەن ئۈمىدىم بار. ئۇسلۇب مەسىلىلىرى ۋە چۈشەنچىدىكى ئوخشىماسلىقنى يوغان مەسىلىگە، بولۇپمۇ شەخسىي ئۆچ ئېلىشقا ئايلاندۇرۇش ئاپەت ئىكەن.

ئەدەبىياتنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، مەنمۇ يېزىپ تۈگىتەلمىدىم. بەزى ئەپسۇسلىنارلىق نەرسىلەرنىمۇ يازدىم، قىممىتى بار نەرسىلەرنىمۇ يازدىم. ئاز-تولا ئىز سالدىم. خەلق مەندىن نارازى بولمىسىلا مەن شۇنىڭغا خۇش.

ياشلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا قاپاق تۈرمەڭلار. سولچىللىق بىزنى شۇنداق قىلغان. ئىناقلىقنىڭ ئىچىدىن كۈلۈپ تۇرىدىغان، ھۇزۇر بېرىدىغان ئەدەبىيات چىقىدۇ. بولمىسا كۈچ چېچىلىپ كېتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپەم ياشلارنىڭ ئەپ ئۆتۈشى ئۈچۈن كۆپرەك كۈچ چىقىرىش دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما كېسەل بۇ خىزمەتنى ئىشلىشىمگە ئىمكانىيەت بەرمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## شېئىرىيەت ھەققىدە

شېئىر — تىل بويىقى بىلەن سىزىلغان ھېسسىيات سۈرىتى.

* * *

چۈشەنمىگەن نەرسە ئۈستىدە ھېسسىيات ئەركىن جەۋلان قىلالمايدۇ. بۇنداق ھالەتتە ھەرقانداق شائىردىن شېئىر چىقمايدۇ.

* * *

لىرىكا — قەلب مۇزىكىسى. ئۇ، نازۇك ھېسسىيات تەسۋىرى ۋە راۋان ـ ئاھاڭدار تىلنىڭ بىرىكمىسى. تىلنىڭ راۋان ـ ئاھاڭدارلىقى ھېسسىياتتىكى لىرىك لەززەت ئۈستىگە لەززەت قوشىدۇ.

* * *

مەن يېڭىلىقنى رەت قىلىدىغان ئەنئەنىدىن كۈلىمەن، ئەنئەنىنى رەت قىلىدىغان يېڭىلىقتىن چۆچۈيمەن.

## قايغۇلۇق كۈنلەردىكى ئەسلىمىلەر

يولداش ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ۋاپاتى يېڭى دەۋر جۇڭگو ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش.

مەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن بولغان 30 نەچچە يىللىق دوستلۇق سەرگۈزەشتىلىرىنى

ئىختىيارسىز ئەسلەپ ئۆتتۈم.

مەن ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن 1951 - يىلى يازدا تونۇشتۇم. ئۇ چاغدا مەن «ئون ئىككى مۇقام»نى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدىم. بۇ گۇرۇپپىدا ئاتاقلىق مۇقامچى تۇردى ئاخۇن، روزى تەمبۇر، ئابدۇۋەلى جارۇللايوۋ قاتارلىق مۇزىكانتلار ئۆزلىرى بىلىدىغان مۇقام نەغمىلىرىنى نوتىغا ھەم ئۈنئالغۇغا ئالدۇرۇۋاتاتتى. گۇرۇپپىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا يولداش ۋەن تۇڭشۇ مەسئۇل ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئابدۇكېرىم خوجا كېلىپ، بۇ گۇرۇپپىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى يولداش ۋەن تۇڭشۇ بىلەن مۇقامچىلار ئوتتۇرىسىدا تەرجىمانلىق قىلىش ۋە مۇقام تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. يولداش ئابدۇكېرىم خوجا بۇ يىللاردا يولداش ۋەن تۇڭشۇ بىلەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەنمۇ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقىنى، خەنزۇ كلاسسىك شېئىرىيىتى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەم خەنزۇ تىلىدا شېئىر يازىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم.

شۇ چاغلاردا ئۇ ماڭا: "ئۆز ئانا تىلىمدا يېزىلغان شېئىرلار بىلەن تونۇشمىغىچە، پۈتۈن ئادەم بولالمايدىكەنمەن" دېگەنىدى ۋە مېنىڭدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە دائىر كىتابلارنى سورىغانىدى. مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىتاب بەردىم، ئۇ بۇ كىتابلارنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئەدەبىي تەرجىمانلىق ئىقتىدارى ۋە شېئىرىيەتكە بولغان كۈچلۈك ئىشتىياقى ماڭا ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىيالايدىغان، ئىستىقباللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روشەن ھېس قىلدۇردى. ھېيئىرىيەتكە بولغان ئورتاق قىزىقىش بىزنى يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇردى.

بىز 1952 ـ يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا بولداش ليۇ شاۋۋۇنىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەكشۈرۈش (توپلاش، رەتلەش) خىزمىتى بىلەن بېرىپ، نۇرغۇن جايلارنى ئايلاندۇق. بۇ قېتىمقى سەپەر ئابدۇكېرىم خوجىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان بىلەن ئۇيغۇرچە راۋان سۆزلىيەلمەيتتى. سەنئەت ساھەسىگە ئارىلىشىش، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان شۇ قېتىمقى ئالتە ئايلىق تەكشۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى ئالاھىدە تېز بولدى. ئۇ خەلق ئارىسىدىكى ناخشا، قوشاق، بېيىت، چۆچەكلەر، تېپىشماق ھەم لەتىپىلەرنى زېرىكمەي يېزىۋالاتتى، يادلايتتى ۋە تەرجىمە قىلاتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قاتتىق ھاياجانلىنىپ: "مەن ئۆز مىللىتىمنىڭ بۇنداق ئېسىل مەنىۋى خەزىنىسى بارلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتىمەن" دېگەنلىكى تېخىچە ئېسىمدە. شۇ قېتىمقى سەپەر ھەم تەكشۈرۈش پەقەت ئابدۇكېرىم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مەن ئۈچۈنمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىغا چوڭقۇرلاپ كىرىش پۇرسىتى بولدى.

دەرۋەقە ئۇ چاغلاردا قاتناش قولايسىز، ئۇرالغۇ جايلارمۇ ناچار ئىدى، لېكىن بىز ھېرىپ ـ چارچاشنى ئۇنتۇپ، ئىشتىياق بىلەن ئىشلىدۇق. بىر ناھىيە ئىچىدىكى جايلارنى ئاساسەن پىيادە ئايلىناتتۇق، ھەتتا ئاۋاتتىن كەلپىنگىچە پىيادە ماڭغانىدۇق. بۇ جەرياندا ئۆزئارا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشتۇق. ئابدۇكېرىم، ليۇ شاۋۋۇ ئۈچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇق تېخىمۇ

كۆچەيدى. 1953 ـ يىلى يولداش لىۇ شاۋۋۇ بىلەن يولداش ئابدۇ-
كېرىم خوجا ئىككىسى مېنى پارتىيىگە تونۇشتۇردى. مەن ئۆزۈمنىڭ
پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتىمنى ئەسلىسەملا، كۆز ئالدىمغا ئاشۇ ئىككى
سەپدىشىم كېلىدۇ.

1953 ـ يىلى ئابدۇكېرىم ئىككىمىز يەنە بىر سەپەردە بىللە بولۇپ
قالدۇق، يەنى جۇڭگو خەلقىنىڭ 3 ـ قېتىملىق چاۋشيەن خەلقىدىن
هال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بىللە باردۇق. بىزنىڭ
ئۆمەك باشلىقىمىز خې لوڭ ئىدى. بىز ئۇرۇش ئەمدىلا توختىغان،
ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا كۆمۈلۈپ ياتقان زېمىندا چاۋشيەن ئارمىيىسى،
خەلقى ۋە پىدائىي قىسىملارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدۇق.
دوستانە كەيپىيات ئىچىدە ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى
تۇيمايلا قالدۇق. هال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدىكى يولداش ئابدۇ-
كېرىم خوجا بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىمىزگە
پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملەشتى. مېنىڭ شۇ چاغدا يازغان «تاغنى
كۆرسەم» ناملىق شېئىرىم يولداش ئابدۇكېرىم خوجا تەرىپىدىن
چاۋشيەننىڭ ئۆزىدىلا خەنزۇ تىلىدا تەرجىمە قىلىنىپ، كۆپ ئۆتمەيلا
«خەلق گېزىتى»گە بېسىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق پىدائىي قىسىملارغا،
كىتابخانلارغا يەتتى. شېئىرنى كۆرگەنلەر ماڭا كۆپ تەشەككۈر ئىزهار
قىلدى. بىر قېتىملىق كەچكى زىياپەتتە شېئىرنى ئوقۇغان چاۋشيەن-
لىك ئوفىتسېرلار ئابدۇكېرىم ئىككىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، قەدەھ
سوقۇشتۇرۇپ، بىزگە ئالاهىدە تەشەككۈر بىلدۈردى. ئەگەر يولداش
ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ جاپالىق ئەجرى بىلەن تۆھپىسى بولمىغان
بولسا، مەن ئۆز شېئىرىمنى چاۋشيەندىكى يولداشلارغا يەتكۈزەلمىگەن
بولاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇكېرىم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا رەسمىي كىرىشىپ كەتتى. مېنىڭمۇ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىمنى تەرجىمە قىلدى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى.

ئابدۇكېرىم خوجا ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ شېئىر تەرجىمىسىدە دەسلەپ ئەڭ ئوبدان ئۈلگە كۆرسەتكەن ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى. ئۇ پەقەت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى خەنزۇ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇشقا بىرىنچى قېتىم قەدەم قويغان ئەدەبىي تەرجىمانلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى خەنزۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئەدەبىي كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە دۇفۇ، لى بەي، ئەي چىڭ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خەنزۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى، «تيەنئەنمېن شېئىر-لىرى»نى، ھېنرىخ ھېينى، ئېلزابېت باررېت قاتارلىق چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ۋە بىر تۈركۈم يىرىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، تەرجىمە ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆۋرۈكلۈك تۆھپە قوشتى.

"مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" مەزگىلىدە لىۋ شاۋۋۇ، ۋاڭ يۈيخۇ، ۋاڭ گولىن، ئابدۇكېرىم ۋە مەن "شىنجاڭدىكى شىۋجېڭجۇيىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارايىپىنىڭ ۋەكىللىرى" دېگەن بەتنام بىلەن تارتىپ چىقىرىلدۇق. مەرھۇم ئابدۇكېرىم بۇ يىللاردا نۇرغۇنلىغان ئېغىر ئازابلارنى باشتىن كەچۈردى، جىسمانىي جەھەتتىن زەخمە-

لىنىپ، روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى باشتىن - ئاخىر ئۈمىدۋار تۇتتى، چۈشكۈنلىشىپ كەتمىدى، ئىمكانىيەت بولسىلا، ھەربىر مىنۇت - سائەتنى كۆتۈرەڭگۈ روھتا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشتى. بىز شۇ چاغلاردا "ئاممىنىڭ نازارىتى"دىن بىرئاز خالىي بولۇپ قالساقلا، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، يەنە بۇرۇنقىدەكلا چاقچاق قىلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز تەسەللى بېرىپ يۈردۇق. لېكىن بىزنىڭ تالاي ئۆمرىمىز ئاشۇ مۇدھىش يىللارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى، بىز ھېچكىممۇ تۆلەپ بېرەلمەي-دىغان، تولۇۋالغىلىمۇ بولمايدىغان زىيانلارنى تارتتۇق. بىز پەقەت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدۇق.

مەن 1979 - يىلىنىڭ بېشىدا بېيجىڭدا «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان شائىرلار ئۇچرىشىشىغا قاتناشتىم. ئابدۇكېرىم ئۇ چاغدا بېيجىڭدا مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتاتتى. شىنجاڭدىكى بەزىلەر مېنى بۇ يىغىنغا ئەۋەتىشنى دەسلەپتە لايىق كۆرمىگەن، لېكىن بېيجىڭدىكى يولداشلار، جۈملىدىن ئابدۇكېرىم خوجا مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىگە قايتا - قايتا تەكلىپ بەرگەندىن كېيىنلا، بۇ ئۇچرىشىشقا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدىم.

مەن بېيجىڭغا بېرىشنىڭ ئالدىدا بەزىلەر مېنى يىغىندا ئۇچۇقتىن - ئوچۇق: "تۇغما ئەكسىلئىنقىلابچى" دەپ بىلجىرلىغانىدى. مەن «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ يىغىنغا قاتناشقان كۈنى يىغىن رەئىسى مېنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. مەن ئابدۇكېرىمنى يىغىن سەھنىسىگە بىللە ئېلىپ چىقتىم. قىزغىن چاۋاكلار چېلىنىپ، مېنى قاتتىق ھايا-جانلاندۇرۇۋەتكەچكە، ئۇزاققىچە ئۆرە تۇرۇپ قاپتىمەن. كىمدۇ

بىرسى ماڭا: "ئۇلتۇرۇپ سۆزلەڭ" دېگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئىختىيارسىز ئۆرە تۇرىۋېرىپتىمەن. شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم چاقچاق قىلىپ: "بۇ ئۆرە تۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان" دېۋىدى، يىغىندىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن مەن: "بۇ يەرگە كېلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن بەزىلەر ماڭا 'تۇغما ئەكسىلئىنقىلابچى' دەپ قالپاق كىيدۈرگەن، بەلكىم شۇڭلاشقا ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بولسام كېرەك" دېۋىدىم، ئابدۇكېرىم ئۇنى ناھايىتى يۇمۇرلۇق تەرجىمە قىلىپ، ماڭا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇ چاغدا پەستە ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى: "مۇشۇنداق قالپاق كىيدۈرىدىغانلار تېخىچە مۇنبەرنى ئىگىلەپ يۈرەمدۇ؟" دەپ سوئال قويۇشتى. ئابدۇكېرىم ئۇلارغا شۇ ئان: "ۋاي، ئۇلار مۇنبەرنى ئوڭايلىقچە بەرمەيدۇ، يېقىن ئارىدا بېرىدىغاندەكمۇ ئەمەس" دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇكېرىم ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1980 ـ يىلى ئېچىلغان قۇرۇلتىيىدا جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى ۋە «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ شۆبە جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي ئىشلىرى ۋە «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا قاتنىشىش بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلىق ئىشلىرىغىمۇ زور ئىجتىھات بىلەن كىرىشىپ كەتتى. قاتمۇقات خىزمەتلەرنى قاتتىق ئىشلەش ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ناچارلاشتۇرۇۋەتكەن مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

ئابدۇكېرىم پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ

ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلغان ئىدىيىنى ئازاد قىلىش پائالىيىتىدە قەدەمنى بۇرۇن باسقان شائىرلاردىن بىرى. ئۇ بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ، پايتەختتە مەيدانغا كەلگەن يېڭىلىقلار، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدە كەۋدىلىنىۋاتقان يېڭى روھلار ھەققىدە ناھايىتى تەسىرلىك گەپلەرنى قىلغاندا، بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئابدۇ- كېرىمگە چاقچاق قىلىپ: "بۇ ئاداش بېيجىڭدىن ئادەم قورقۇتىدىغان گەپلەرنى تېپىپ كەپتۇ" دېگەنىدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ئىدىيىسى ئازاد بولمىغان كىشىلەرنى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇتاتتى. كېيىنكى چاغلاردا قاتماللىقتىن خالىي گەپلەر بولسىلا، يۇمۇرلۇق قىلىپ، "ئادەم قورقۇتىدىغان گەپلەر" دېيىش بىزنىڭ ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ قالدى. مەن ھەر قېتىم بېيجىڭغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا ئابدۇ- كېرىم ماڭا: "ئاداش، بېيجىڭغا بارساڭلار، ئادەم قورقۇتىدىغان گەپلەردىن بىرئاز ئالغاچ كېلىڭلار" دەپ چاقچاق قىلاتتى.

شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا رەھبەر- لىك قىلىۋاتقان بەزى يولداشلارنىڭ كاللىسىدا قاتماللىق بىلەن "سول" ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ئىدى. مانا مۇشۇنداق قاتمال كۆچلەر شىنجاڭنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قەدىمىگە زور توسالغۇ ئىدى. ئابدۇكېرىم بۇ خىل ۋەزىيەتتىن نارازى بولۇپ: "ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى" دېگەن سۆزنى ئىسلاھاتقا نىسبەتەن پاسسىپلىق قىلىش- نىڭ باھانىسىگە ئايلاندۇرىۋالدى" دەيتتى، "باھار شامىلى يۇيىمىن- گۈەندىن ئۆتمەيۋاتىدۇ" دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

ئابدۇكېرىمنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن يېزىلغان شېئىرلىرىدا

مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئىجادىي ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك ئىپادىلەندى، ئىسلاھاتقا بولغان قىزغىن ئالقىش ھەم مەدھىيە سادالىرى كۈچلۈك ياڭرىدى، قاتماللىققا ئۆتكۈر تىغ سانجىلدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۈستىدە ھەر خىل غۇلغۇلىلار مەيدانغا چىقتى، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ئوق ئاتقانلارمۇ بولدى. يىغىپ كەلگەندە، بۇ "سول"چىل قاتمال كۈچلەرنىڭ چىدىيالمىغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى.

ئابدۇكېرىم خۇش چاقچاق، مەشرەپ-سورۇنلارغا پەيزى قوشىدىغان ئۆلپەت ئىدى. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى قاتارلىق ئۇيغۇر يۇمۇرىستىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ خۇش چاقچاقلىقى بىلەن ھەزىلكەشلىكى كىشىلەر بىلەن دوستلىشىش ۋە مۇناسىۋەتلىشىش جەھەتتە ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئابدۇكېرىم چىقىشقاق ئىدى، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيتتى، بولۇپمۇ ئاتالمىش "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دەۋرىدە "زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىش" دېيىدىغان سەپسەتە ئارقىلىق يولداشلار ئارا دۈشمەنلىك ئۇرۇقى چېچىلغاندا ياكى چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىلىرى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنغان ھالقىلىق پەيتلەردە سەپداشلىرىنى كۆيىدۇرۇپ ئوتقا تاشلايدىغان پەسكەش قىلىقلار بىلەن شۇغۇللانمىغانىدى.

ئابدۇكېرىمنىڭ پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىمۇ ناھايىتى كۆپ دوستلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا ۋاڭ مىڭ، ئەي چىڭ، جاڭ جېمىن، خې جىڭجى، خاۋ گۇەنجۇڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن ئورناتقان چوڭقۇر

دوستلۇقى شەكىلۋازلىقنىڭ ئەمەس، بەلكى سەممىي دوستلۇقنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ئۇنىڭ دوستلۇققا تۇتقان مۇشۇنداق سەممىي پوزىتسىيىسى بىزنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئابدۇكېرىم كېيىنكى يىللاردا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، تۆت ـ بەش يىل كېسەلنىڭ قاتتىق ئازابىنى تارتتى. شۇنداقتىمۇ، سالامەتلىكى سەللا ياخشىلىنىپ قالغان چاغلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىگە سەرپ قىلدى. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭغا: "ئاداش، ئۆزەڭلارنى ئاسراڭلار، بۇ ئىشلارغا نېمانداق ئالدىرايسىلەر؟" دېسەم، ئۇ: "ئەزرائىل ئالدىراۋاتسا، قانداق قىلىمەن؟" دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى نەپەسكىچە ئەزرائىل بىلەن چاقچاقلىشىپ ئۆتتى.

ئابدۇكېرىمنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش، مىللەتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆڭلىگە پۈككەن شېرىن ئارزۇلىرى كۆپ ئىدى. لېكىن رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئاشۇنداق ئارزۇلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. مەرھۇمنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش بىزنىڭ زىممىمىزدە قالدى.

1988 ـ يىل 5 ـ ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىر تويىنىڭ تارىخى

## "ئەلچى كىرگۈزىمەن"

يۇمشاق، ئىللىق شامال ئىپتىزىنىڭ ئەمدى كۆكلۈرۈشكە باشلىغان باغرىدىكى نازۇك مايسىلارنى ئىغاڭلىتىپ ئويناپتتى. ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن كۈن تېنىق ئاسماندا ئۆزىنىڭ ئىسسىق نۇرلىرى بىلەن چىرايلىق ئىپتىزغا كۈلۈپ قاراپتتى.

ئاخىرقى توغامغا سۇ ئېچىپ بولۇپ، كەتمىنىنى، پۇت، قول ۋە يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرغان قىزنىڭ قۇلىقىغا نەدىندۇ — بىر ياقتىن:

— ھارماڭ، زەينەپ! — دېگەن تونۇشلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

قىز ھودۇقۇپ ئەتراپىغا قارىدى: ئۇنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىن مۆرىسىگە كەتمەن ئارتقان ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق، سەل قارامتۇلراق، قارىقاش، قاراكۆز كەلگەن يىگىرمە ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر يىگىت ئون قەدەمچە يەردە قىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. يىگىتنى كۆرۈش بىلەن قىزنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى. بىراق، ئۇ، ئۆز ھودۇقۇشىنى يىگىتتىن يوشۇرۇشقا تىرىشىپ:

— ۋىيەي، كىمكىن دەپتىمەنا، — دېدى ئارانلا.

— ئۇنۇمدىنمۇ تونۇمىدىڭىزما؟

قىسىلىپ تۇرغان قىزنىڭ ئاغزىغا نەدىندۇ بىر ياخشى جاۋاب

كىرىپ قالدى:

— سىزنىڭ بۇ ياقلارغا كېلىشىڭىزنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپ-تىمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى يەردىن ئالماي.

بىراق يىگىتمۇ بوش كەلمىدى:

— سىزنىڭلا كۆرىدىغان كۆزىڭىز بولسا، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ ئې-سىزلىنىپ تۇرغان قىزغا يېقىنلىشىپ، — بىز ئەرزانغۇ، بۇ ياقتا.

قىز تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈرۈپ يىگىتكە يانچە قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە بىردىنلا كىچىك بالىلاردەك دوزۇلۇنۇپ كايىپمۇ قويدى:

— بولدىلا تۇرسۇن، تەنە قىلماڭ!

تۇرسۇن كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەندەك قىزمۇ كۈلدى. بىراق، بۇ كۈلۈشنى ئۆزىگە ئانچە خوپ كۆرمىدى ئېھتىمالىم، بىلىكى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى.

تۇرسۇن قىزغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ:

— خاپا بولماڭ زەينەپ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دېدى-دە، قىزنىڭ تۇرقىغا ھەۋەس بىلەن قاراشقا باشلىدى. زەينەپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. كۈلگەندە ئالايتەنلا بىلىنىدىغان ئىككى زىننقى ئۇنىڭ قىپقىزىل يۇمىلاق يۈزىگە تېخىمۇ گۈزەللىك بېرەتتى. چىمدىپ قويغاندەك كىچىككىنە قاڭشالىق بۇرنى، ئۇزۇن قارا كىرپىكلىرى ئاستىدا پىلدىرلاپ تۇرغان ئويناق كۆزلىرى، ئۈستىگە قويغان ئۇسمىنىڭ قېنىق مايسا رەڭگىگە بوي بەرمەي تۇرغان قارا قېشى، يىگىرمە نەچچە تال ئۆرۈلۈپ، بېلىگە چۈشۈپ تۇرغان قارا چاچلىرى، تېرىسىگە سىغماي تۇرغان چىڭ بىلەكلىرى، زادى تۇرغان-پۈتكىنىنىڭ ھەممىسى كۆرگەن كىشىنىڭ ئىچىنى ئادىغاندەك بىلىنەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئارتۇقچە تارتىنچاقلىقى،

گەپ سورىسا دەرھال ئەركىن جاۋاب بەرمەسلىكى تۇرسۇننى خېلىدىن بېرى قىينايتتى. قانداقلا بولمىسۇن تۇرسۇن ئۇنىڭ ئوتىدا ياناتتى. خەلق ئىچىدە زەينەپ توغرۇلۇق "پاكىز بالا"، "يۈزى تۆۋەن"، "ئىشچان قىز" دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدا يۈرەككە سىغدۇرۇپ بولمايدىغاندەك بىر شېرىن تۇيغۇ بىلەن ھاياجانلىناتتى. مانا شۇ يېقىملىق، ئوماق قىز نومۇسچان كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. تۇرسۇننىڭ كۆزى بىردىن قىز سۇغىرىپ بولاي دېگەن بۇغدايلىققا بۇرۇلدى.

— باتۇر قىز جۇمۇڭ سىز. سىزنى ھېچكىم قىز دېمەيدۇ، — دېدى زوقلىنىپ تۇرسۇن، بىراق قىزنىڭ ئۈنچىقماي، ئوڭايسىزلىنىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، سۆزىنى يۆتكىدى، — سۇغىرىپ بولدىڭىزما؟

— ھەئە!

— ئۆيگە قايتقىنىڭىزمۇ؟ بىللە كېتەيلى، بولمىسا.

ئۇلار كېتىۋاتقاندا ئالدىلىرىدىن بىر جۈپ تورغاي "پۇر" قىلىپ ئۇچۇق ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. قىز بىلەن يىگىتنىڭ كۆزى بىرھازاغىچە ئۇلاردىن ئۈزۈلمەي قالدى، تورغايلار كۆزدىن يوقالغاندا تۇرسۇن:

— قاراڭ ئىككىسىنىڭ پەيزىنى، — دەپ كۈلۈپ قويدى.

زەينەپ "شۇنى دەڭا" دېمەكچى ئىدى، بىراق شۇ زامانلا تۇرسۇننىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى سېزىپ قالدى-دە، ئۈنچىقمىدى. ئەمما يۈرىكىدە كۈلدى. قىزدىن بىرەر ئېغىز سۆزنىڭ چىقىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن تۇرسۇن:

— زادى، بىزنىڭلا پەيزىمىز يوقمۇ، دەيمەن، — دېدى زەينەپنىڭ بىلىكىگە نوقۇپ.

زەينەپ ئۇزنى تۇرسۇندىن بىرئاز تارتتۇىلىپ:
— قانداقچە؟ — دەۋەتتى.
— بىزمۇ مۇشۇلارغا ئوخشاش بىر جۇپقۇ. بىراق، بىز يامان تارتىنىدىكەنمىز.
زەينەپ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىگە چۈشەندى. بۇ گەپنى ئاڭلاش ئۇنىڭغا ياقاتتى، ئەمما جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمايتتى.
قىزدىن كۆڭلى قانغۇدەك بىرەر ئېغىز سۆز ئاڭلالمىغان تۇرسۇن گەپنى باشقا ياقتىن باشلىدى:
— ساۋۇتۇمنىڭ مەشرىپىدە تازا سىلكىۋەتتىڭىزە، مېنى.
تۇرسۇن بۇ سۆز بىلەن زەينەپنىڭ يادىغا ئۇنتۇلمايدىغان سېغىنىشلىق بىر خاتىرىنى سېلىپ قويدى.
بۇنىڭدىن بەش ئاي ئىلگىرى يېزا باشلىقى ساۋۇتۇمنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ بولغان ئىدى. مەشرەپكە تولاراق ياش قىز، چوكانلار، يىگىتلار يىغىلدى. ساتارچى سىيىت بوۋاي شۇنداق قىزىپ كەتتىكى قورساقتا بار نەغمىسىنىڭ جىمىسىنى دېگۈدەك تۆكتى. قىزىقچىلىقتا ياشلار تۇرماق، قېرى بوۋاي، مومايلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.
بىرچاغدا نەغمە توختاپ پوتا ئويۇنى باشلاندى.
زەينەپ مورىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى. مورا ئۈستىدىكى چىراغنىڭ نۇرى ئۇ ئولتۇرغان يەرگە چۈشمەيتتى. زەينەپ پۈتۈن زوقى بىلەن پۇتا ئويۇنىغا چۈشكەنلەرگە بۇرۇلۇپ قاراپ تۇرغان چاغدا، كىمدۇ بىرسى ئۇنىڭ چېچىنى ئويىنىغاندەك قىلدى. زەينەپ ئۇنى "كىچىك باللىمىكىن" دەپ جەينىكى بىلەن سىلكىۋەتتى.
— ۋاھ ئۇقماپتىمەن، — دېگەن بىرسىنىڭ رەنجىش ئارىلاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاۋازى ئاڭلاندى. زەينەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ خىجىللىقتا قالدى ۋە يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇنىڭ چېچىنى تويىنىغان كىچىك بالا ئەمەس، تۇرسۇن ئىكەن. ئەنە شۇ چاغدا زەينەپ ئۆز قىلىقىغا بەك ئۆكۈنۈپ كەتتى.

تۇرسۇن بىلەن زەينەپ ئىككى مەھەللىلىك بولسىمۇ، لېكىن بىر يەردە دېگۈدەكلا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. زەينەپنىڭ دادىسى بىلەن تۇرسۇننىڭ دادىسى ئارىسىدا بىرئاز تۇغقانچىلىقىمۇ بار. بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېرىش-كېلىشمۇ خېلى قويۇق بولىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەينەپ بىلەن تۇرسۇن بىر مەكتەپتە ئوقۇدى. بۇ كونا ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتى ئىدى. تۇرسۇن بىلەن زەينەپلەر بۇ مەكتەپتە 4 يىلغىچە ئوقۇپ ئاران دېگەندە 3-سىنىپنىڭ ئوقۇشىنى تۈگەتەلىگەن. بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش ئەھۋالى ناچار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئائىلىنىڭ ئىش-ئەمگىكىگە قارىشاتتى، قولى قىسقا ئائىلىنىڭ باللىرى ئۈچۈن ئىزچىل ئوقۇشىمۇ قىيىن ئىدى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئوقۇشى ئانچە ئىلگىرى باسمىغان. زەينەپ 14 ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۇنىڭ تالا-تۈزگە چىقىشىنى توسۇپ قويىدى، شۇ چاغلاردا 50 ياشلاردىكى مامۇت ھاجى دېگەن باي قىزغا ئەلچى كىرگۈزگەندە، ئاتا-ئانا بەك تەڭلىكتە قالدى. دەسلەپتە "بالىمىز كىچىك، ھاجىمغا ئەرزىگۈدەك ئەمەس" دېگەن گەپلەر بىلەن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋەتتى. لېكىن ئەتىسى ھاجى ئەلچىلەرنى يەنە ئەۋەتتى. قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمىغان ئاتا-ئانا بوشاپ قالدى: "مەسلىھەت قىلايلى" دېدى. بولۇپمۇ قىزنىڭ ئانىسى "بەرسەك بېرەيلى دادىسى،

بارنىڭ مايىقى، يوقنىڭ تايىقى" دەپ ئېرىنى كۆندۈرۈشكە باشلىدى. بىراق بۇ مەسلىھەت ئېرى قۇناخۇننىڭ زادى پىسەنتىگە سىغمىدى. ئۇ بەك قىينالدى. ئۇ ھاجىمنىڭ دۇنيا ۋە يۇرت ئىچىدىكى ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، نېمە قىلسا قىلالايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. تازا باش قېتىپ تۇرغاندا كونا ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى زورلۇق-زومىگەرلىكلىرىنى ئەسلەپ دەككە-دۈككىگە چۈشكەن ھاجىمنىڭ ئەلچىلىرىمۇ جىمىقىپ كەتتى. بۇ ئىشقا قۇناخۇن بەك خۇشال بولدى.

يېڭى ھۆكۈمەت دەۋرىدە قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپتە تۇرسۇن بىلەن زەينەپ يەنە ئوقۇدى، بىر يىل ئوقۇپ 4-سىنىپنى تۈگەتتى. يېزىدا بۇنىڭدىن چوڭ سىنىپ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرسۇننىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، دادىسى بىرئاز ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، ئوقۇشقا پۇرسەت تاپالمىدى. زەينەپنى بولسا ئانىسى رابىخان ئوقۇتۇشقا رازى بولمىدى، ئۇ "قىزىم چوڭ بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ بېشىنى بىر يەرگە باغلاي" دېگەن ئويدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە ئۇششاق باللار كۆپ بولۇپ، ئانىسىغا ھەم ئاتىسىنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشىدىغان زەينەپتىن بۆلەك كىشى يوق ئىدى.

زەينەپ بىلەن تۇرسۇن ئۆي ۋە ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدىن تاشقىرى بوش ۋاقىتلىرىدا مەكتەپ يېنىدىكى ھەۋەسكارلار گۇرۇپپىسىغا قاتنىشاتتى. تۇرسۇن راۋاب چالاتتى، زەينەپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. زەينەپنىڭ ئۇسسۇلى كىشىلەرگە بەك ياقاتتى، بولۇپمۇ مەكتەپ يېنىدىكى بۇ ھەۋەسكارلار گۇرۇپپىسىغا ياردەملىشىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچى شاۋۇدۇن ئەپەندىگە زەينەپنىڭ ئۇسسۇلى بەك يېقىپ كەتكەنلىكتىنمۇ، يا بولمىسا باشقا بىر مەقسەت بىلەنمۇ، پات ـ پاتلا ئۇنىڭ مۇرىسىنى قېقىپ "قالتىس تالانتلىق قىز جۇمۇ، بۇ!" دەپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا زەينەپ بىلەن تۇرسۇن پەقەت گۇرۇپپىدىلا بىر يەردە بولۇپ قالاتتى. زەينەپكە تۇرسۇننىڭ چالغان راۋابى بەك ياقاتتى، زەينەپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا، تۇرسۇن ئۇنىڭغا شۇنداق بېرىلىپ قارايتتىكى، ھەتتا بەزىدە راۋاب چېلىشنى ئۇنتۇپ قالاتتى. مەيلى قايسى ۋاقىتتا بولمىسۇن، ئۇلار بىر ـ بىرىسىگە ناھايىتى كۆپ قارىشاتتى. تولاراق يەر ئاستىدىن قارىشاتتى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا ئىككىسى بىر ـ بىرىسىگە ئىچ تارتىشىپ قالغانىدى، لېكىن بۇ توغرۇلۇق ئوچۇق گەپ قىلىشقا تارتىناتتى. بولۇپمۇ زەينەپ بۇنداق پاراڭلارنى باشلا ـ باشلىماي قىزىرىپ، يەرگە قارىۋالاتتى. يا بولمىسا نېرى كېتەتتى. نېرى بارغاندىمۇ يەنە تۇرسۇنغا يەر ئاستىدىن قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، لېكىن ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس، پەقەت ئىشتىن كېيىنلا گۇرۇپپا خىزمىتىگە ئارىلىشاتتى، شۇنىڭدەك ئۆز ھەۋەسلىرىنى گۇرۇپپا خىزمىتىگىمۇ پۈتلاشتۇرمايتتى.

ساۋۇتۇملارنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ بولىدىغانلىقىنى بىر كۈن بۇرۇن بىلگەن تۇرسۇن ئوتتۇردىن چاپسانلا قايتتى. يېشىل مەخمەل تاشلىق ئۆرە تۇمىقىنى كىيىپ، كۆك سەتىن پەشمەتنىڭ ئۈستىگە زىغىر رەڭ پوتىسىنى باغلىدى، ئۆتتۈكىنى قارا گۈلدەپ ھەۋەس بىلەن مەشرەپكە كەلدى. بۈگۈنكى مەشرەپتە قانداقلا بولمىسۇن، زەينەپكە بىر گەپ

قىلمەن دېگەن نىيەتتە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ساز تۈگۈشى بىلەن زەينەپنىڭ يېنىغا ئۆتتۈۋالدى.

زەينەپ تۇرسۇننى ئۇقۇشماي سىلكىپ قويغىنىغا شۇنداق ئۆكۈندىكى، سىلكىگەن جەينىكى تەگكەن تۇرسۇننىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ سىلاپ سىپىغىلى تاسىلا قالدى ۋە ئاخىرى نېمە دېيىشنى بىلمەي:

— ۋىيەي، سىزمىدىڭىز، كىچىك باللارمىكىن دەپ قاپتىمەن، — دېدى ئەيىبكارلارچە.

— كىچىك بالىدەكمۇ كۆرمىدىڭىزدە.

تۇرسۇن زەينەپنىڭ ئۇقۇشماي سىلكىگەنلىكىنى بىلگەنىدى بىراق شۇنداق دېگىسى كەلدى.

زەينەپ بەك قىينالدى.

— ئەزبىرايى خۇدا، — دېدى ئۇ يالۋۇرغاندەك، — سىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقماپتىمەن. ئۇقۇپ تۇرۇپ سىلكىگەن بولسام قولۇم قۇرۇپ كەتسۇن.

دەل شۇ چاغدا زەينەپنىڭ ئالدىغا كەلگەن بىرسى ئۇنىڭغا پوتا تۇتتى. زەينەپ بۇرۇلۇپ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرغان شاۋۇدۇن ئەپەندىنى كۆرۈپ، بىردىن ئوڭايسىزلىنىپ قالدى ۋە دەككە-دۈككىدە ئورنىدىن تۇردى. رەسمىي قائىدە بويىچە ئۇلار بىر-ئىككى پىرقىرىدى، ئاندىن شاۋۇدۇن ئەپەندى قانداقتۇر بىر بېيىت ئوقۇپ پوتىنى زەينەپكە تۇتتى، زەينەپ پوتىنى ئالدى، بېيىتنى ئۇقالمىدى.

ئەمدى پوتىنى بىرسىگە تۇتۇش لازىم ئىدى. ئەمما زەينەپ كىمگە تۇتۇشنى بىلەلمەي بىرھازا ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن قاراپ تۇرۇپ قالدى. كۆڭلى "تۇرسۇنغا تۇت" دەيدۇ، بىراق پۇتۇنلەي ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قادىلىپ تۇرغان شۇنچە كۆزلەر ئالدىدا ئۇنىڭ نازۇك پىكرى ئۆزىگە يول تېپىشقا قىينىلاتتى. ئۇنى "باشقىلار گۇماندا بولۇپ قالارمۇ" دېگەن ئوي ھودۇقتۇراتتى. ئاخىرى "نېمە بولسا بولمامدۇ" دېدى ـ دە، پوتىنى تۇرسۇنغا تۇتتى. ئەمما بېيىت ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭغا كىشىلەر ئۇنىمىدىغان، "بېيىتى بولمىسا بولمايدۇ، بېيىت ئېيتىپ بەرمىسە ئالمىغىن، تۇرسۇن" دەپ ۋارقىراشتى. بۇ تۇرقىدا زەينەپنىڭ ئاغزىغا بېيىت كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئۇنىڭ بېشى قېتىپلا قالدى. يۈز ـ كۆزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. ئەمما بېيىت ئېيتماي بولمىدى. "قايسى بېيىتنى ئېيتسام بولا" دەپ ئويلىدى، ئاخىرى "ئاداشقانغا ياماشقان" دېگەندەك ئاغزىغا: "ئۇياقمۇ ئېقىن، بۇياقمۇ ئېقىن..." دېگەن بېيىت كىرىپ قالسا بولمامدۇ، ئۆزى بۇ بېيىتنى تازا ئويلاپ تۇرۇپ تاپمىغاچقىمۇ، ئاخىرىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى، خەلقلەر كۈلۈشۈپ كەتتى:

ــ ئاخىرىنى، ئاخىرىنى!...ــ دەپ ۋارقىراشتى. لېكىن خىجىللىقتىن بېشىنى يەردىن ئالالمىغان زەينەپ ئۆزىنى تېرىككەنگە سالدى ـ دە بىرىپ جايىدا ئولتۇرۇۋالدى.

ئارىدا پوتا بىرقانچىلارغا ئالماشتى. كېيىن كىمدۇ بىرسى يەنە تۇرسۇنغا تۇتتى. تۇرسۇن پوتىنى ئېلىپلا زەينەپنىڭ ئالدىغا كەلدى. زەينەپ ئۇنىڭ بېيىت ئېيتىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. بىراق، قاملاشمىغان بىر بېيىتنى ئېيتىپ قويۇپ، مېنى يەنە ئىزاغا ئۆلتۇرمىگىدى، دەپ ئەنسىرەيتتى، دېگەندەكلا ئۇمۇ تازا ئوخشاتتى: "پاكا، پاكا ئالمىلارنى بويلاشقا ئەپلىك، ئىككىمىز تازا تەڭتۇش، ئويناشقا ئەپلىك."

ئولتۇرغانلار تازا كۈلۈشتى. زەينەپ ئىزا تارتقىنىدىن تالاغا

قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، يېنىدىكى ئايال‌لار ئۇنى ئولتۇرغان يېرىدە مەككەملا تۇتۇۋالدى. ئەمما زەينەپ پۈتۈنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇ ئوتتۇرىدا رەڭگى بىر قىسىملا بولۇپ كەتكەن شاۋۇدۇن ئەپەندى — زەينەپنىڭ خىجىللىقتا قالغىنىغا ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى بۇ ئىشلار ئۆزىگە ھار كەلدىمۇ تۇرسۇنغا كايىدى:

— بولدى تۇرسۇن، ئېتىقسىزلىق قىلما! ئۇنىمىغانىدىن كېيىن نېمە قىلسەن، خەقنى ئىزا تارتقۇزۇپ!

ئۇنىڭ سۆزىگە بىرقانچىسى قوشۇلغان بولدى، قىزىق كۆلكە بېسىقىپ قالدى، تۇرسۇن قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ خىجىللىق تۇس ئالغان مۇلايىم كۆزىگە زەينەپ يەر ئاستىدىن ئەيىبكارلارچە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويدى.

مەشرەپتىن قايتقاندا تۇرسۇن زەينەپنى ياندىپ مېڭىپ ئۇنىڭغا:

— تازا ئاچچىقىڭىز كەلدى ھە؟ — دەپ پىچىرلىدى.

يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشى تېخىچە بېسىلمىغان زەينەپ ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن جىملەپ قويدى:

— خەقنىڭ ئالدىدا داۋراڭ قىلمىسىڭىزمۇ بولار ئىدى.

بۇ گەپتە گەپ بار ئىدى.

ئەنە شۇ مەشرەپ كېچىسى بولۇپ ئۆتكەن سېغىنىشلىق خاتىرە، يول بويى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى.

شۇ چاغدا زەينەپ ئىختىيارسىز ئېچىلىپراق سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقماي سىلكىگىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە شۇنى كوچۇلاۋېرىسىزغۇ.

— بىلىشنىغۇ بىلىمەن، ماڭا ھار كەلدى. ئەمما ھېلىقى بېيىتنى ئېيتقىنىڭىزدىن كېيىن...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— بولدىلا ئەمدى، ئۇنىمۇ قوزغامدىكىنە.

— شۇنىڭ ئاخىرىنى مۇشۇ ھېچكىم يوق يەردە ئېيتىۋەتمەمسىز. زەينەپ كۈلۈمسىرەپ:

— ۋىيش، — دەپ كىچىك باللارچە كالپۇكىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.

ئۇلار مەلىگە يېقىن قالغاندا چوڭ يول بىلەن ماڭماي، پاكا - پاكا قويۇق سۆگەتلەر ئارىسىدىكى كىچىك يولدا ماڭدى. تازا باراقسانلىق يەرگە كەلگەندە تۇرسۇن ئۆپچۆرىسىگە ھودۇقۇش بىلەن بىر قۇر قاراپ چىقتى - دە، كېيىن ئۆزىنىڭ ئىختىيارىنى ئىلكىگە ئالغان قىزغىن بىر ئۇمتۇلۇشنىڭ قايتۇرۇپ بولماس تۈرتكىسى بىلەن ئالمان - تالمان زەينەپنىڭ بويىنىغا قولىنى ئۇزاتتى. تۇرسۇننىڭ پەيلىنى سەزگەن زەينەپ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشىپ كۆردى، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنىڭ بويىنىغا قولىنى سىلىقلاتقان تۇرسۇن ھەدەپ ئۇنىڭ توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىگە ئۇمتۇلۇپ بويىنىنى سوزاتتى، ئەمما زەينەپ بېشىنى تۆۋەن قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ خاھىشىغا بوي ئەگمەسكە تىرىشاتتى.

— ئانداق قىلماڭ، سەت، بىرسى كۆرۈپ قالىدۇ.

بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ چىقاتتى. لېكىن تۇرسۇن ھامان ئۆز ھەرىكىتىنى داۋام قىلدۇراتتى. ئاخىرى بويۇنلىرىنى قايرىپ تۇرۇپ ئۆز لېۋىنى قىزنىڭ ئوماق مەڭزىگە يېقىن ئەپكەلدى، قىز شۇ چاغدا بىر سىلكىندى، تۇرسۇن ئالدىراشلىقتا ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنىڭ نەگىدۇ بىر يېرىگە ئۆزىنىڭ لېۋىنى تەگكۈزۈپ ئالالىدى. راستىنى ئېيتقاندا قىزنىڭ مەڭزىگە ياكى لېۋىگە ئەمەس، پەقەت قۇلىقىغا...

تۇرسۇن ئەمدى ئۇنى قويۇپ بەردى، قاتتىق يۇلقۇنۇپ يىگىتتىن ئاجرىغان قىزنىڭ لەۋلىرى تىترەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يەر ئاستىدىن قاراشلىرىدا تۇرسۇنغا قارىتا رەنجىشمۇ، ياكى مۇلايىم بىر جىلۋىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىككى ئوتتۇرىدىكى بىر مەنە پىلدىرلاپ تۇراتتى، ئۇ ئۆزىدىكى ھاياجاننى باسالماي:

— ساراڭ!... — دەۋەتتى ۋە كېيىن بۇ سۆز تۇرسۇنغا ھار كەلمىسۇن دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى يۈگۈرۈتۈپ، ئۇماققىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، ئۆزىنى چوڭ يولغا ئالدى.

تۇرسۇن ئەتراپقا ئەنسىرەش بىلەن بىر قارىۋالدى ـ دە، يەنە زەينەپكە يانداپ ماڭدى. كوچىنىڭ ئاغزىدا ئويناپ يۈرگەن ئۇششاق باللارنى كۆرۈپ، ئويۇننىڭ مەشەدە تۈگەيدىغانلىقىنى سەزدى ۋە ئالدىراپ:

— خاپا بولدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى زەينەپتىن.

زەينەپ گەپ قىلمىدى، ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ باراتتى. ئارىلاپ ئۇنى كۈلكە قىستايتتى. بۇ تۇرسۇنغا ئارام بېرەتتى. بىرئاز جىم مېڭىپ، مەھەللىنىڭ زەينەپلەرنىڭ كوچىسىغا ئەگىلىدىغان دوقمۇشقا يېقىن قالغاندا ئۆزىگە سەۋر بېرەلمىگەن تۇرسۇن:

— زەينەپ! — دېدى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

قىز ئۇنىڭغا مۇلايىم كۆزلىرىنى "نېمە" دېگەندەك تىكىپ تۇرغان ئىدى.

— ئەلچى كىرگۈزىمەن، — دېدى ئۇ قىزغا، يۈرىكىنى دولقۇنلاندۇرۇپ تۇرغان نازۇك بىر تۇيغۇ بىلەن.

شۇ چاغدا زەينەپمۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمانچە ئالدىراش؟ — دەۋەتكىنىنى سەزمەي قالدى.

## "مۇئەللىملەر بىلىدۇ"

ئەلچىلەرنىڭ سۆزى زەينەپنىڭ دادىسى قۇناخۇنغا پۈتۈنلەي ياقتى. ئۇ، شۇ زامانلا ماقۇل جاۋابىنى بېرىۋېتىشكە تەييار تۇراتتى. بىراق خوتۇنى رابىخان گەپنىڭ ئالدىنى ئېلىپ.

— مەسلىھەت قىلايلى، — دەۋەتتى.

— مەسلىھەت قىلغۇدەك نېمىسى بار بۇنىڭ؟ تەگتۇشكەن، تازا لايىقى. ماقۇل دېسەڭلەر، ھازىر ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىمۇ بېسىقاي دەپ قالدى. مۇشۇ كۈزدىن قالدۇرمايلا توينى قىلىۋەتسەك دەيمىز.

بىراق، خوتۇنىدىن قورقىدىغان قۇناخۇن شۇكلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئارىلاپ خوتۇنغا كۆز سالغاندا، رابىخان ئۇنىڭغا "مېنىڭ دېگىنىمنى دە" دېگەندەك شەرەتلەر بىلەن ئالىيىپ قوياتتى.

ئەلچىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، رابىخان ئېرىگە ساۋاق بېرىشكە باشلىدى:

— قىز چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشاي دەپ تۇرغىنىمىز مۇشۇ. ئەتە-ئۆگۈن دەرد بالاسى بولسا يەنە بىزگە كېلىدۇ. ئۆزىنى ئوكشاپ باقالمايۋاتقان بىر يالاڭ تۇشكە شۇنچە ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن گۆھەردەك بالىنى قوشۇشقا كىمنىڭ كۆزى قىيىدۇ.

— ئۇنداق دېمىگىن خوتۇن، — دېدى قۇناخۇن ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ھەركىمنىڭ بالىسى ئۆزىگە گۆھەر.

— ۋاي خۇدايىمەي، گۆھەردە گۆھەر بار. ھېلى بىر تۇرسۇنـ-كەن، ئۇنداق ئۇنىغا قىيمايمەن قىزىمنى، قىزنىڭ ھالىغا ئانا يېتىدۇ.

ئەتە-ئۆگۈن، ھەسرىتى كەلسە، ماڭا كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا سىلى چەتكە چىقىۋالىدىلا، زادى تۇرسۇننىڭ زەيىنەپكە ئەر بولغۇچىلىكى يوقلۇقىنى كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ.

قۇناخۇن بۇ تۇرقىدا خوتۇنىنى ئۆز گېپىگە كىرگۈزۈشكە كۆزى يەتمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ ياۋاشلىق بىلەن خېلى گەپلەرنى قىلىپ كۆردى. ئاخىرى خوتۇنى رەڭگىنى بۇزۇپ سەت تىللار بىلەن ئېرىنى كايىپ كەتتى.

— سەن دىۋانە، ئالدى-ئارقاڭنى ئويلىمايسەن "كېيىنكى پۇشمان، ئۆزىگە دۈشمەن" دەپتىكەن. ھەممە ئىشنى ئۇقۇپ تۇرۇپ ئۆز پۇتىغا ئۆزى كەكە چاپىمەن دەيدا.

قۇناخۇن ھارسىنىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ئالدى-دە:

— ھە، سەن پۇشمانىنى بىلسە، — دەپ زەردە بىلەن غودۇڭشىدى.

رابىخان ئېرىنىڭ بۇ قانداقتۇر بىر مەنىلىك كايىشى ئالدىدا ئازراق دىققەت بولۇپ تۇردى-دە، كېيىن ئۆزىنىڭ تۇرقىنى بىرئاز تۈزەشتۈرۈپ، قىزىل يەكتىكىنى كىيىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ، توپتوغرا مەكتەپكە باردى-دە، شاۋۇدۇن ئەپەندىنى تاپتى. شاۋۇدۇن ئەپەندى سىنىپتىكى دەرسىنىمۇ تۈختىتىپ، بىر بۇلۇڭدا رابىخان بىلەن مۇڭدىشىپ كەتتى.

— سىز ئوقۇغان ئادەم ھەم قىزىمنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سالغان، — دېدى رابىخان ئۇنىڭغا ئەلچىلەر ۋە ئېرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بولۇپ، — قىزىم خاراب بولۇپ كەتمىسۇن. سىز دادىسىغا كايىپ قويۇڭ، زەينەپنىڭمۇ قۇلىقىنى بۇراپ...

شاۋۇدۇن ئەپەندى رابىخاننىڭ نېمە مەقسىتى بارلىقىنى تولۇق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈشەندى ـ دە، ئۆز ئىچىدىن قانداقتۇر بىر خۇشاللىقتا چۆمدى.

ئۇ پېشانىسىنى سىلاپ بىرپەس ئويغا پاتتى ـ دە، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، رابىخانغا يول كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ــ بولىدۇ، مەن زەينەپكە ياخشى چۈشەنچە بېرەي. سىلى ئەلچىلەرگە "قىزىمىز ئارتىست. ئۇنىڭ ئىشىنى مۇئەللىملەر بىلىدۇ" دېسىلە. قالغان ئىشنى ئۆزەم ئوڭشايمەن.

رابىخان كەتكەندىن كېيىن، ئۇ تۇرغان يېرىدە بىرئاز ئەندىشە-لىك خىيال بىلەن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، كېيىن قولىنى سىلكىپ سىنىپقا كىرىپ كەتتى.

ئەلچىلەر مەكتەپكە بارغاندا شاۋۇدۇن ئەپەندى ئۇلارنىڭ كېلىشىنى بىلگەندەك ئۆزىنى تەييارلاپ تۇراتتى: ئۇ مۇدىرنىڭ ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ بىر يوغان كىتابقا تىكىلىپ ۋە ئارىلاپ-ئارىلاپ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، چوڭقۇر بىر پىكىرگە چۆككەن-دەك بولاتتى.

تۇرسۇننىڭ ئەلچىلىرى كىرىپ، ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىنى ئالدىنئالا بىلگەن شاۋۇدۇن ئەپەندى گەپ داۋامىدا ئۆزىنى سورلۇك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى ۋە كېيىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بۆلۈم ئىچىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ:

ــ بۇ مەسلىھەتىڭلار توغرا ئەمەس. ھازىرقى جەمئىيەتتە ياشلارنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ. بىز خەققۇ ئۆتمۈشتە نادانلىقىمىزدىن ئىلگىرى باسالمىغان. ئەمدى يېڭى جەمئىيەتتە ياشلىرىمىز ئوقۇپ ئۆسۈپ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىۋاتسا، ئۇلارغا توسالغۇلۇق قىلساق توغرا بولامدۇ. ئۇلار ياش، ھازىر ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. كۆرۈپ

تۇرسىلە. ئۇلار ئىككىسى يېزىدا ئارتىست. ئۇلارنىڭ ئوقۇشى لازىم. ئەگەر ھازىر تۇرمۇش قۇرىدىغان بولسا، ئىش تۈگىدى. ئۆي باقىمەن، بالا باقىمەن دەپ ئۆمرى ئۆتىدۇ. جەمئىيەتكە خىزمەت قىلالمايدۇ. ئۇلار بىرئاز ۋاقىت خىزمەت قىلسۇن. ئىلاجى قىلىپ ئوقۇتلى، ئاندىن كېيىن چىرايلىق تويىنى قىلساق بولامدۇ.

ھەر ھالدا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى ئەلچىلەر چۈشەندى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ:

— ئەپەندىم، ئارتىستلىكنى ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىنمۇ قىلغىلى بولىدۇغۇ، — دېدى بىرسى.

شاۋۇدۇن ئەمدى سىلىق گەپ قىلىشنى خالىمىدى.

— زادى بىز خەق، — دەپ گۆركىرەشكە باشلىدى ئۇ، — ئۆزىمىزنىڭ نادان بولۇپ يۈرۈشىمىزنى ئاز دەپ، ياشلارنىمۇ ئۆسۈشكە يول قويمايمىز. ئەمدى كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار، ياشلار كېلىچەكنىڭ ئىگىسى.

ئەلچىلەر بوشىشىپ قالدى. شاۋۇدۇن ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ئۇلار تېخى بىلىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن قانداقتۇر بىر سىر باردەك تۇيۇلدى، ئېھتىمالىم. ئاخىر "بىزغۇ سىياسەتنى ئۇقمايمىز، مۇشۇ ئوقۇغانلار بىرنېمە بىلەر، كېيىن بىز بىر بالاغا قالمايلى" دېگەن ئەندىشە بىلەن:

— توغرا - توغرا. شۇنداق بولسۇن...، — دېدى - دە، كەينىچە چىقىپ كېتىشتى.

شاۋۇدۇن ئەپەندى شۇنىڭ بىلەن بىرئاز يېنىكلەشكەندەك بولدى.

مۇشۇ تۇرقىدا "شاۋۇدۇن ئەپەندى نېمشقا مۇنداق قىلىدىغاندۇ"

دېگەن ئۇي قىسمەتلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدە سوئال بولۇپ تۇغۇلغاندۇ، توغرا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئوقۇپ بىلىش كېرەك.

بىرقانچە پۇشتىدىن باجگىر بولۇپ كەلگەن ئائىلىنىڭ بالىسى شاۋۋدۇن كىچىكىدىلا ھاكاۋۇر بالا ئىدى. نامدا 7 ـ سىنىپنى تۈگەتكەن، شاۋۋدۇننىڭ مەلۇماتى ھەقىقەتەن كاۋاك ئىدى. ئۇ مۇئەللىم بولغاندىن كېيىن مەكتەپتىكى مۇدىر ۋە مۇئەللىملەرنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمەيتتى. سىنىپتا دەرسنى تولاراق ھېكايە ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ، ئۆزىنى ناھايىتى بىلەرمەن ئادەم قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن بوش گەپ قىلمايتتى. ئۇ قىلغان بەزىبىر مەددىنىي گەپلەرنى مۇدىر ۋە مۇئەللىملەر چۈشەنمەي، ئويلىنىپ قالاتتى. شۇنداقلا ئادەم بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇلارنىڭ مىجەزىنى ئۆلچەپ سۆزلەشنىمۇ بىلەتتى. بۇ يەردىكى مۇدىر ۋە مۇئەللىملەرنىڭ بىلىممۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى. كۆپى دېگۈدەك مۇشۇ يېزا ـ سەھرادىن باشقا چوڭ شەھەر ۋە چوڭ مەكتەپ كۆرمىگەن، ئالدى 5 ـ سىنىپ، كەينى 3 ـ سىنىپ ئوقۇغانلار ئىدى. ئۇلارغا شاۋۋدۇن ئەپەندىنىڭ مۇئامىلىسى بەك ياقاتتى. ئاز كۈن ئۆتمەيلا شاۋۋدۇن ئەپەندى ئۇلارنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى ۋە بارا ـ بارا خەلق ئىچىدىمۇ "ئوقۇمۇشلۇق مۇئەللىم" دېگەن-ھۆرمەتكە ئېرىشتى.

مەكتەپكە كېلىپ دەسلەپتىلا ئۇنى قىزىقتۇرغان نەرسە 4 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان زەينەپ ئىدى. بويى يېتىپ قالغان بۇ چىرايلىق، ئوماق قىز، بىر كۆرۈش بىلەنلا شاۋۋدۇنغا يېقىپ قالدى.

يۈرەككە چۈشكەن بۇ ئوتنى قانداقتۇر بولمىسۇن بېسىش كېرەك ئىدى. بىراق، ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يامانلاقلىق تۇرغان خوتۇنى بىلەن ئىككى ياشلىق ئوغلى بۇ نىيەتكە پۇتلىشىپ تۇراتتى. ئاخىرى ئۇنىمۇ

يولغا سېلىپ، زەينەپنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ زەينەپكە بەك يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى، لېكىن ساددا زەينەپ ئۇنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ يەتمەيتتى.

بىركۈنى نامازشامدىن كېيىن شاۋۇدۇن ئەپەندى مەكتەپ ياتىقىدا زەينەپ توغرۇلۇق شېرىن خىيالغا چۆكۈپ تۇرغىنىدا ئىشكنى ئېچىپ بىرسى كىرىپ كەلدى. شاۋۇدۇن شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، زەينەپ ئىكەن. ئۇنىڭ قولىدا بىر تاۋاق بار ئىدى. شاۋۇدۇننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. زەينەپ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ:

— ئاپام مانتا ئېتىپتىكەن. يەپ باققاي دەپ كىرگۈزدى، — دېدى - دە، تاماقنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

باياراقتا شاۋۇدۇن زەينەپلەرنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە رابىخان خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپتۇ، بىر ياقتىن كىچىك بالىسى يىغلاپ يېتىپتىكەن. رابىخان تۇگىدىن سۇ ئالماقچى بولغاندا سۇمۇ تۈگەپ قاپتۇ. شاۋۇدۇن شۇ يەردە بىر چاققانلىق قىلدى - دە، دەررۇ سوغىنى ئېلىپ، كۆلدىن سۇ ئەكىرىپ بەردى. بۇنىڭغا بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتكەن رابىخان، كېيىن قىزىغا دەپ بەرگەندە، قىزى:

— ۋىيەي ئانا، مۇئەللىمنىمۇ ئىشقا سالامسەن؟ — دەپ ئانىسىنىمۇ جىملەپمۇ قويدى. تاماق پىشقاندا رابىخاننىڭ خىيالى يەنە شاۋۇدۇن ئەپەندىنى يوقلاپ قالدى - دە، دەررۇ قىزىدىن مۇشۇ تاماقنى كىرگۈزگەن.

شاۋۇدۇن ئەپەندى ئويلاپ، زەينەپنىڭ تاماق ئەكىرىشىدىن ئاللىقانداق بىر مەنە ئىزدىدى. "تايىنلىق بۇ قىزنىڭ يۈرىكى ماڭا سوقۇپ قاپتۇ" دېدى ئىچىدە. كېيىن يەنە "ھېچكىم يوق، بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۆيۈپ قويۇپ، سىناپ كۆرمەيمۇ" دېگەن يەرگە كەلگەندى، سىرتتىن بىر ئالاقچى بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. شۇ ۋاقىتتا زەينەپ:

— قاچىنى ئەتە ئالارمەن، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى. شاۋۇدۇن بىردىن بوشىشىپ كەتتى. ھازىر ئويلىغان مەقسىتىگە توسقۇن بولۇپ كۆرۈنگەن ئالاقچىغا ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلدى، دەردىنى ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغاندەك كونۋېرتنى ئاچچىقى بىلەن ژىرتىپ ئاچتى. ئالاقچى كەتكەندىن كېيىن تاماقنىمۇ يېمەي، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى "قانداقلا بولمىسۇن، زەينەپنى ئالىمەن، ئۇ ياق دېمەيدۇ، ئانىسىغۇ ئۇھ جان دەيدۇ" دېگەن يەرگە كەلدى - دە، بىر ھەپتىدىن كېيىن خوتۇنىنىڭ خېتىنى بېرىۋەتتى.

ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلغان بىرئىش ئۆتتى. ئۇ بولسىمۇ ساۋۇتۇمنىڭ ئۆيىدىكى مەشرەپتە تۇرسۇن بىلەن زەينەپنىڭ غەرەزلىك ھالدا بېيىت ئېيتىشىشلىرى ئىدى. شۇندىن بېرى شاۋۇدۇن ئەپەندى چۈشىن يەۋالغاندەك بولدى. تۇرسۇن بىلەن زەينەپ ئىككىسىنىڭ بىر يەردە تۇرغىنىنى كۆرسە قويىقى چېچى تىك تۇرىدىغان، تۇرسۇنغا قارىتا ئۆچمەنلىك ئوتىدا ياندىغان بولۇپ قالدى.

بىراق، ئۇنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا مۇمكىنچىلىك باردەك تۇراتتى. بولۇپمۇ رابىخان بىلەن بولغان يېقىنلىقى بۇ مەقسىتىگە چوڭ ئوڭايلىق تۇغدۇرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. تۇرسۇنلار ئەلچى كىرگۈزۈشتىن سەل بۇرۇن مەلىدىكى مەريەمخان دېگەن زوكۇندا جاۋۋالداق خوتۇن ئارقىلىق رابىخانغا ئۆز نىيىتىنى يۇرىتىپ قويغاندا، رابىخان "ئەگەر قىزىم شاۋۇدۇن ئەپەندىگە

يارىسا، قىز ئايلانسۇن" دېگەن مەنىدە بىر گەپ قىلىپ، شاۋۇدۇلنى خاتىرجەم قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە تۇرسۇن ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرسە كېرەك.

شاۋۇدۇن ئەپەندى دىققەت بولۇپ قالدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ رابىخاندا گەپ يوق، زەينەپنىڭ قۇلىقىنى بۇراش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزى نەسىھەت قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭغا زەينەپنى سۆز بىلەن ئۆزىگە كۆندۇرۇش مۇمكىندەك تۇراتتى، بىراق ھازىرلا ئۆز مۇھەببىتى توغرىسىدا ئوچۇق گەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى تۇرسۇندىن بەزدۈرۈش كېرەك؟ بۇ مەسىلىھەت بۇزۇلغاندىن كېيىن ئۆز ئىشىنى چىرايلىق باشلاش مۇمكىن. ئەلچىلەرگە بولسا ھەيۋەتلىك گەپلەردىن بىرقانچىسىنى تەييارلاش كېرەك.

ئەلچىلەرگە نېمە دېيىش كېرەك؟ قىزنىڭ يېشى كىچىك دەي دېسە بولمىدى. قىزمۇ 17 ياشقا كىرىپ قالغان، تۇرسۇن بولسا 21 ياشتا. ئەڭ ياخشىسى بولار ياش، ئوقۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىست، تۇرمۇش قۇرسا ئارتىستلىكتىنمۇ قالىدۇ، ئوقۇشمۇ توگەيدۇ دېيىش كېرەك. بىراق ئۇلارنىڭ ھازىر ئوقۇش شارائىتى يوقلۇقى مەلۇملۇق. تۇرمۇش قۇرۇپمۇ ئارتىستلىك قىلىش مۇمكىنغۇ دېسە، بۇمۇ ئاقىدىغان گەپ. بۇنى بۇ يەردىكى سەھرالىقلارغۇ ئانچە كوچەلاپ كەتمەس، ئەمما رايوندىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالسا ئىش چاتاق. باشقا مۇئەللىملەردىنمۇ ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئەلچىلەرنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ يولغا سالاي. بىرەر چاتاق چىققىچە ئىشىمنى ئوڭشاپ بولىمەنغۇ!

شاۋۇدۇن ئەپەندى ئەلچىلەر كېلىشتىن بۇرۇن ئەنە شۇ ئويلارنى

ئويلاپ، تەييارلىنىپ تۇرغانىدى.

شاۋۇدۇن ئەپەندى 'سىناپ' باقتى

ئانىسى ئەلچىلەرگە ياخشى جاۋاب بەرمىگىنىنى زەينەپمۇ سەزگەنىدى، ئۇ ئىغىر غەمگە پاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تۇرسۇن بىلەن خالىراق بىر جايدا ئۇچرىشىپ مۇڭداشقىسى كېلەتتى. نىمە ئۇچۇندۇ ئۇچرىشالمىدى.

بىركۈنى ئۇ، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتكىنىدە كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئانىسى كىرىپ قالدى. چېچەن خوتۇن قىزىنىڭ يىغلىغىنىنى سەزدى.

ــ نىمە دەرد كەپتۇ ساڭا، ــ دەپ دوق قىلدى قىزىغا.

ئانىسىنىڭ پەيلى يامان ئىدى. قىزىنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا ئۆزى كوتۇلداشقا باشلىدى:

ــ بىلىمەن سىنىڭ پەيلىڭنى. سىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئاناڭ بىر ياقتا قېلىپ، ئۆز بىلگىنىڭنى قىلىمەن دەيدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭ بار.

كۆز بولغاندىكىن كۆرىدىكەن، قۇلاق بولغاندىكىن ئاڭلايدىكەن، زەينەپنىڭ تۇرسۇن بىلەن رالىشىپ قالغىنىنى ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئاڭلىغان رابىخان قىزىدىن قاتتىق رەنجىدى. ئۆزلىرىچە رالىشىپ تېگىدىغان سەت بىر ئىشنى بۇ يېزىدا بىرىنچى قېتىم باشلىغاندەك كۆرۈنگەن قىزى ئۇنىڭ ئالدىدا يات، پەيلى بۇزۇق بىر ئاتىكاچىدەك كۆرۈندى. بۇنى ئېرى قۇناخۇنغا ئېيتقاندا، ئۇ، ئۇلۇغ-كىچىك بىر تىنىدى-دە، "هازىر زامان شۇنداق ئىكەن، مەنچە بولغاندا، مەيلىدى" دېيىشكە، ئېرىگە بىر تاغار ئاهانەت قىلدى. شۇندىن كېيىن رابىخان

خالىي بىر ۋاق تېپىپ قىزىنى راسا بىر باشلىماقچى بولۇۋىدى، بىراق ئۆزى يېقىندىلا ئاڭلىغان "هازىر قانۇندا قىز بىلەن يىگىت ئىختىيار قىلىسىلا بولىدىكەن" دېگەن سۆزلەرنى ئەسلەپ، بوشىشىپمۇ قالغان. ئەمما هازىر يەنە پۇغانى ئۆرلەپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

زەينەپ ئانىسىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرسۇن بىلەن بولغان سىرنى ئانىسىنىڭ بىلىپ قالغىنىنى سېزىپ، گەپ ياندۇرالمىدى. قانۇندا "ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىختىيارى" توغرىسىدىكى گەپنى زەينەپ ئانىسىدىن بۇرۇن ئۇققان، لېكىن "ئۇ قانۇن تېخى هەممە يەردە يۈرگۈزۈلمەيدۇ، ئۆرپ - ئادەتكە ئېتىبار بېرىلىدۇ" دېگەن سۆزلەرنىمۇ ئاڭلىغان. ئۇنىڭ ئويى هازىرچە بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئىچىدىن ئۆز مۇهەببىتىگە يول ئاچقىدەك بىر پىكىرنى پەيدا قىلالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۆز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى.

رابىخان قىزىنى بىرهازاغىچە تىللاپ:

— ماڭ جۇگۇ، — دېدى هاردۇق يەتكەن كىشىدەك، — سېنى شاۋۇدۇن ئەپەندى قىچقىرىۋاتىدۇ. خاپىلىقتا ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەنغۇ...

ئاغزىغا ئىلىم سالغان بۇ مۇئەللىمدىن بەك چۆچۈيدىغان زەينەپ مەكتەپكە دەككە - دۈككە ئىچىدە باردى.

دەرس ۋاقتى ئىدى. مەكتەپ ئىدارىسىدە پەقەت بىرلا شاۋۇدۇن ئەپەندى ئولتۇرۇپتۇ.

شاۋۇدۇن ئەپەندى ئۇنى بەك مۇلايىملىق بىلەن كۈتۈۋالدى، قىزنىڭ كۆزى ئۈستەلدىكى قېلىن - قېلىن كىتابلارغا چۈشكىنىنى كۆرۈپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن بىر هوزۇرلىنىپمۇ ئالدى.

شاۋۇدۇن گەۋدىسىنى سالماق بىلەن كۆتۈرۈپ، ئانىسى يالغان مۇزايىدەك پارقىراپ كەتكەن چىچىنى ھەۋەس بىلەن سىلاپ:

— ئۇلتۇرۇڭ! — دەپ ئۇستەل ئالدىدىكى ئۆزى بۇرۇن قويۇپ قويغان ئورۇندۇقنى زەينەپكە كۆرسەتتى.

ئاندىن پاپىروستىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، چەكتى، دېرىزىدىن كوچىغا بىر قاراپ قويدى-دە، — سائەت ئىككى بولۇپ قاپتۇ، — دەپ قويدى.

زەينەپ تارتىنىپ يەرگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇ "شاۋۇدۇن ئەپەندىم ئۇرۇسۇن بىلەن بولغان ئىشىمىزنى بىلگەن بولۇشى كېرەك، بەلكىم شۇ توغرۇلۇق كايىمدىكى" دېگەن ئويدا ئىدى. راست دېگەندەك نېرى-بېرى گەپلەردىن كېيىن شاۋۇدۇن ئەپەندى يۇمشاقلىق بىلەن كايىشقا باشلىدى:

— سىز بەك ئالدىراپ كېتىپسىز ئۇكام. بۇنداق ئالدىراش ھازىرقى زاماننىڭ قىزلىرىغا ياراشمايدۇ. سىز ھازىر تۇرمۇش توغرۇلۇق ئەمەس، بەلكى ئۆسۈپ كادىر بولۇش، سەنئەتچى بولۇش توغرۇلۇق ئويلاڭ. سىز مېنىڭ ئوقۇغۇچىم ھەم سىڭلىمدەك. گەپنى ئوچۇقلا ئېيتسام، تۇرمۇش توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىمۇ كىمگە مۇھەببەت باغلىشىڭىزنى ياخشى ئويلىسىڭىز بولاتتى. توغرا، تۇرسۇنمۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچىم، لېكىن ئۇنىڭ كېلەچىكىدىن چوڭ بىرنېمە كۈتكىلى بولمايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ قارا كۆتەكتەك بىرنەرسە. ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ قالسىڭىز، ئاقىۋەتتە چوڭ ھەسرەتتە قالىسىز. مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا سىزنىڭ كېلەچەكتىكى ھەسرىتىڭىز توغرۇلۇق قايغۇرۇۋاتىمەن. مېنى، راست مۇئەللىمىم، ماڭا دۈشمەنلىك قىلمايدۇ دەپ ئويلىسىڭىز مېنىڭ گېپىمگە كىرىڭ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش زەينەپكە بەك ئېغىر كەلدى. ئۇ قىزارغان پېتى بېشىنى يەردىن ئالمىدى. بىر ھېسابتا شاۋۇدۇن ئەپەندىنىڭ گەپلىرى توغرىدەكمۇ سېزىلەتتى، بىراق تۇرسۇننى كەمسىتىش ئۇنىڭغا ياقمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە تۇرسۇن ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم بولمىسىمۇ، بەك سۆيۈملۈك ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇ، بۇ تۇرقىدا مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى "توغرا" ياكى "توغرا ئەمەس" دېيىشكە پېتىنالمىدى.

شاۋۇدۇن ئەپەندى بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ، گەلەپىنىڭ يانچۇقلىرىغا قوللىرىنى سېلىپ ئۆي ئىچىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ سۆزلەپ تۇراتتى.

— ...سىزنىڭ ئەقلىڭىز بار. بۇنى مەن سېزىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلىرىمنى چۈشىنىدۇ دەپ ئىشىنىپ ئېيتىۋاتىمەن. گەپنىڭ قىسقىسى ئالدىرىماڭ، ئەڭ ياخشىسى تۇرسۇن توغرۇلۇق پىكرىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. سىزگە مەن ياردەم قىلىمەن. ئۇرۇمچىلەرگە، ھەتتا بېيجىڭلەرگە ئەۋەتىمەن.

زەينەپ ھامان ئۈنچىقماي تۇراتتى. شاۋۇدۇن ئەپەندى بولسا ئۇنىڭدىن تاقەتسىزلىك بىلەن جاۋاب كۈتەتتى، ئاخىرى:

— سۆزلىرىم قانداق، توغرىمۇ؟ — دەپ زەينەپكە تىكىلدى.

زەينەپ قىسىلدى. ئاخىرى مۇشۇ تاپتىكى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلاي دېگەن ئوي بىلەنلا:

— توغرا، — دەپ قويدى.

بۇ سۆز شاۋۇدۇن ئەپەندىنى جانلاندۇرغانىدى. ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ، زەينەپكە يېقىن كېلىپ قادالدى. مۇشۇنداق چىرايلىق، ئوماق قىزنى قولدىن چىقىرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەك ئېغىر ئىدى. ئۇ قىزنىڭ مۇلايىملىق بىلەن خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇشىغا دەككە-دۈككە بىلەن سەپسالاتتى. كېيىن يەنە ئۇ ياق بۇ ياققا بىر ئىككى مېڭىۋېتىپ، ئىشكنى ئېچىپ ئالاغا بىر قۇر كۆز تاشلىدى-دە، يەنە قىزنىڭ قېشىدا توختىدى. قانداقتۇر بىر ئاچكۆزلۈك تۇيغۇسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۇيىنىتاتتى. بۇ تۇيغۇ ئىچىدە، ئۆزىنىڭ ئورۇنۇشلىرىغا بۇ سەھرالىق ئوقۇغۇچىسى بويسۇنىدىغاندەك، ئەگەر ئىش چاتاققا ئايلانغىدەك بولسا، بىر ئىلاجى قىلىپ ئۆز ئەيىبىنى ياپالايدىغاندەك، بىر مۇجمەل ئىشەنچ بىلەن ئۆزىگە ماغدۇر يېقىۋاتقاندەك بولدى ۋە تېخىچە بېشىنى يەردىن ئالالماي، ئىچىدە دەدلىنىپ ئارىلاپ-ئارىلاپ مۇئەللىمگە خىجالەت بىلەن كۆز قىرىنى تاشلاپ، نومۇسچان كۈلۈمسىرەش بىلەن ئولتۇرغان زەينەپنىڭ بوينىغا قولىنى تاشلىدى. زەينەپ چۆچۈگەندەك بېشىنى كۆتۈردى. شاۋۇدۇن ھودۇقۇپ قالسىمۇ، چوڭ سۈپەتلىك بىلەن قىزنىڭ بويىنىنى قاردى، قىز نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ھاڭ-تاڭ بولۇپ، مۇئەللىمنىڭ قولىدىن چىقىشقا تىرىشاتتى. ئاڭغۇچە مۇئەللىم ئۇنىڭ بوينىنى ئۆزىگە يېقىن تارتىپ ئۆزىنىڭ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى قىزنىڭ مەڭزىگە تەگكۈزۈۋالدى. زەينەپنىڭ كۆزلىرى خىجىللىقتىنمۇ ياكى نەپرەتتىنمۇ، لېكىن ئۆزى چۈشىنىپ يەتمىگەن بىر ئاچچىق سېزىم ئوتىدا يانغاندەك بولۇپ كەتتى، مۇئەللىمنى سىلكىۋەتتى، ھەتتا ۋارقىرىماقچى بولغانىدى، لېكىن نېمىشقىدۇ پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا ياش يۈگۈردى. بۇنى كۆرۈپ ئۆز ئىچىدىن ئېغىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان شاۋۇدۇن ئەپەندى ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتتى ۋە ھېچبىر غەيرىي نىيەت ئويلىمىغان كىشىدەك سالاپەتلىك كۈلۈمسىرەش بىلەن:

— يىغلاپ يۇرمەك يەنە، چۈشەنــدىگىزمۇ مېــنىڭ نېمە قىلىۋاتـ-
قىنىمنى. بۇنــىڭدا قىلــچــە يامان نــىيەت يوق، — دېــدى ئۇ، ئۆز
ھودۇقۇشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن رەڭگىدىكى سالاپەتلىــك قىياپىتــىنى
بۇزماسلىققا تىرىشىپ، قىزنىڭ قىياپىتىدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن داۋام
قىلدى، — مەن سىزنى قانــداق قىلــدىــكىن دەپ، ســىــناپ كۆرگەن
ئىدىم. ياخشى نىيەتلىــك قىز ئىــكەنسىــز. نۇرغۇن قــىزلار باركــى،
ئۇلارغا مۇنــداق قىلــقــلارنى قىلــغان زامانــلا غىلــجىڭــلايدۇ ياكى
تەنتەكلىك قىلىپ غوۋغا كۆتۈرىدۇ. ســىز ئۆزىڭــىز كــىچىك بولغان
بىلەن ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋاپسىز. شۇنداق بولۇش كېرەك.
بۇ گەپلەر زەينەپنى چوڭقۇر ھەيرانلىققا سالدى. لېكــىن مۇئەل-
لىمنىڭ مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىــدىــكى غەرەزســىزدەك كۆرۈنگەن
سالاپەتلىك قىياپىتى ئۇنى "بەلكىم يامان ئويى يوقتۇر، سىنىغاندۇر"
دېگەن چۈشەنچىگە يېقىن ئەكەلدى. كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بىلدۇر-
مەكچى بولغان ئاچچىق نەپرىتــىنى بېسىپ قالغىنىغا خۇشالمۇ بولدى.
زەينەپنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشــىگە باشلىغىنىنى سېزىــپ تۇرغان
شاۋۇدۇن ئەپەندى، ئەركىن بىر نەپەس ئالدى-دە:
— سىز بۇ يېزىدا تۇرۇپ، مۇنداق ئىشلارغا ھەيران قېلىشىڭىز
مۇمكىن. سىز بىر سىناقتىن ئۆتتىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنــىيەتتە
سۆيۈش دېگەن ئەيىب ئەمەس. ئۆز سىڭلىسىدەك ياكى سەپدىشىدەك
كۆرۈپمۇ سۆيۈشىدۇ. بىز خەق ئۇنى ئېغىر ئالغان بىلەن مەدەنىيەتتە
ئۇ ياخشى ئىش. يەنە بۇ گەپنى ھازىرلا خەققە دەيدىغان بولســىڭىز
تېخى مەدەنىيەتنى چۈشىنىپ يەتمىگەن بىچارە خەلق ھەيران بولىدۇ
ۋە غوۋغا كۆتۈرىدۇ. بۇنى ئۇلار بارا-بارا ئۆگىنىدۇ. بىزلەر ئۇلارغا
بۇنى ئاستا-ئاستا ئۆگىتىمىز.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن زەينەپنىڭ ئۇشتۇمتۇت قوزغالغان رەنجىش-لىرى بارغانسىرى يېنىكلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزى تېخى چۈشەنمىگەن غەلىتى يېقىملىقلار تۇغۇرسىدىكى ئويلار كېلىپ باستى.

— سىز بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سۆھبىتىم شۇ! — دېدى شاۋۇدۇن ئەپەندى ئاخىردا، — مەن سىزنىڭ خاراب بولۇشىڭىزنى خالىماي-مەن. سىز ئالدىرىماڭ. بالىلىق قىلماڭ. ياخشى ئويلىنىڭ. كېيىن ئۆز چۈشەنچىڭىزنى ماڭا دەپ بېرىڭ. مەن سىزگە ھەقىقىي ئىنقىلابىي ئاكىلىق سوپىتىم بىلەن ياردەم بېرىمەن.

ئارىغا چۈشكەن بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن زەينەپ ئۆزى ئويلاپ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان خىيالنى بۇزۇپ:

— بولىدۇ، — دېدى-دە، كەينىگە قارىمايلا چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۈچ-تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئاما شاۋۇدۇن ئەندىش قىلغان بىرەر غۇلغۇلا چىقمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆز قايغۇسىغا تەسەللى تاپقان شاۋۇدۇن "مېنىڭ سۆزۈم زەينەپكە تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. ئاستا-ئاستا مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۆزەمگە كۆندۈرۋالغۇدەكمەن" دېگەن چۈچۈمەل بىر خىيال بىلەن ھۇزۇرلى-نىدىغان بولدى.

ئاخىرى ئۇ ھېلىقى جاۋۇلداق مەريەمخاندىن ياردەم سورىغاندا، ئۇ:

— ئەگەر زەينەپ سىزنىڭ ئالدىغان نىيىتىڭىزنى بىلسىلا ئۇ جان دەيدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ياخشى خوتۇن، دادىسى تولىمۇ نادان، ئالىم بىلەن زالىمنىڭ پەرقىنى ئۇقمايدىغان ئادەم ئەمەس ئۇ، مەيلى رابىخانلا غەيرەت قىلغاندىن كېيىن قۇناخۇننىڭ كارى چاغلىق. بىلسە، سىزدەك بىر كۈيئوغۇلنى تاغ-تاغ ئالتۇن خەجلەپمۇ تاپال-مايدۇ، — دەپ شاۋۇدۇننى راسا ئۇچۇردى.

## قاچقان بىلەنمۇ ئەپلەشمىدى

تۇرسۇننىڭ ئۆيلىنىدىغان يېرى بار. ئانىسى ئۆلۈپ كەتكىلى بىر يىلدىن ئاشتى. كىچىك باللارغا ۋە 60 ياشتىن ئېشىپ قالغان دادىسى قاسىم ئاخۇنغا ئۇ ئىگە بولدى. ئۇيى ئىشلىرى 11 ياشلىق سىڭلىسى زۆرەمگە ئېغىر كېلىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئوقۇشى كېرەك. دادىسىنى ئۆيلەپ قويايى دېسە، ئۇ كۆرگەنلا خوتۇننى ياراتمايدۇ. ئۇ ئاۋۋال باللىسىنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇپ، ئۆزىگە لايىقنى ئالدىرماي تېپىشنى ئويلايدۇ.

بىراق ئەلچىلەر كۆڭۈلسىز جاۋاب بىلەن قايتىشتى. قاسىم ئاخۇن ئەمدى ئوغلىغا باشقا يەردىن لايىق ئىزدەيلى دېسە ئوغلى ئۇنىمايدۇ. ئوغلىنىڭ زەينەپكە مۇنچىۋالا كۆيۈپ يۈرگىنىنى ئاتىسى سەزمىدى ئەمەس، بىراق بوۋاي بۇ ئىشقا يەنە كىرىشىپ بېقىشنى ئۆزىگە لايىق كۆرمىدى، "بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس" دېگەندەك قىز تەرەپنىڭ كۆرسەتكەن باھانىلىرى چاغلىق، ئەسلىدە قىزنى بېرىدىغان نىيىتى يوق. ئانداق بولغاندىن كېيىن بىچارە بوۋاي نېمە قىلسۇن؟

ئەمدى گەپ تۇرسۇندا قالدى.

بىركۈنى كەچتە، تازا سۇپسۇزۇك ئايدىڭدا قوناخۇنلارنىڭ ئارقا تېمىغا يانداش توغراقلىقتا زەينەپ بىلەن مۇڭداشتى.

ئاي دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇلارنى مارىلىغاندەك نەگىدۇ سۇڭگۈپ باراتتى. كۈزنىڭ سالقىن شامىلى غورقىراپ ئۇچۇپ، نەپەسنى لەززەت بىلەن تولدۇراتتى. زەينەپ بېشىنى تۇرسۇننىڭ كۆكسىگە قويۇپ بىر بىرھازا غىچە ئېسەدەپ يىغلىدى، تۇرسۇن بىر تۇرۇپ ئەتراپقا چۆچۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قاراپ، بىر تۇرۇپ ئۆز كۆكسىدە ئۇنىڭغا كۆز ياشلىرى بىلەن مۆڭ تۆكۈۋاتقان سۆيۈملۈكىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى.

زەينەپ ئۆپكىسىنى ئاران باستى.

تۇرسۇن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ تەسەللى بېرەتتى:

— سىزلا چىڭ تۇرىدىغان بولسىڭىز، ئىشىمىز ئوڭۇشلىدۇ.

— نېمە دېسىڭىز مەن تەييار. ئانامنىڭ دوقىدىن ئۆيدە تۇرۇشقىمۇ تاقىتىم قالمىدى.

زەينەپ ئۇنىڭغا قايسى كۈنى شاۋۇدۇن ئەپەندىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى، مەدەنىي قىلىقلىرىنى ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ بولغانىدى. بىراق سۆزلەشكە ئاغزى بارمىدى. ئەگەر شاۋۇدۇن ئەپەندىنىڭ راستلا يامان نىيىتى بولمىسا، تۇرسۇن بۇنى چۈشەنمەي ئوتتۇرىدا بىر كۆڭۈلسىزلىك تۇغدۇرۇپ قويمىغىدى، دەپ ئەندىش قىلدى.

تۇرسۇن زەينەپنىڭ بەك تەڭقىسلىقتا قېلىپ جەبىرلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ يۈرەتتى. رابىخاننىڭ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلگەن تۇرسۇن بىر تەۋەككۈل قىلىپ قىزنى ئەپقېچىشنى نىيەت قىلىپ پۈككەنىدى. بولۇپمۇ مۇشۇ يېقىندا رابىخاننىڭ زەينەپكە دوق قىلىپ ”شۇنچە ئالدىرىغان بولساڭ ئۆزەم بىر لايىق تېپىپ ئۇچ-تۆت كۈننىڭ ئىچىدىلا ئىشىڭنى ئوڭشايمەن. ئەگەر بۇنىڭغا كاژلىق قىلىدىكەنسەن، كۆرگۈلۈكۈڭ بار“ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدىراپ قالدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بېسىقمىغاچقا بۇ توغرۇلۇق ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمىگەنىدى، ”ئەمدى تەۋەككۈل قىلىش كېرەك. ئېلىپ قاچقاندىن كېيىن قىز تەرەپمۇ ئىلاجسىز كۆنىدۇ. ناھايىتى بۇ ئىشقا ئون نەچچە كۈن كېتىدىغۇ“ دېگەن يەرگە كەلدى-دە:

— قاچساق دەيمەن، — دېدى قىزنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ.

بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن ئويلاپ، باشقا ئامال تېپىشقا كۆزى يەتمىگەن قىز يۈرىكىدىكى جاۋابنى ئېيتتى:

— مەيلى!...

قانداقلا بولمىسۇن قېچىش دېگەن ئوڭاي گەپ ئەمەس، بولۇپمۇ بۇنىڭ سۆز - چۆچەكى يامان، تۇرسۇن بىلەن زەينەپ بۇ تەرەپلەرنىمۇ ئويلىدى. ھازىرچە ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا چارە تېپىپ ئۆز مۇھەببىتىگە ئەركىن يول ئېچىشقا ئىلاجسىز ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەتە كەچقۇرۇنلۇققا قېچىشقا ۋەدىلەشتى. تۇرسۇن ئۇنى ئاياغ مەلىدىكى سۆگەتلىكتە ھارۋىلىق كۈتۈپ تۇرماق بولدى ۋە نەگە قېچىپ بېرىشنىمۇ بەلگىلەپ قويدى.

تۇرسۇن ئەتىسى ئاغىنىسى سايىتنى تاپتى. ئۇنىڭغا ئىشەش بىلەنلا ئۆزىنىڭ زەينەپنى ئەپقېچىش توغرىسىدىكى نىيىتىنى ئېيتتى ۋە بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ياردەم بېرىشىنى سورىدى.

گەدىنىدە ئازراق تاتۇقى بار سايىت تۇرسۇندىن ئىككى - ئۈچ ياش چوڭ، قورقۇمسىز يىگىت ئىدى. تۇرسۇن ئۇنىڭغا زىنەپنى ئېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئاللىقاچانلا ئېيتقاندا، سايىت خۇشال بولغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشنىڭ مۇنچىۋالا كېلىشمەسلىكلەرگە يولۇقۇۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى يوق بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم، دەسلەپتە ھەيران بولدى ۋە كىمىندۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى، ئاخىرى:

— بار جېنىم بىلەن ياردەم قىلىمەن. مەن ئۆزەم ھارۋامغا چۈشۈرۈپ نەگە ئاپار دېسەڭ ئاپىرىپ قويىمەن، — دېدى.

ۋەدە بويىچە كەچقۇرۇنلۇقى سايىت ھارۋىسىنى قېتىپ سۆگەتلىكتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى. كىچىكمەي زەينەپ بىر يىغىنچاق بوپپا كۆتۈرگىنىچە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇرسۇن كۆرپە، يوتقان ۋە بىر چەكمەننى كۆتۈرگەن بويىچە كەلدى ۋە ئۇلار ھودۇققان پېتى ئالمان-تالمان يولغا راۋان بولدى.

ئۇلار توغراقلىق ئىچىدىكى يامان يول بىلەن 5-رايوننىڭ 2-يېزىسىدىكى تۇرسۇننىڭ تاغىسى مەمتىلى جوۋازچىنىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ ماڭدى. شامال ئەنسىزلىك بىلەن گۈرۈلدەيتتى. نەدىدۇ قارىغۇ ياپىلاقنىڭ سۈرلۈك ھوۋۇلىشى ئاڭلىناتتى. كېتىۋاتقانلارغا كېچىنىڭ ئايدىڭلىقمۇ ئەندىشە سالاتتى. زەينەپنىڭ كۆزى ئايغا چۈشكەندە، ئۇ، خۇددى بۇلارنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقىنىنى بىرسىگە ئېيتىپ قويىدىغان نىيەت بىلەن پارچە-پارچە بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ كەنتى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى ۋە بىر تۇرۇپ، ئۇ بۇ باللارچە ئۇيىنى زاڭلىق قىلاتتى.

ھەممىسى شۈك دېگۈدەكلا ئىدى. يول ماڭغاندا ناخشا ئېيتماي تۇرالمايدىغان سايىتمۇ جىم ماڭدى.

ئۇلار 5-رايوننىڭ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش خىزمىتى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان 3-يېزىسىغا ئايرىلىپ كېتىدىغان يەرگە كەلگەندە كىمدۇ بىرسى ئۇلارنى توختاتتى. بۇ يەردە يېزىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىختىيارىي كۆزەتچىلەر تۇراتتى. ئۇلار يېزىدا يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش خىزمىتى جەريانىدا زومىگەر-پومىشچىكلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئىشلىرىنى پايلاپ يۈرەتتى. بايا ۋارقىرىغان كىشى ھارۋىدىكىلەرگە دىققەت بىلەن سەپسالدى. ياخشى، ئۇ سايىتنىڭ يېقىن تونۇشى چىقىپ قالدى. سايىت ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، ئاستا گۇدۇڭ-گۇدۇڭ پاراڭ قىلدى، كېيىن كۆزەتچى ئوچۇق كۆڭۈللۈك

بىلەن:

ـــ قاچمايمۇ ئىشنى پۈتتۈرگىلى بولمامدۇ، سىلەر تەرەپتە ھۆكۈمەت يوقمۇيا، ـــ دېدى ـ دە، لېكىن بۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇشنى لازىم تاپمىدى.

ـــ بوپتۇ، نەگە بارساڭلار بېرىڭلار. بەرىبىر سىلەر ئۇتۇسىلەر، ـــ دېدى.

بۇ گەپ تۇرسۇن بىلەن زەينەپنى يېڭى ئويغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار ئۆز مۇھەببەتلىرىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدا بۇرۇن ئانچە باش قاتۇرمىغانلىقىدىن پۇشايمان قىلدى، بىراق، ئەمدى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندەك.

ئۇلار يېرىم كېچىلەر بىلەن 2 ـ يېزىنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىكى 1 ـ كەنتتە تۇرۇشلۇق مەمتىلى جۇۋازچىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى.

مەمتىلى جۇۋازچى بۇلارنى ئەندىشە بىلەن كۈتۈۋالدى. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قوشنىسى قادىر ئاخۇن شەھەرگە ماڭغان تۇغقىنىنى ئۆيىدە بىر كېچە قونىدۇرغان ئىدى. كېيىن تەكشۈرۈشتە قونغۇچى 2 ـ يېزىدىكى زومىگەرنىڭ بىر قىسىم جاھاز ـ مۈلكىنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقان كىشى ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالدى، قادىر ئاخۇن بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلەم تارتتى. مەمتىلى جۇۋازچى ھازىر شۇنى ئويلاپ خاتىرجەم بولالمىدى. رەڭگىدە كەلگەنلەرگە بۇ ئەندىشىنى ئۇقتۇرماسلىققا تىرىشتى. دەككە ـ دۈككە بىلەن بۇلارنى ئۆيگە جايلاشتۇرۇپ قويغان بولدى. زەينەپنى ئىچكىرىكى ئۆيدە مەمتىلىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ قويدى. تۇرسۇن بىلەن سايىت ئىشىك ئالدىدىكى بۇگلۈككە جايلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىراق، مەمتىلىنىڭ ئەندىشىسى بېسىلمىدى. "ئۇلارنىڭ كېلىشى تۇرسۇننىڭ ئېيتقىنىدەك بولسىغۇ ياخشى. ئەگەر ئۇنداق بولماي بۇ ياش بالىلار بىرەر خەتەرلىك ئىش قىلىپ يۈرگەن بولسا، كېيىن بالاسىغا مەن قالماي، ھەر ھالدا كەنت باشلىقىغا خەۋەر قىلىپ قوياي" دېدى ـ دە، كېچىلەپ كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ كۆزى كەنت باشلىقىنىڭ ھويلىسىدىكى تۈۋرۈككە باغلاغلىق ئۈچ ئاتقا چۈشتى. ئىچىدە "بۇ كەمدە نېمىشقا تۇرغان ئاتلاردۇ بۇ" دېدى ـ دە، ئۆيىگە كىرمەك بولدى. ئۆيدە چىراغ يېنىقلىق ئىدى. مەمتىلى ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، كەنت باشلىقى بىرقانچە كىشىلەر بىلەن گۇدۇڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتى جىددىي ئىدى. مەمتىلى كەنت باشلىقىنى شەرەت قىلىپ تالاغا ئېلىپ چىقتى.

كەنت باشلىقى ھەيران بولۇپ:

— نېمە گەپ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى.

مەمتىلى خاتىرجەم ھالدا ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. كەنت باشلىقى ئۆيدىكىلەرگە:

— ۋاي مەيەرگە چىقىڭلار، ئۇلار مۇ تېپىلدى، — دەپ ۋارقىرىدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا مەمتىلى ھېلىقى ئۆيدىكىلەرنىڭ قاچقانلارنى قوغلاپ كەلگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. قاچقانلارنىڭ گۇناھىنى سۈرۈشتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ئۇ ھەر ھالدا ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ۋە كەلگەنلەرگە يالۋۇرغاندەك:

— مەن ئۆيۈمگە بېرىۋالاي، سىلەر بىرئاز ھايال بولۇپ كىرىڭلار. بولمىسا ماڭغا سەت، — دېدى ـ دە، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كەتتى.

سايىت بىلەن تۇرسۇن مەمتىلىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئەندىشە

قىلىپ ئۆخلىمىغانىدى. بىرچاغىدا تالادىن بىرقانچە ئادەمنىڭ تىۋىشى كەلدى. ئۇلار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇشىغا تۆت كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئايدىڭدا كەلگەنلەرنى تونۇشقا بولاتتى. بىرسى شاۋۇدۇن ئەپەندى، بىرسى ئۇچىغا چىققان قىمارۋاز سىيت، يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئاغىنىسى بارات جىرتتاق ئىدى. يەنە بىرسىنى تۇرسۇنلار تونۇمايتتى، ئۇ مۇشۇ كەنتنىڭ باشلىقى ئىدى.

شاۋۇدۇن تۇرسۇنغا قاراپ دوق قىلىشقا باشلىدى:

— ھوي ئۇياتسىزلار، قانۇنسىزلار! زەينەپ قېنى؟... — ئۇ، تۇرسۇننىڭ يېنىدىكى سايىتنىمۇ تونۇۋالدى، — ھوي تاز، ساڭا نېمە بار بۇ ئارىدا. ۋاي ئەپتىڭ قۇرۇسۇن قەقەش باش.

بۇ كۆكۈلىسىز ئۇپۇر-توپۇر ۋە ھاقارەتلەر تۇرسۇن بىلەن سايىتقا بەك ھار كەلدى. بۇلار بىر-بىرىگە قاراشقان بولدى. غوۋا ئايدىڭ بۇ قاراشلارنىڭ مەنىسىنى يوشۇرالمايتتى، ھەر ئىككىسى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالدى.

كەلگەنلەر ئۇلارنى ھايداشقا باشلىدى، ئۆي ئىچىدىن زەينەپنىمۇ ئېلىپ چىقىشتى. شۇ ئارىدا سايىت تۇرسۇنغا:

— مۇشۇ شاۋۇدۇن دېگەن نېمەڭنى بىر كېلىشتۈرۈپ قويا دەيمەن، بىراق يەر تار كېلىۋاتىدۇ. ھەر نېمە بولسا مەلىگە بارغاندا كۆرەرمىز، — دەپ كۇسۇرلىدى. تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— شۇنچىۋالا گۇناھ ئىش قىلغاندىمىزمۇ ئاداش. ئۆزلىرى رالىشىپ تېگىشىدىغان ئىشنى يالغۇزلا بىز قىلىۋاتقىنىمىز يوقمۇ؟ خەپ توختا! — دەپ قويدى. ئۇلارنى كېچىلەپ ئېلىپ ماڭدى.

كىمنىڭ قانۇنلۇق ئىكەن؟

ئەتىسى مەھەللە ئىچىدە، تولاراق ياشلارنىڭ ئارىسىدا، بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب ئورنى
www.uyghurkitap.com

خوتۇن خەقلەر باش قوشۇپ قالغان يەردە، ھە دېسىلا زەيىنەپ بىلەن تۇرسۇننىڭ كېيىپى ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: "تۇرسۇن قاملاشتۇرالماپتۇ، بوش كەپتۇ"، دېيىشسە، بەزىلىرى "ئۇلارنى مۇنچىۋالا ئاۋارە قىلغۇچە چىرايلىق چېتىپ قويۇشسا بولمامدىكىن" دېيىشسەتتى، بەزىلىرى "ئوبدان بوپتۇ. تېزگىنى يوقلارنى شۇنداق سازايى قىلىش كېرەك"، "ئۆزلىرىگە قىپتۇ" دەيتتى. بولۇپمۇ ھېلىقى مەرىيەمخان دېگەن ۋىتىلداق خوتۇن تازىمۇ جىق سەت گەپلەرنى تارقىتىشقا باشلىدى.

قۇناخۇن بۇ ئىش ئۈچۈن خوتۇنىغا كايىدى. دەسلەپتە خوتۇنى ئېرىنىڭ ئاغزىنى غىرىشلاپ قوپقىلى تۇرۇۋىدى، لېكىن قۇناخۇن بوش كەلمىدى. خوتۇنىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ:

— ھوي سارالڭ، — دەپ تىترەپ تۇرۇپ قايناپ كەتتى، — ھازىر قانداق زامان بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيۋاتامسەن. كەمبەغەللەرنىڭ بەختى ئېچىلىدىغان كۈنلەر كېلىۋاتسا، سەن ئاشۇ تۇرسۇننى كەمبەغەل دەپ خورلاپ، ئۆزەڭنىمۇ، مېنىمۇ بىر ئاغار شەرمەندىچىلىككە سالدىڭ. ئۆزەڭ كەمبەغەل تۇرۇپ، كەمبەغەلنى ئىتتەك كۆرىدىكەنسىنا! ئالدىرىما، ئاز كۈندە بۇ يەرگىمۇ كادىرلار كېلىدۇ. شۇ، كەمبەغەلنى خار كۆرگۈنۈڭ بۇرنىڭدىن بۇلاق بولىدۇ.

شۇ سۆزدىن كېيىن رابىخان بىرئاز بوشاپ قالدى. ھەتتا سەل تۇرۇپ قىزنى راسا كېلىشتۈرۈپ دۇمبالىماقچى بولغان نىيىتىدىنمۇ كەچتى.

تۇرسۇننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندى، بولۇپمۇ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىۋاتقاندا يولدا ئۇچرىغان بىرقانچە كىشىلەرگە شاۋۇدۇن ئەپەندىنىڭ "قانۇنسىزلىق قىلغاننىڭ سازايى" دېگەنلىرى ئۇنىڭغا بەك

ئەلەم بولۇپ كەتتى، مانا ھازىر بولسا كوچىغا چىقىپ خەققە كۆرۈ-
نۈشمۇ قىيىن، ئۇنىڭغا ئىشىمۇ خۇش ياقماي قالدى، بىردەم ئۆيگە
كىرىدۇ، ئۆيدە دادىسىنىڭ كايىشىنى ئاڭلاپ، ئىتىزلىققا كېتىدۇ،
بەك ئىغىر كۈن بولدى. قاتتىق دىققەتچىلىكتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى
تۇتۇپ ئالدى. قانداقلا بولمىسۇن مۇشۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ
چىقىشقا بەل باغلىدى.

كەچتە ئۇنىڭ قېشىغا سايىت كەلدى.

— ئاداش، — دېدى ئۇ خۇددى خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن
كىشىدەك، — بىز بۇ ئىش توغرۇلۇق رايونغا بارايلى. كەنتىمىز
تولىمۇ يىراق چۆلدە بولۇشى سېنىڭ ئىشىڭغىمۇ بىرمۇنچە كاشىلا
سالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېزا باشلىقىمۇ يوق. ئۈچ - تۆت كۈن
بولدى. رايونغا كەتكەن، ئاڭلىسام، ئىجارە كېمەيتىش يۈرگۈزۈۋات-
قان يېزىلاردىن ئۆگىنىش ئۈچۈن كېتىپتۇدەك. ئۇنىڭ تېخى بۇ
سازايىلاردىن خەۋىرى يوق. زادى قاچمايمۇ ئىشنى قانۇنلۇق پۈتتۈ-
رۈشكە بولىدىكەن. ئەڭ ياخشىسى رايونغا بارايلى. ئىلاجى بولسا
رايون باشلىقىنى تاپايلى. ئۇ ياخشى ئادەم، پارتىيە ئەزاسىكەن،
ئۇنىڭغا ئۇقتۇرايلى.

تۇرسۇنمۇ سايىت دېگەندەك ئويلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار
ئەتە رايونغا بارماقچى بولدى. كېيىن ئىككىسى يەنە بىر ئادەمنى
قوشۇپ ئېلىشنى ماقۇل كۆردى. ئويلا - ئويلا كەنتتىكى ئايال‌لار
باشلىقى مايىسخاننى تاپتى. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ مەسىلە-
ھەتنى سالا - سالمايلا، ئۇمۇ قايناپ كەتتى.

— خەلقئالەمگە مۇنچىۋالا سۆز - چۆچەك قىلىدىغان ئىش
ئەمەسقۇ بۇ. مەن يېزا باشلىقى ساۋۇتۇمدىن خاپا بولىمەن. ئۇ ئىشقا

ك ئېرەلسىزلىك قىلدى.
ئىش ئۆڭغا تارتىپ شۇ كۈنى كەنتكە يېزا باشلىقى ساۋۇتتۇم لەن رايون باشلىقى ئەكرەم قاسىم ئۆزىمۇ كېلىپ قالغان ئىكەن، لارنىڭ يولى قىسقاردى، تۇرسۇنلارنىڭ ئىشىنى مايسىخان بىلەن ايىت ئىككىسى ئەكرەم بىلەن ساۋۇتتۇم دەرىقەم بولغان يەردە يتتى. ئەكرەم ساۋۇتتۇمغا ئازراق كايىدى. ساۋۇتتۇم "ئىش لدىراش بولۇپ كېتىپ بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلەلمەپتىمەن" ەپ سەۋەب كۆرسەتمەكچىمۇ بولدى. ئەمما كېيىن ئۆزىنىڭ ستىنلا ئېرەنسىزلىك قىلغىنىنى يوشۇرالمىدى. ئەكرەم شۇندىن پىن تۇرسۇن بىلەن زەينەپنى قىچقارتىپ ئايرىم-ئايرىم سۆزلەشتى. ەكرەمنىڭ سۆزىدىن كېيىن تۇرسۇن بىلەن زەينەپ ئىككىسى ئۆزد- ك قانۇنلۇق مۇھەببىتى يولىدا يۈرەكسىزلىك قىلغىنىنى سەزدى ۋە چىپ يۈرگەنلىرىنى ئويلاپ باشقىدىنلا خىجىل بولدى. تازا ئەخمەق كەنمىز، دېگەن يەرگە كەلدى.

ئەكرەم بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك شاۋۇدۇن ئەپەندى، رابىخان، ەريەمخان جاۋۇلداقلار بىلەنمۇ سۆزلەشتى. مەكتەپ مۇدىرى ۋە شقا مۇئەللىملەرمۇ شاۋۇدۇننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ لغانىدى.

شاۋۇدۇن ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشتىكى مۇناسىۋىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ەلىتە قىلىقلىرى ئەكرەمنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇ رۇن شاۋۇدۇننىڭ ئادەم كولدۇرلىتىدىغان قىلىقى توغرۇلۇق انچە-مۇنچە ئاڭلىغان. ئەمما بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇ شاۋۇدۇن ەپەندىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا باشقىدىنلا سۈرۈشتە قىلدى. ەتتا ئۇنىڭ خوتۇنىنى قويۇپ بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى پەرەز

بىلەن ئېنىقلىغان بولدى. كېيىن ئۆزى سۈرۈشتۈرۈپ تاپقان پاكىتلارنىڭ ھەقىقەتلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن ھالدا شاۋۇدۇن ئەپەندى بىلەن گەپلەشتى.

— بۇ ئىككىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن توي قىلىمىز دېسە، سىز نېمىشقا ئارىلاشتىڭىز؟

شاۋۇدۇن ئەپەندى ھودۇقۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىرىمۇ بىردىن بوشاپ كەتتى، رەڭگى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترىدى. سۆزمەنلىكىنىمۇ ئىشلىتەلمەي قالدى. ئۇ ئەكرەمنىڭ سوئالىغا جاۋاب تەييارلاشقا ئۈلگۈرەلمىدىمۇ ياكى ئۆز پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىشكە ئىلاجسىز تۇرۇندىمۇ:

— سەنئەت خىزمىتىگە توسقۇن بولمىسۇن دەپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار ياش، مۇھەببەت ۋە تۇرمۇشنى تېخى چۈشەنگىنى يوق، — دېگەن جاۋابنى بەردى.

— بۇ، سىزنىڭ ئەينى مەقسىتىڭىز ئەمەس. تۇرمۇش قۇرۇش مەسىلىسى ئالدى بىلەن ئالماقچى، تەگمەكچى بولغانلارنىڭ مەسىلىسىغۇ. بۇنىڭغا سىزنىڭ مۇنچىۋالا ئارىلىشىشىڭىزنىڭ زادى ھاجىتى يوق ئىدى. سەنئەت خىزمىتىگە تۇرمۇش قۇرۇپمۇ قاتنىشىش مۇمكىنغۇ. كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىڭىز سىزنىڭ بىر غەيرىي مەقسىتىڭىزنىڭ چاپىنى بولۇشى كېرەك.

— قانداق غەيرىي مەقسەت دەيسىز؟

— ئادەمنى كولدۇرلاتماڭ، ھەممىسى بەلگىلىك! توختاپ تۇرۇڭ، نېمىشقا سازايى تووۋلايسىز؟

شاۋۇدۇن تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى ۋە تىترەپ تۇرۇپ:

— ئۇلار ئىشنى قانۇنلۇق قىلىشنى ئويلىماي، ئۆزلىرىگە سەتچە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ـ ئىشنى تېپىۋالدى، مۇنداق ئىشلار خەلق ئاممىسىغا يامان تەسىر
ـدۇ، ــ دەپ تىلىنى چاينىدى.

ــ بۇ يەردە قانۇنسىزلىق قىلغان سىز. سىزنى خەلق كادىر دەپ
ـرمەت قىلاتتى. سىز شۇ ھۆرمەت بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قورۇق
ـۇڭىزنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز نەپسىڭىز ئۈچۈن ئورۇندىڭىز. زادى
ئىشقا سىز قانداق غەرەز بىلەن ئارىلاشتىڭىز، شۇنى دەڭا!

ـاۋۇدۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىشقا باشلىدى. ئۇ يەنە
ـۇرماستىن:

ــ بۇ يەردە سىز بولغۇدەك غەرەز يوققۇ، ــ دېدى ـ دە بىراق
ـرمەككە تىكىلىپ قارالمىدى.

ــ سىز ئۆزىڭىز ئېيتمىسىڭىز مەن ئېيتىپ بېرەي: سىز زەينەپكە
ـاق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىڭىزنى، ئۇنى سىناپ كۆردۈم دېگەن ـ
ـىڭىزنى، مەدەنىيەتتە بار دەپ قىلغان لاۋزا ھەرىكەتلىرىڭىزنى
ـلسىڭىزلا، بۇ غەرىزىڭىزنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلىسىز... خوش
ـى مەدەنىيەتتە بار ئىكەن، شۇنداق رەسۋاچىلىق؟

ـمۇشۇ سۆزدىن كېيىن شاۋۇدۇن تۇكۇشۇپلا كەتتى. ئۇنىڭ
ـگى كۆكىرىپ كەتتى، ئۆزىگە بولسا ئاغزى ـ بۇرنى قېڭغىر
ـىپ كېتىپ بارغاندەكلا سېزىلەتتى، ئۇ نىمە دېيىشنى بىلەلمەي
ـى، لەۋلىرى تۇرماق قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىمۇ تىترەپ، لىپىلدىغاندەك
ـپ كەتتى.

ــ ئەمدى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك، ــ دېدى ئەكرەم ئورنىد ـ
ـن تۇرۇپ. ــ پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلاردىن خەلق
ـمىتىگە ساداقەتلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلقنىڭ پارتىيە ۋە خەلق
ـۈمىتىگە بولغان مۇھەببىتىدىن ئۆزىنىڭ چىرىك شەخسىي مەنپە ـ

ئىستى ئۇچۇن ئۇرۇنىدىغان، خەلقنى ئالدايدىغان مۇغەمبەرلەرنىڭ تەقدىرى شەرمەندىلىك. سىز ئۆزىڭىزنى شەرمەندە قىلىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خەلق كادىرىنىڭ، خەلق مۇئەللىمىنىڭ ئابروينى تۆكۈشكە ئۇرۇندىڭىز. خەلق مۇئەللىملىرىنىڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىك سىپىدە مۇنداق بولمىغۇرلۇقنىڭ ئەمدى كۆپ ئۆمۈر سۈرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەي تۇرۇپسىز، ئەپەندىم. بۇ مۇمكىن ئەمەس. نېمە تەرسەڭ شۇنى ئالىسەن!...

«شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» 1955 ـ يىل 12 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەيىنەك

## ئادىل ھەم دادىل ۋەزىر

پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان بىر بەگ بار ئىدى. ئۇ پارىخورلۇققا قاتتىق بېرىلىپ، ھەر يىلى ئۆزىگە تېگىشلىك مۇئاشتىن نەچچە ئون ھەسسە ئوشۇق پۇل-ۋەج يىغاتتى ۋە خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ، گۇناھسىز پۇقراغا بەك ئازاب سالاتتى. بەزىلەر پادىشاھقا شىكايەتنامە يازغان بولسىمۇ، بەگ دائىم ئۆزىدىن قىممەتلىك سوۋغات ئېلىپ تۇرىدىغان باش ۋەزىرگە يۆلىنىپ، ئۆز ئەيىبىنى ياپاتتى ۋە شىكايەتچىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرەتتى.

پارىخورنىڭ نەپسى بىر ھاڭ، تەكتى يوق،
خەزىنىمۇ چۈشسە ئۇنىڭغا، چۆكتى-يوق.
پارىخوردىن كۈتمىگىل ئادىل نەزەر،
نەپسى قويمايدۇ ئادالەتتىن ئەسەر.

پادىشاھنىڭ ئەخمەت ئاتلىق ئادەتتىكى بىر ۋەزىرى بار ئىدى. بىركۈنى ئۇ بۇ يۇرتقا كېلىپ، پۇقرالارنىڭ ئاھ-زارىنى قېتىقىنىپ ئاڭلاپ، بەگنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى مەنسەپتىن قالدۇرۇپ، زىندانغا سالدى-دە، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەققىدە پادىشاھقا تەكلىپ سۇندى.

باش ۋەزىر بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ تەشۋىشلەندى ۋە

ئەخمەتنى ئۆزى ئۇچۇن كۆشەندە، ئاپەت دەپ بىلىپ، يالغان دەلىل ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى پادىشاھقا چاقتى:

— ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆزى كۆرسەتكەن دەلىللەرگە ئىشىنىۋاتقان قىياپىتىنى كۆرۈپ، — ۋەزىر ئەخمەتنىڭ شاھ جەھەتتىكە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خاتا ھالدا بۇنداق ئېغىر جازا بېرىش قارارىدا مۇدھىش بىر خىرىس بار. مېنىڭ سادىق يۈرىكىم ۋەزىر ئەخمەتتىن شاھقا يەتكۈسى خەتەردىن ئەنسىرىمەكتە. شۇڭا ئۇنىڭ قارارىنى رەت قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق جازا بېرىلمىسە، شاھىمىزنىڭ ئابروي - سەلتەنىتى شىپاسىز زەخمەتكە ئۇچرايدۇ.

باش ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، مىرشاپلارغا:

— دەرھال ۋەزىر ئەخمەتنى باغلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

گەرچە ئادىل بولسىمۇ شاھ، ئەمما ھوشيار بولمىسا،
ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ ئالمىقى مۇشكۈل - قىيىن.
پايلىماي كەلگەن غەزەپ قوغلايدۇ ئادەم ئەقلىنى،
شۇندا كىم قىلسا ھۆكۈم، بارماقنى چىشلەيدۇ كېيىن.

پەرمان بويىچە ۋەزىر ئەخمەت باغلاپ كېلىندى. پادىشاھ ئۇنىڭغا جازا ھۆكۈم قىلىش ئالدىدا:

— ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى ئەخمەت ۋەزىر ۋە بەگنىڭ قىلمىشىغا دائىر مۇھىم دەلىل - ئىسپاتنى قىسقىچە بايان قىلىپ، — مەن كىمنىڭ يۈزى چوڭ بولسا، شۇنىڭ رايىغا بېقىشقا مەجبۇرمەن، ئەلۋەتتە. بۇ ئىشتىمۇ ھەقىقەتنىڭ يۈزى چوڭ كەلدى. ۋەزىر ھەقىقەت ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەرگە قاراپ قالسا، پادىشاھنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالىسۇن؟!

ئۇنىڭ بۇ سۆزى پادىشاھقا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئېنىق دەلىل-ئىسپاتلار ئالدىدا ئەخمەت ۋەزىرنىڭ قارارىنىڭ توغرىلىقىغا قايىل بولدى-دە، ئۇنى باغلاقتىن يەشتۇرۇپ، بېشى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن باش ۋەزىرنى باغلاتقۇزدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ھەي ۋەزىر ئەخمەت! ھەقىقەت سېنى ئاقلىغان يەردە، مېنىڭ ساڭا جازا بېرىشكە ھەققىم يوق. بەلكى مېنى ئادىل ھەم دادىللىقىڭ بىلەن تەسىرلەندۇرۇپ، ھەقىقەت ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ جازالىنىشتىن ساقلىغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا مۇكاپات بېرىشىم كېرەك. جازا ھەقىقەت ئالدىدا يەرگە قاراشتىن ھەزەر قىلمايدىغان، ساختا ئىناۋەت ۋە نەپسى مەستانىسى بولغان شۇم نىيەتلەرگە تېگىشلىك!

گەرچە تۇغقان مېھرى ئۈستۈن بولسىمۇ،
تەڭلىشەلمەيدۇ ھەقىقەت بەستىگە.
چۈشىدۇ موللاق ئېتىپ، تۇغقاننى دەپ،
دەسسىسە كىمكى ھەقىقەت ئۈستىگە.
شاھشەرەپتىن تاج كىيگەي بەزىلەر
نەپسىدىن، شەخسىي ئىناۋەتتىن كېچىپ؛
بەزىلەر قالغۇسى نەپرەت ئاستىدا
نەپسى-ئابروي دەپ ھەقىقەتتىن كېچىپ.
زەخمىلەنسەڭمۇ ھەقىقەت يولىدا،
تاتۇقى ھەرقانچە گۈلدىنمۇ ئېسىل.
شۇندا ئاققان تامچە قاننىڭ مېۋىسى،
تاغ بىلەن تەڭ مول ھوسۇلدىنمۇ ئېسىل.

## غەيۋەتخورلۇق ــ شەرمەندە كېسەل

بۇرۇن بىر تىككۈچى ئۇستام بار ئىدى. ماھارىتىنىڭ قالتىسلىقى ئۈچۈن "تىكەلمەيدىغان نەرسىسى يوق، تەڭداشسىز ھۈنەرۋەن" دەپ نام ئالغانىدى. بىراق ئۇنىڭ خوتۇنى بەكمۇ غەيۋەتچى ئىدى. ئۇ كىيىم تىكتۈرگىلى كەلگەن خېرىدارلار ھەققىدىمۇ ھەر خىل غەيۋەتلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە، دوستلار ئارا مۇناسىۋىتىگە سوغۇقچىلىق سالاتتى، يوغان ماجىرالارغىمۇ سەۋەب بولاتتى. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۇستامنىڭ خېرىدار - چۆپقەتلىرى ئازىيىشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ كۆلدەك ھۈنىرىنىڭ كاسات بولۇۋاتقانلىقىدىن ئازابلانغان ئۇستام غەيۋەت قىلماسلىق ھەققىدە خوتۇنىغا قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ، ئاقتۇرالمىدى، ئاخىرى خۇداغىمۇ نالە قىلدى:

ئەي خۇدا، نېچۈن ياراتقان بولغىيدىڭ غەيۋەتچىنى،
ياكى دۇنيادا سېنىڭ ئۆچ - ئىنتىقامىڭ بارمىدى؟
بىر غېرىبنى جۇپ قىلىپ قويدۇڭ ئەجەب غەيۋەتچىگە،
يا ئۇ ئالدىڭدا كەچۈرگۈسىز جىنايەتكارمىدى؟

بىراق، بۇنداق نالە - زار بىلەنمۇ ئەھۋال ئۆزگەرمىدى. ئۇنىڭ ھۈنەردە تاپقان ياخشى نامى خوتۇنىنىڭ غەيۋەتخورلۇقى ۋە بۇ خوتۇننىڭ يامان خۇيىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ئاجىزلىقى بىلەن بۇلغىنىپ تۇردى. بەزىلەر ئۇستامنى زاڭلىق قىلىپ: "ئۆزلىرى ھەرقانداق نەرسىنى تىكەلەيدىلا، بىراق خوتۇنلىرىنىڭ ئاغزى ھەمىشە يىرتىق پېتى تۇرىدىكىنا" دەپ، ئىچىشقان يېرىگە تۇز سېپەتتى. شۇڭا ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ ئاھ ئۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ

هالىتىنى بايقىغان خوتۇنى:

— نېمانداق تولا ئاھ ئۇرىدىلا؟ گۈلدەك ھۈنەرلىرى بار، دۇنيادا سىلى تىكەلمەيدىغان نەرسە يوق، يەنە نېمە كەم سىلىگە؟ — دېۋىدى.

— كەم يېرىم خېلىلا بار ئىكەن، — دېدى ئۇستام، — بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىم بىر نەرسىنى تىكەلمەيدىكەنمەن. شۇڭا بازىرىم كاسات، كۆڭلۈم غەش.

— ۋىيەي، سىلى تىكەلمەيدىغان نېمە ئۇ؟

— غەيۋەتچىنىڭ ئاغزى...

بەكمۇ رەسۋا نەس كېسەل غەيۋەت دېگەن،
ھەم ۋابا غەيۋەتچى تارقاتقان پاراڭ.
بۇ ۋابا تارقارمىدى تىل بولمىسا،
ياخشىدۇر غەيۋەتچىدىن تىلسىز ساراڭ.
تۇرسا غەيۋەتچى بىلەن بىر ئۆيدە كىم،
دەردىنى تارتماس ئىدى ئۇ بولسا پاك.

بىر مەدداھنىڭ مۇنداق بىر رۇبائىيسىنى ئوقۇغانلىقى ئېسىمگە كەلدى:

خۇدا ئالدىدا تەڭ ئەمەس جىمى بەندە،
بىرى ئەلا، بىرى رەسۋايۇ شەرمەندە.
خۇدا شەرمەندە قىلماقچى ئىكەن كىمنى،
قىلۇر شۇ بەندىگە غەيۋەتنى بەخشەندە.

## كۆڭلى ٸالنىڭ قازنى تۆشۈك

بىر ھۈنەرۋەننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئوتتۇرانجى ۋە كەنجى ئوغلى خۇددى ئۆزىدەك ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ چىقتى. بىراق، تۇنجى ئوغلى ئەركە ئۆسكەچكە، ھۈنەرمۇ ئۆگەنمەي، ٸاقنانچى، ئويۇنچى بولۇپ قالدى. ٸاتىسى ۋە ئىككى ئىنىسىنىڭ مول تاپاۋىتىگە يۆلىنىپ، بەگزادە، بايۋەچچىلەر بىلەن ئۆلپەتلىشىپ، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. ٸاتىسى ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنىنى ئويلاپ تېخىمۇ چوڭقۇر تەشۋىشكە پاتتى ۋە بىر دانىشمەنىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىمۇ قاتتىق ئەيىبلىدى.

ئەركە ئۆستۈرگەن بالاڭدىن كۈتمىگىن خەيرۋاپا،
چۈن ۋاپانىڭ يولىنى ئۈزگەن ئەمەسمۇ تەربىيەڭ.
ياخشى خۇلقىن ئەتىۋارلا، ئىللىتىن سۆك ۋاقتىدا،
كەلتۈرەر قارغىشتىن ٸارتۇق دەرد ئورۇنسىز مەدھىيەڭ.

ٸاتا بولغۇچى ٸاقنانچى ئوغلىنىڭ خۇلقىنى تۈزىتەلمەي، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ٸالەمدىن ئۆتتى، شۇنىدىن كېيىن ٸاقنانچى بەتخۇيغا تېخىمۇ بوپ بەردى، نەپسى يەنىمۇ قۇتراپ ٸائىلىنىڭ پۈتۈن تەئەللۇقاتىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىككى ئىنىسىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىۋېتىش كويىغا چۈشتى-دە، ئۆلپەتلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قازىنىڭ ٸالدىغا باردى.

پاكىز سۇسىز يۇيۇلماس بەدەن.
ھالال تەرسىز يۇيۇلماس كۆڭۈل.

ئاقنانچىنىڭ يۈرىكى قارا،
ئەر تۆكۈشنى قىلمىغاچ قوبۇل.

قازى ئەشەددىي پارىخور ھەم بۇ ئەيىبىدىن سۆز ئاچقۇچىلارغا جازاسى تەييار ئاداۋەتخور ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خۇيىنى بىلگەن ئاقنانچى دەۋاگەر دەسلەپتە قازىغا نۇرغۇن پارا بەردى، ئاندىن: "مېنىڭ ئىككى قېرىندىشىم ئۆزلىرىنى پارىخور دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، شەرىئەتنى قارىلاۋاتىدۇ" دەپ، قازىنىڭ قەھرۇغەزىپىنى ئۆرلەتتى.

ئەيىبى بار ئادەم گەپتىن قورقىدۇ،
ئوغرى تاك ـ تاكتىن.

دېيىشكەن: "ئادەمنىڭ قەيەرى
ئاغرىسا، جېنىمۇ شۇ يەردە."
نېمىشقا ئۇ "ۋايجان" دېمىسۇن،
كىم باسسا شۇ يەرنى ئەگەردە.

نەتىجىدە قولى گۈل ئىككى ئىنىسى قازىنىڭ ھۆكمى بىلەن "شەرىئەتنى ھاقارەتلىگەن مۇرتەتلەر" قاتارىدا زىندانغا تاشلاندى. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىندى.

ئاقنانچى ئوغۇل ئەيش ـ ئىشرەتتە مەست ـ مۇستەغرەق بولۇپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئىلگىدىكى بار ۋەسلىنى قۇرۇتۇپ قويدى، ئۇلپەتلىرىمۇ ئۇنىڭدىن تويدى. ئاقنانچى تەس كۈنگە قالدى. نامراتلىق ۋە خار ـ زارلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماي: "كاشكى ئىككى ئىنىم بولغان بولسا، ھۈنەردە تاپاۋىتىدىن مېنىمۇ لەسەۋىسىز قويماس ئىدى. ھېلى بولسىمۇ ئۆزەمنى ھامىي قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنى زىنداندىن چىقىرىۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاي" دەپ، قازىنىڭ

ئالدىغا بېرىپ، ئىككى ئىنسىنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. قازى ئۇنىڭغا بىر تاغارنى كۆرسىتىپ: "مۇشۇ تاغارنى قۇرۇق پېتى ئۆرە تۇرغۇزالى-ساڭ، ئىنىلىرىڭنى بوشىتاي" دەپ جاۋاب بەردى. ئاقنانچى ھەر-قانچە قىلىپمۇ قۇرۇق تاغارنى ئۆرە قىلالمىدى ـ دە، قازىنىڭ جاۋابىنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ، بۇرۇن بەرگەن پارىلىرىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۆزىنى تۇتالماي: "سىلىدە ئىنساپ يوق ئىكەن، ئادالەت-لىرىنى ئايىدىلا" دېگەن ئىدى، قازى كۈلۈپ كەتتى ۋە "ئىنساپنى ئاۋۋال ئۆزەڭدىن سورا، ئەگەر ئادالەت سورىساڭ، ئىككى ئىنىڭنىڭ ئورنىدا زىنداندا سەن يېتىشىڭ كېرەك" دېدى. بۇ گەپتىن دەۋاگەر ئاقنانچى چۆچۈپ كەتتى، سوغۇق تەر ئىچىدە ئىچ ـ ئىچىدىن قان يىغلىدى.

ئادالەت ئالدىدا لىللا ئاقىدۇ،
جاھالەت ئالدىدا تىللا ئاقىدۇ.
تاش ساناپ، ساناقچى مەن دېمە،
باردۇر قۇم سانىغۇچ ساناقچى.
ھەي ئوغرى، سوقۇمەن مەن دېمە،
سېنىمۇ سوقىدۇ قاراقچى.

## سوپى بولۇۋالغان ئادەم

مەلۇم يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان ساۋۇتنى كىشىلەر "ساۋۇت ساختا" دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ مۇئاشىمۇ چاغلىق، ئائىلىسىدە ئالتە جان ئۇنىڭغا قاراشلىق. لېكىن بىرقانچە يىل ئىچىدە ئالايىتەنلا تۈۋلىنىپ: "ئىچى ھۇزۇر، تېشى پۇزۇر"لار قاتارىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرىپ قالدى. بۇنىڭغا ھەيران بولغان كىشىلەر: "ساۋۇتنىڭ ئالدىدىغان پۇلى شۇنچە كۆپلۈكمىدۇ، نېمە كارامىتى باردۇ ئۇنىڭ؟" دەپ پىچىرلاشقاندا، كىمدۇ بىرسى مۇنداق دېدى:

— مەن يېقىندا يېزىغا بېرىپ، سايىت دېگەن بىر ئەترەت باشلىقى توغرۇلۇق توقۇلغان مۇنداق بىر قوشاقنى ئاڭلىدىم:

ئورمىغا دائىم ۋاقىچە كېلىدۇ،
سولنى ھەممىدىن كىچىك ئالىدۇ.
باشقىلىرىمىز ياداپ كېتىكلىك،
سايىت نېمىشقا قورساق سالىدۇ؟

بۇنى ئاڭلىغانلار كۈلۈپ كېتىشتى، بۇ كۈلكىدە "ساۋۇت ساختىنغمۇ قوشاق ماس كەلگۈدەك" دېگەن مەنىمۇ بار ئىدى.

بارا - بارا ساۋۇتنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ - سۆز ئەدىگىلى تۇرۇۋىدى، بىردىنلا شەھەرنى "جاڭ - جۇڭ" سادىسى باشقا كىيىپ، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ كەتتى. "بازار چاققانىنىڭ" دېگەننى پۇختا ئوقۇغان ساۋۇت بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقاپ، پايپاسلاپ، بىر تەشكىلاتنىڭ خېلى ئەتىۋارلىق ئادىمىگە ئايلىنىۋالدى - دە، ئۆزىنىڭ ئۇستىدىن "غەيۋەت قىلغانلار" نىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قاقىلى تۇردى. بۇلۇڭ - پۇشقاقتا ئۇنىڭغا "ئۇششۇق" دېگەن يېڭى لەقەم قويۇلۇپ، بۇنداق بىر قوشاقمۇ ئوقۇلۇپ يۈردى:

ساختىنىڭ قولىغا سىم قامچا چۈشتى،
كەينىگە تۆت يالاقچى - غالچا چۈشتى.
خالايىق، نېمە ئامال، تووۋا دەيلى،
ئۇششۇقلارنىڭ ئۇشۇقى ئالچۇ چۈشتى.

خەيرىيەت، خەلقنى بىزار قىلغان قالايمىقانچىلىق بېسقىپ، ۋەزىيەت ئۆگشىلشقا باشلىۋىدى، ساۋۇتقا ئوخشاشلارغا تايا ـ تەنە نەشتىرى سانجىلغىلى تۇردى، ئالدىغا بىر پېشكەللىكنىڭ ھومىيىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ساۋۇت بىردىنلا ئاجايىپ مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋالدى، يېڭى رەھبەرلىكنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ئۆزىنىڭ "قايمۇققان لىقىنى لەنەتلەپ، خىزمەتداشلىرىدىن ئەپۇ سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ناماز ئوقۇيدىغان، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغتىن قالمايدىغان، ئۆزىمۇ نەزىر بېرىش، مۆلۈت ئوقۇتۇش، مەسچىت ياساش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىشقا ئوخشاش "ساۋاپلىق" ئىشلارنى قولدىن بەرمەيدىغان بولدى. بۇنى كۆرگەن بەزىلەر: "ساۋۇت ھىدايەت يولىنى تېپىپتۇ، خۇدا ئىنساپ بەرسىلا، ھەرقانداق ئازغۇن بەندىمۇ ئوڭشىلىدۇ" دېيىشتى. لېكىن بەزىلەر بولسا: "ئوغرى قېرىسا سوپى بولىدۇ، دېگەن مۇشۇ. ئەمدى ساۋۇت دىيانەت پەردىسىنىڭ كەينىدە نېمە ئويۇن ئوينايدىكىن" دەپ مەنىلىك كۈلۈشتى.

ساۋۇت سوپى بولۇپ، بىرىنچى قېتىم كەلگەن رامزان ئېيىدا، 12 ياشلىق ئوغلى مەكتەپتىن قايتىشىدا گازىر چېقىپ ماڭغان ئىكەن، كۈتمىگەن يەردىن ساۋۇت پەيدا بولۇپ، ئېتىلىپ بارغان پېتى ئوغلىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىۋەتتى ـ دە، "ھاي ـ ھاي" دېگۈچىلەرگە جاۋابەن:

ــ قارىمامدىغان، بۇ ھارامىلىقنىڭ روزا تۇتمىغىنىنى! ــ دەپ قايناپ كەتتى. شۇ يەردە جەم بولۇپ قالغانلاردىن بىرسى:

ــ بۇغۇ جايىدا جازا بوپتۇ، ــ دېدى، بىراق مۇئەللىم قاسىم كەسكىن تەلەپپۇزدا:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بۇنداق جازانى قوللاشقا بولمايدۇ! — دېدى، ھېچكىم رەددىيە بېرىشكە پېتىنالمىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ساۋۇت ئوغلىنى يەنە ئۇرۇپتۇ، بالا يىغلىغانچە كوچىغا قېچىپ چىققان ئىكەن، بىرقانچىمىزغا يولۇقۇپ قالدى. ئارىمىزدىكى قاسىم ئەپەندى بالىنى توختىتىپ:

— نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ باش-كۆزىنى سىلاپ، ئەھۋالنى سورىغان ئىدى، بالا ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، ئاخىرى تەسلىكتە زۇۋانغا كەلدى:

— دادام جامائەتنى بۈگۈن كەچكە ئىپتاغا چىللىغانىدى ...بايا مېنى ماگىزىنغا باشلاپ بېرىپ، مال ساتقۇچىدىن بىرقانچە بولاق شاكالاتنى پۈكەي ئۈستىگە ئالدۇرۇپ...قالايمىقانچىلىقتا...ئۈچ بولاقنى تىقىشتۇرۇپ...ماڭا تەگلەپ: "قوينۇڭغا تىقىپ، ئۇدۇل ئۆيگە ئاپارغىن" دېگەنىدى...مەن ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالماي، ئۆزەمنى سۈر بېسىپ...ئاخىرى قېچىپ چىقىپ كەتتىم. شۇ گۇناھىم ئۈچۈن دادام مېنى: "كارغا يارىماس ئۆلۈمتۈك" دەپ ئۇرۇپ كەتتى، — دەپ يەنە ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ساۋۇتقا غەزەپ ئىزھار قىلىشتى. قاسىم ئەپەندى:

— ئەمدى ساۋۇتنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلماي قالمايدۇ، — دېگەنىدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزى شۇ كۈنىلا ھەقىقەتنى كۆرسەتتى، ئىپتاغا چاقىرىلغانلارنىڭ تەگدىن تولىسى بارماپتۇ. ساۋۇتنىڭ شۇندىن كېيىن قانچىلىك رەسۋا بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

دىياكار پەرىشتە ئۇسىگە كىرىپ،
يوشۇرماق بولىدۇ شەيتانلىقىنى.

تۇلكىنىڭ قۇيرۇق شىپاڭلىتىشى،
كۆرستەر پەقەتلا تادانلىقىنى.

* * *

مەيلى بۇلاپ ئالسۇن ۋە ياكى ئالداپ،
ئىش قىلىپ يۇلۇشتۇر ئاچكۆزنىڭ كەسپى.
بەزىدە تىغ تۇتۇپ بولار قاراقچى،
بەزىدە دەرۋىشتەك سىرىيدۇ تەسۋى.

* * *

ئاخىرى ھاڭدا چۇشەر كۆڭلى ئەگرىلەر،
چۇنكى يولى مەنزىلگە توغرا باقمىغان.
"ئىلىندۇ تادان تۇلكە تۇمشۇقتىن"
دېگەن تەمسىل ـ ماقال بىكار چىقمىغان.

## "ھوشيارووۋ"

"ھوشىيارووۋ" دېگەن ئادەم بىر سەنئەت ئۆمكىگە باشلىق بولۇپ كەلگەندە، ئۆمەكتىكى بەزىلەر بۇ يېڭى باشلىقنىڭ ئىسمىنىڭ غەلىتىلىكىگە ھەيران بولۇپ، بىر ـ بىرىگە سوئاللىق قاراشقاندى، ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىدىكى يانتاقوۋ جاۋاب بەردى.

ــ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ غەلىتە بىرنېمە.

ــ قانداق غەلىتە؟

ــ سايىسىدىن ئۈركۈيدىغان ئەنسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەسىلەن، "د" ھەرپىنى "لىڭگىلچاق" دەيدىغانلارنىڭ بىرسى.

ئەتىسىلا يانتاقوۋ "رەھبەرلىككە قارشى ئىغۋا تاراتقان" دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەيىب بىلەن خېلىلا ئەدىبىنى يېدى. ئۇ كۆپچىلىك ئالدىدا "مەن ئەيىبلىك" دەپ ئاران قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ كۈنى كېچىسى ئوغرىلىقچە مۇنداق بىر شېئىرنى يازدى:

"باشلىق دەپ ئات قويۇلسا تىك مومىغا،
ئۇنى سەن "ئېلىپ"تەك تۈز رەھبەر دېگىن.
ئەگەر ئۇ بولۇپ قالسا ئەگرى ياغاچ،
ئېگىلىپ تۇرىدىغان كەمتەر دېگىن.

خۇش قىلغىن يالغان سۆزلەپ ماختاپ ئۇنى،
ھەزەر قىل، راست گەپ قىلىپ رەنجىتىشتىن.
ئېتىشسۇن باشلىق بىلەن بېشى يوقلار،
تۇرمىسا ياكى قورقۇپ باش كېتىشتىن.
1976 ـ يىلى..."

ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئۆمەكتىكىلەر يانتاقوۋنىڭ ئىغۋاگەرلىكىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ھوشىياروۋنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ قالدى.

ھوشىياروۋ ئۆمەككە كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، مەجلىس ئېچىپ "زەھەرلىك چۆپلەرنى سەھنىدىن قوغلاپ چىقىرايلى" دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇنىڭ بۇ چاغدا "زەھەرلىك چۆپ" دەپ ئالاھىدە كۆرسەتكەن مىسالى:

"مەن ئۆزەم يوقسۇل يېتىم،
بالىلىرىمنىڭ ئەگلى يوق.
ئاندا ـ ساندا ئۇن تېپىپ،
ئەگلەكنى تاپسام، تەگلى يوق".

دېگەن قوشاق بىلەن ئېيتىلىدىغان ناخشا ئىدى.

شۇ چاغدا يانتاقوۋ ئۆزىنى تۇتالماي:

— يولداش ھوشياروۋ، بۇ ئۆتمۈشتىكى يوقسۇللارنىڭ دەردى كۈيلەنگەن تارىخىي ناخشىغۇ. بۇنى زەھەرلىك چۆپ دېسەك، قانداق بولار؟ — دېۋىدى، ھوشياروۋ:

— بىلجىرلىماڭ، بۇ كونا گەپ ئارقىلىق بۈگۈنكى ۋەزىيەتكە ھۇجۇم قىلىش...، — دەپ يانتاقوۋقا ھومايدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھوشياروۋ ئۆمەكتىكى بىر ناخشىچىنىڭ قەيەردىدۇ بىر يەردە: "ئاخشىمى كېلىڭ يارىم، ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار" دېگەن قوشاق سېلىنغان ناخشىنى ئېيتقانلىقى ھەققىدە قايناپ:

— بۇ ئادەتتىكى سېرىق ناخشا ئەمەس، رەزىل سىياسىي غەرەز يوشۇرۇنغان ئىنتايىن ئۇچۇق پانتۇركىسىزىم ۋە پانئىسلامىزىم مۇقامىنى تووۋلاش! — دەپ ئۇستەلنى مۇشتلاپ، ھەممىگە بىر قاتار ھومىيىپ چىقتى ۋە بۇ ناخشىنى ئېيتقۇچىنىمۇ جازالىدى.

بۇ ئىشقا بەزىلەر (جۈملىدىن يانتاقوۋمۇ) ئىچىدە كۈلدى.

يەنە بىركۈنى ھوشياروۋ مۇزىكانتلارنىڭ مەشقىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، بىردىنلا رەڭگى ئۆچتى-دە، دەرھال مەشقنى توختاتتى ۋە باش ئىسكىرىپكا چالغۇچى مۇزىكانتنى ئەيىبلەپ:

— ھەي، سەن قانداق نېمە؟ باشقىلار سازنى ئىزچىل چېلىۋاتسا، سەن سازىڭنى خۇش ياقمىغاندەك ئاندا-ساندا غىرداپ قويۇۋەسەنا، تازا ھۇرۇن، ھارامزادە ئىكەنسەن. چېلىش خۇش ياقمىسا، باشقا ئىش قىل! — دەپ قايناپ كەتكەنىدى، زال ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھوشياروۋ بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك،

يەنە گەپ قوشتى:

— سەن ماۋۇ كۆلكىنىڭ مەنىسىنى چۈشەن-ھە. بۇمۇ ساڭا بىر خىل تەنقىد، ھوشۇڭنى تاپ!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەكتە ھوشيارۋۇتىن كۈلىدىغانلار كۆپەيدى. ھوشيارۋۇ بۇنى سەزگەندىن كېيىن رەھبەرلىك يىغىنىدا:

— بىزدە ئىنقىلابىي ھوشيارلىق كەم ئىكەن. جۈملىدىن، مەندىمۇ كەم ئىكەن... — دەپتۇ ۋە بۇ ئىشتا يانتاقوۋنىڭ "قارا قولى بار" دەپ سۈرۈشتۈرۈشنى تەكىتلەپتۇ.

يانتاقوۋنىڭ قارا قولى بارمۇ-يوق، ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭ يازغان بىر شېئىرى قولغا چۈشۈپ قالغان بولسا، راستتىنلا چاتاق بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا مۇنداق گەپلەر بار ئىدى:

قانداق سەگەك جانابلاردۇر بۇ،
سايىسىدىن ئۈركۈيدۇ ئۆزى.
خۇش بولىدۇ قىلغان سۆزىدىن،
باشقىلارنىڭ چەكچەيسە كۆزى.

قاقاقلىسا توخۇ كاكىلاپ،
پالاقلايدۇ كەپتۇ تۈلكە دەپ.
مياۋلىسا ئۆگزىدە مۈشۈك،
ۋارقىرايدۇ يولۋاس كەلدى، دەپ.

پىلدەك كۆرۈپ قىلدەك خەتەرنى،
دۈشمەن ياساپ، ۋەھىمە ياساپ،

دۇمبالايدۇ ئۆزىنى ئۆرى،
بۇ — ئىنقىلاب قىلغانىغا ھېساب.

پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن قوپىمىز،
ئۇخلىغىلى بولماس يۈرەكلىك.
يامان ئىكەن دەيدىغان بولدۇق،
بىخۇدلۇقتىن كۆرە سەگەكلىك.

## يالغان ماختاشمۇ — بىر خىل تۆھمەت

تاشپولات ئاتلىق بىر كادىر خېلى يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندى، بىر سورۇندا رەخمەتبەك دېگەن كادىر ئۇنى يۈزمۇيۈز ماختىغىلى تۇردى:

— ...تا شۇجىغا كۆپتىن بېرى ھەممە ئادەم قايىل. بىز بۇنداق قابىل رەھبەرلىرىمىز بىلەن قانچە پەخىرلەنسەك ئەرزىيدۇ. كولۇۋاتەن-سىزغۇ تا شۇجى، مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمنىڭ ئاساسلىرى جىق. مەسىلەن، "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" باشلانغاندا يۇقىرى رەھبەرلىك سىزنى ھېلىقى ئىنىستىتۇتقا بارىدىغان گۇرۇپپىغا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىگەندە، سىزنىڭ بارمىغانلىقىڭىز ھەممىگە مەلۇم. مۇشۇ بارماسلىقىڭىز ئۆزى سىزنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىڭىزنىڭ، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغان خاتا لۇشيەننى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغان جاسارىتىڭىزنىڭ پولاتتەك پاكىتى. ئىسمىڭىزمۇ مۇشۇنداق جاسارە-تىڭىزگە لايىق، يەنە مەسىلەن....

— بولدى، بولدى، رەھمەت بېگىم، — دېدى قاتتىق ئوڭاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىزلانغان تاشپولات، ــ پاكىتلارنى خاتا ئىزاھلاپ، ئادەمنى ئازابلىماڭ. مېنىڭ ئۇ چاغدا ئۇ يەرگە بارمىغانلىقىم راست. بارغىم كەلمىگەنلىكىمۇ راست. چۈنكى ئۇ يەردە زىيالىيلار كۆپ، ئۇلارغا تەڭ كېلەلىشىمگە كۆزۈم يەتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇرتۇمدا! ئانام قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغاچقا، بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايتتى - دە، شۇڭا بۇ يەردىن كېتىپ قالدىم. بۇنى قانداقمۇ ئالدىن كۆرەلىسەك، خاتا لۇشيەننى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغانلىق دېگىلى بولسۇن؟ مەن بۇنداق بوختىنى كۆتۈرەلمەيمەن.

شۇنىڭ بىلەن رەخمەتبەگنىڭ "يەنە مەسىلەن..."نى داۋاملاشتۇرۇشقا ئورۇن قالمىدى ھەمدە ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى رەھبەرگە "ئەقىدە"سىگە لايىق مۇكاپات ئالالمىغانلىقىدىن بەك بىئارام بولدى. لېكىن تاشپولاتنىڭ سۆزى سورۇندىكى باشقا ئاغىنىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. مەنمۇ شۇنداق تەسىرات ئىچىدە "تاشپولات راستتىنلا سەممىي ئادەم ئىكەن، شۇڭا ئۆزى ھەققىدىكى يالغان ماختاشنى تۆھمەتتەك ئېغىر ئالىدىكەن" دېدىم ئىچىمدە.

مەرد كىشى ئەجرىنى پەش قىلغان قاچان

يوق قىلچە ساۋادى ئۇنىڭ ئۇ بابتا.

خۇشامەت ئالدىدا سېزەر ئۆزىنى

قارىلانغاندىنمۇ ئېغىر ئازابتا.

كۆرەڭنىڭ پۇتىغا بىر خىشنى قويساڭ

ئۆزى تۇققۇزىنى قويۇپ ئالىدۇ.

سەن ئۇنى ئاسمانغا تاقاشتىڭ دېسەڭ،

دەيدۇ: "ئاكاڭ ئاينى يۇلۇپ ئالدۇ."

خۇشامەت، ماختاشقا مەپتۇن بولغىنىڭ
ئەقلىڭنى ئاتقىنىڭ تاۋكا ـ قىمارغا.
نومۇسنى خورىتار ئۇنىڭ خۇمارى
ئۆگەنىمگۈلۈك بۇنداق خۇمارغا.

# تۈركىيىدە 20 كۈن

## موستلۇق يولىدىن كەلگەن تەكلىپ بويىچە

ئۆتكەن يىلى ئەتىياز يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئىككىمىز تۈركىيىدىن يوللانغان بىر مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالدۇق. بۇ، بىزنى 1983 ـ يىل 6 ـ مايدىن 9 ـ مايغىچە تۈركىيىنىڭ ئەسكىشەھىر دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان 1 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى سېمىنارىيىسىگە چىللاپ ئەۋەتىلگەن تەكلىپنامە ئىكەن. بىزدە ”چىللىغان يەردىن قالما“ دېگەن گەپ بار. شۇڭا بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، يولغا چاپدۇق.

1971 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو ـ تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بېرىش ـ كېلىش يولى رەسمىي ئېچىلدى. بۇ ــ دوستلۇق يولى، ئۆزئارا ئۆگىنىش يولى. يېڭى جۇڭگو ئادەملىرى بۇنداق يولنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدا مېڭىپ هارمايدۇ. مەنمۇ مۇشۇ يولدا مەلۇم بىر ئىز قالدۇرۇشنى بەك ئارزۇلايدىغانلارنىڭ بىرىسى.

1982 ـ يىل يازدا يۇگوسلاۋىيە ماكېدونىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ گۆزەل سترۇگا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 21 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارالىق شېئىر فېستىۋالى جەريانىدا 40 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن شائىرلار

قاتارىدا تۈركىيىلىك شائىر ۋە ژۇرنالىستلاردىن نىجدەت ئەۋلىياگىل، ئىرفان نەسراتتىن ئوغلۇ، كەرەم ئەردەم ئايدىللار بىلەن تونۇشقان ئىدىم. شۇ چاغدا ئۇلار ماڭا: "تۈركىيىدىمۇ بىللە شېئىر ئوقۇيلى" دېگەنىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بېيجىڭدا ئىلىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن ئىرفان نەسراتتىن ئوغلۇ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشتىم. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى نامىدىن بېرىلگەن زىياپەتتە زىخ كاۋاپ يېيىشىپ تۇرغان چېغىمىزدا ئىرفان: "بېيجىڭدا ھەمدەستىخان بولۇپ زىخ كاۋاپ يېگەندەك، ئەنقەرەدىمۇ بىللە ئولتۇرۇپ دۆندۈرمە كاۋاپ يېيىشنى، شېئىر توغرىسىدىكى قىزغىن پاراڭلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن" دەپ قەدەھ كۆتۈرگەنىدى. بەش ئايدىن كېيىن تۈركىيىدىن ئەۋەتىلگەن تەكلىپنامىنى كۆرگىنىمدە، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە بايىقى قەدەھنىڭ ساداسى يەنە جىرىڭلىغاندەك بولدى. دېمەك، دوستلۇق يولىدىن كەلگەن تەكلىپنامىدىن ماڭا يول چىقىپ قالدى.

بىز سېمىنارىيىگە قۇرۇق بارمايلى دەپ بىردىن ماقالە تەييارلىدۇق. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلار ۋە پايتەختتىكى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەمدە كەسپداشلار بىزگە ئاق يول تىلىدى. 4 - ماي كۈنى خۇشاللىق ئىچىدە بېيجىڭدىن تۈركىيىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

"مەرھابا!"

يولدا پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە بىر كۈن قونۇپ، ئەتىسى تۈركىيە ئايروپىلانىغا چىقىپ، يولنى داۋاملاشتۇردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككى سائەتچە يۈرۈپ، ئابۇزەبى ئايرودرومىغا چۈشۈپ، بىرپەس دەم ئالغاندىن كېيىن، يەنە ماڭدۇق. بىر چاغدا ــ ئەنقەرە ۋاقتى بىلەن سائەت 3 تە ئايروپىلاندىن پەسكە قارىۋىدۇق، كۆزىمىزگە سۈزۈك مەرمەر دېڭىزى كۆرۈندى، ئۇزاق ئۆتمەي پوسپور بوغۇزى ئۈستىدىن ئايلىنىپ پەسلەپ، ئىستانبۇل ئايرودرومىغا چۈشتۇق. ئۇ يەردىن باشقا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، 45 مىنۇت ئۇچقاندىن كېيىن، ئەنقەرەگە يېتىپ كەلدۇق. ئايروپىلاندىن چۈشۈشىمىزگە "مەرھابا!" دېگەن ئىللىق، ياڭراق سادا ئاڭلاندى. بىز ئالدىمىزغا قاراپ، بىزنى قارشى ئېلىشقا چىققان تۈركىيىلىك دوستلارنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر تۈرك شائىرى، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى ياۋۇز ئەپەندى بار ئىكەن («ياۋۇز» دېگەن نام تۈركلەردە "قەھرىمان" دېگەن مەنىگە ئىگە). مەن بۇ ئادەمنىڭ نامى ۋە تەرىپىنى بۇرۇن ئاڭلىغان ئىدىم. ئالدىنقى يىلى يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى تۈركىيىگە فولكلور ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغاندا، بۇ ئادەم ئالاھىدە قىزغىن دوستانىلىق كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان شۈكۈر توران (تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قارىمىقىدىكى فولكلور تەتقىقاتى ئورگىنىنىڭ ئىلمىي خادىمى، مۇتەخەسسىس)مۇ شۇنداق قىزغىن كۆرۈشتى. بىزنىڭ ئەنقەرەدىكى باش ئەلچىخانىمىزنىڭ بىرنەچچە مەسئۇل خادىمى ۋە شىنخۇاشې مۇخبىرىمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىققان ئىكەن. ئۇلارنىڭ قىياپىتىدە ۋەتەنداشلارچە سېغىنىشلىق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى.

تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، خۇش چاقچاق ياۋۇز ئەپەندى ئەلچىخانىمىزنىڭ خادىملىرىغا "بىز ساھىبخان، قائىدە

بويىچە، مېھمانلار ئالدى بىلەن ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغۇ، رۇخسەت قىلىڭلار" دەپ چىرايلىق خوشلىشىپ، بىزنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەر ئىچىگە ئېلىپ ماڭدى.

بىز قاتنىشىدىغان سېمىنارىيە ئورنى ئەنقەرەدىن 200 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا ئىكەن. شۇڭا ساھىبخانىلار "مەنزىل خېلى بار، غىزالىنايلى" دەپ شەھەر ئىچىدىكى بىر دۆنەرمە كاۋاپ رېستورانىغا باشلىدى. بىز بۇ يەردە، مەن بۇرۇن ئىرفان نەسراتتىن ئوغلىدىن نامىنى ئاڭلىغان، توك دوخۇپكىسىدا قوي گۆشى چوك كاللەك پىتى پىرقىرىتىپ پىشۇرۇلىدىغان دۆندۈرمە كاۋاپنى مەززە قىلىپ يېدۇق، بۇ چاغدا ساھىبخان جۇڭگودىكى ھەر خىل كاۋاپلار توغرىسىدا ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىنى ناھايىتى قىزىقىشلىق بىلەن سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ كاۋاپنى چۆرىدىگەن ھالدا جۇڭگو ھەققىدىكى قىزغىن ھېسسىياتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: "ئەگەر سىز بىز تەرەپكە بېرىپ قالسىڭىز مەن چوقۇم زىخ كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلىمەن" دېۋىدىم، ئۇ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن "ئىنشائاللا"نى بىرقانچە تەكرارلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن تۈركىيىنىڭ ھازىرقى ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كەتتى.

تاماقتىن كېيىن ياۋۇز ئەپەندى بىلەن خوشلىشىپ، شۈكۈر تۇراننىڭ ھەمراھلىقىدا، كېچىلەپ يول يۈرۈپ، سائەت 12 گە يېقىنلاشقاندا، سېمىنارىيە ئورنى بولغان ئەسكىشەھىرگە يېتىپ كەلدۇق. بىزنى "بۈيۈك ئۆتەل" (چوڭ مېھمانخانا) ئالدىدا سېمىنارىيە مەسئۇللىرى قىزغىن قارشى ئالدى. ئالدىمىزغا ھەممىدىن بۇرۇن قۇچىقىنى كەڭ يېيىپ، ئىرفان نەسراتتىن ئوغلۇ كەلدى. مەن ئۇنى "مەرھەبا!" دېگەن بوم ئاۋازىدىنلا تونۇدۇم. بىز خۇددى تۈركلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەسۋىرلىگەندەك "قىرىق يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن قېرىنداشلاردەك" قۇچاقلىشىپ كەتتۇق.

ئېرفان نەسراتتىن ئوغلۇ

ئۇنىڭ تولۇق ئىسىم - فامىلىسى: ئېرفان تۇنۇر نەسراتتىن ئوغلۇ. بۇ يىل 46 ياش. ئۇ، تۈركىيىدە خېلى چوڭ تەسىرگە ئىگە ژۇرنالىست ھەم فولكلور تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان بىلىم ئەھلى. ھازىر تۈركىيە فولكلور جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى.

مەن ئېرفان بىلەن ئۆتكەن يىلى يۇگوسلاۋىيىنىڭ ستروگا شەھىرىدە تونۇشتۇم. ئۇ ماڭا تۈركىيىدىن ئۆزى بىللە كەلگەن شائىر نىجدەت ئەۋلىياگىل، ئۇنىڭ رەپىقىسى سىيۇگى خانىم، شائىر كەرىم ئەردەم ئايدىنلاردىن باشقا، ماكېدونىيىدىكى تۈرك دوستلىرى-دىن سوۋاد، نۇسرەت، ئېرفان بىللۇر قاتارلىق شائىرلارنىمۇ تونۇش-تۇردى. مەنمۇ ئۆز ھەمراھلىرىم يولداش گې ياك، لى شۈيەن، ۋاڭ گېلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردۇم. ئېرفان شۇ چاغدا يولداش گې ياڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدا گېنېرال چېن يىنىڭ قوماندانلىقى ئاستى-دىكى قىسىمدا (يېڭى 4 - ئارمىيە تەركىبىدە) خىزمەت قىلغان پېشقەدەم پارتىزان، مۇخبىر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ كەتكەنىدى. بىز شۇ چاغدا بىر ھەپتە داۋامىدا ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ، بىللە سەيلە قىلىپ، پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىپ دوست بولۇپ قالغانىدۇق. ئۇ ھەتتا بىر كۈنى مېنى كەچتە ئوخرىد شەھىرىدىكى تۈرك كەلەرنىڭ بىر توي مۇراسىمىغىمۇ باشلاپ بېرىپ، تاماشا قىلدۇرغانىدى. بەزىدە تەرجىمان-

لىق قىلىپمۇ بەرگەن، شۇ چاغدا ئىرفان بىزگە: "پات ـ يېقىندا جۇڭگوغا زىيارەتكە بارىمەن" دېگەنىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇ ئىلىمىزدە ئىككى ھەپتە زىيارەتتە بولدى. دەسلەپتىلا جۇڭگو شائىرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. مەن ئىرفانغا شائىر شاۋيەنشاڭنى تونۇشتۇردۇم. يولداش شاۋيەنشاڭ ئۇنىڭغا جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى توغرۇلۇق ئەھۋال تونۇشتۇردى. ئىرفان ئۇنىڭدىن بەك مەمنۇن. ئۇ بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردا بولدى. جۈملىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ 4 كۈن تۇرۇپ، كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھېس قىلغانلىرىنى زوقمەنلىك بىلەن دەپتىرىگە يېزىۋالغانىدى.

ئىرفان تۈركىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا قىلغان زىيارىتى ھەققىدە نۇرغۇن ماقالە يېزىپ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇ. يېقىندا ئۇنىڭ «ئۇرۇمچىدىن ـ بېيجىڭغا ـ جۇڭگو» دېگەن كىتابى ئەنقەرەدە نەشىردىن چىقتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ يازغانلىرى تۈركىيىدە يېڭى جۇڭگو ھەققىدە ئېلان قىلىنغان تۇنجى قېتىملىق، بىرقەدەر سىستېمىلىق، ئوبيېكتىپ تونۇشتۇرۇش، ئۇ، پاكىتلارغا جىق ئېتىبار بەرگەن. كىتابىنىڭ ئومۇمىي روھىدىن ئىلىمىزگە نىسبەتەن قىزغىن زوق، كۈچلۈك مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

ئىرفان تۈركىيىنىڭ بىرقانچە گېزىت ـ ژۇرناللىرىغا مېنىڭ بىرنەچچە شېئىرىمنى («تۈگمەس ناخشا»، «ئارچا»، «ئوخرىد بويى» لارنى) تۈركچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئېلان قىلدۇ ۋە مېنىڭ ھەققىمدىمۇ نۇرغۇن قىزغىن دوستانە سۆزلەرنى يېزىپتۇ. ئۇ بۇندىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تۈركىيە جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش

ئىشىنى ئاكتىپ ئۈيۈشتۇرىمەن، دەپ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىغا مېنىڭ ھەمكارلىششىمنى سورىدى. مەن بۇنى ئەلۋەتتە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

ئېرفان جۇڭگو تېمىسىغا ئىنتايىن زوقمەن. ئۇ بىزگە: "ئىنچىكە كۆزەتكەن ئادەم ئۈچۈن بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ھەربىر قەدىمى بۈيۈك بىر كىتاب. جۇڭگودا ئىككى ھەپتە تۇرۇپ، قىلچە قانمىدىم. مېنىڭ جۇڭگونى تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىپ، بۇ ھەقتە، جۇملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەققىدە يېرىكرەك ئەسەر يازغۇم بار. مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە، ھۆرمەتلىك لىن لىنغا①، جۇملىدىن ھۆرمەتلىك ئىسمائىل ئەمەتكە يەتكۈزۈپ قويسىڭىز" دېگەن سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكىتلىدى.

سېمىنارىيە جەريانىدا ئېرفان ئەتە - ئاخشىمى دائىم دېگۈدەك بىز بىلەن بىللە بولدى. بىزنىڭ سېمىنارىيىدىن ۋە ئېكسكۇرسىيەلەردىن بىرقەدەر ئۈنۈملۈك بەھرىمەن بولۇشىمىز ئۈچۈن ئۇ ئاكتىپلىق تۇغدۇرۇپ بەردى ۋە بەك كۆڭۈللۈك مېھمان قىلدى. بىز ئەنقەرەدىن ئىستانبۇلغا مېڭىش ئالدىدا باش ئەلچىمىز يولداش جۇ جۆ ئۆزىنىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، ئېرفاننىمۇ تەكلىپ قىلغانىدى، بىز ھەممىمىز ماۋتەي شارابىنى كۆتۈرۈپ، شېرىن دوستلۇق كەيپى ئىچىدە قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق.

---

① لىن لىن — ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى، شائىر.

## ئەسكىشەھىر ۋە يۇنۇس ئەمرە

ئەسكىشەھىر ۋىلايەتىنىڭ ھەم ۋىلايەت مەركىزىنىڭ نامى. ۋىلايەت قارىمىقىدا مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى ۋىزانتىيە ۋە 6 ـ 5 مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى فرىگلار، ھىتتىلار مەدەنىيىتىنىڭ خاتىرىسى بولغان نۇرغۇن-لىغان قىممەتلىك ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرى بار. ھازىر ۋىلايەت مەركىزىدە 500 مىڭغا يېقىن ئاھالە ياشايدىكەن. بىرقانچە ئالىي مەكتىپى ۋە مۇزېيلىرى بار ئىكەن.

كىشىلەر بۇ شەھەرنى خوجا نەسىرىدىن (نەسىرىددىن ئەپەندى) بىرمەزگىل ياشىغان يۇرت، دەپمۇ ئۇلۇغلايدىكەن. ئۇلۇغلاشنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى شۇكى، بۇ جاي ــ يۇنۇس ئەمرەنىڭ يۇرتى.

يۇنۇس ئەمرە ــ 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تۈرك شائىرى، تۈرك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى. ئەدەبىياتشۇناسلار ئۇنى خوجا ئەخمەت يەسەۋى مەكتىپىگە مەنسۇپ شائىر دېيىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇ جالالىددىن رۇمىينىڭ پەلسەپە ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. ئۇنىڭ «سەۋەلىم، سەۋەلەلىم» (سۆيەيلى ـ سۆيۈلەيلى) دېگەن مەشھۇر سۆزى تۈركلەردە ھېكمەتلىك ماقالىدەك كەڭ تارال-غان. بۇ سۆز ئۇنىڭ تۈپ ئىدىيىسىنى بىرقەدەر تولۇق ئىپادىلەيدۇ (ئۇ ــ ياخشىلىق قىلساڭ، ياخشىلىق تاپىسەن، دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە).

يۇنۇس ئەمرە ــ تۈرك ئەدەبىياتى تارىخىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن شائىر، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى ھەققەتەنمۇ ئۈستۈن. ئۇ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسىنى چوڭقۇر لىرىك ھېسسىياتلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن، ئوبرازلىق، راۋان تىل ماھارىتى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى خەلق ئىچىگە (خۇددى خەلق قوشاقلىرىدەك) كەڭ تارالغان، تۈركلەر ئۇنى ئوسمانلى دەۋرىدىكى تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى، دەپ ئىززەتلەيدىكەن ۋە پات ـ پات ئۇنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن.

بىز ئەسكىشەھىردە بولغان كۈنلەر يۇنۇس ئەمرەنى خاتىرىلەش ھەپتىسى بولۇپ، بىز تەكلىپ قىلىنغان بۇ قېتىمقى سىمىنارىيمۇ ئەنە شۇ خاتىرىلەش ھەپتىسىنىڭ مۇھىم بىر پائالىيىتى ئىكەن. بۇ سىمىنارىينىڭ ئەسكىشەھىردە ئۆتكۈزۈلۈشىنىڭ ۋە ئەسكىشەھىر ۋالىيسىنىڭ بۇ سىمىنارىيگە باش ساھىبخان بولغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبىمۇ شۇ!

### سىمىنارىيە

1 ـ نوۋەتلىك خەلقئارا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى سىمىنارىيىسى (ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى) 7 ـ ماي كۈنى ئەسكىشەھىر بەلەدىيە سالونى (شەھەرلىك مەھكىمە زالى) دا تەنتەنە بىلەن ئېچىلدى. يىغىننى ئىرفان نەسراتتىن ئوغلۇ باشقۇردى. ئەسكىشەھىر ۋالىيسى ئۆمەر خالىل ئوغلۇ ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرىنىڭ مۇئاۋىنى كامال گۆكچە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ئاندىن سۆزگە چىقىش رەسمىي باشلىنىپ كەتتى.

بۇ سىمىنارىيگە، ئاساسەن، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى

مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن 52 ئادەم رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە قاتناشتى ۋە تەييارلاپ كەلگەن ماقالىلىرىنى ئوقۇشتى. ئۇلارنىڭ 35 ى تۈركىيىلىك، قالغانلىرى جۇڭگو، يۇگوسلاۋىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، سىپرۇس، بولغارىيە، چېخوسلاۋاكىيە، ئىتالىيە، غەربىي گېرمانىيە، ئىراق قاتارلىق مەملىكەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر.

سېمىنارىيىدە ئوقۇلغان ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى دىققەت بىلەن ئاڭلاندى ۋە ئالقىشلاندى. ماقالە تېمىلىرى، ئاساسەن فولكلور ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېر-بەلگىلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر، تۈركىي تىل-سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ داستان، قوشاق، چۆچەك، لەتىپە، ماقال-تەمسىللىرى، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا كۆرسەتكەن تەسىرى، مەھمۇت قەشقەرى، يۇنۇس ئەمرە قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى تەرەققىياتى ۋە تەتقىقاتىدا ئوينىغان رولى، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ گرېك، ماكىدون، ئالبان قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلەلەردىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر بەزىبىر نەزەرىيە مەسىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بەزى ئەسەرلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلدى. جۈملىدىن نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يۇمۇر ياكى قارا يۇمۇر ئۈستىدە خېلى كەڭ مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلدى. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى توغرۇلۇقمۇ مەخسۇس تېمىدا بىر ماقالە

ئوقۇلدى.
سېمىنارىيەدە مەن بىرىنچى بولۇپ سۆزگە تەكلىپ قىلىندىم ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي قوشاقلىرى توغرىسىدا سۆزلىدىم. 9 ـ ماي كۈنى يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى مەمەت قەشقىرىنىڭ «دىۋانى» دىكى ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىل- لىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى توغرۇلۇق سۆزلىدى. ھەر ئىككى سۆز سېمىنا- رىيە قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولدى ۋە بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزورلاردا ئېلان قىلىنىپ تۇردى.
تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئۆزئارا بىلىم ئالماشتۇرۇشنى مۇھىم مەقسەت قىلغان بۇ سېمىنارىيە بىز ئۈچۈنمۇ بىر ئۆگىنىش ھەم بۇ ساھەدىكى خېلى كۆپ بىلىم ئەھلى بىلەن تونۇشۇش پۇرستى بولدى.
سېمىنارىيە جەريانىدا ئاناتولىدىكى قەدىمىي مىراس شەھىرىنىڭ خارابىلىرىنى، ھېتىت يېزىقى ئويۇپ يېزىلغان قىيا تاشلارنى كۆرۈپ، مىلادىدىن بەش مىڭ يىل بۇرۇنقى تارىخنى، مەدەنىيەت مەنزىرى- سىنى ھاياجان ئىچىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈردۇق؛ ئۆز ۋاقتىدىكى مەشھۇر ئەرەب قوماندانى سېيىت بەتتالغازىنىڭ مازارىغىمۇ باردۇق. شائىر يۇنۇس ئەمرە خاتىرىسىگە بېغىشلانغان قىممەتلىك مول ئېكسپوناتلار بىلەن تولغان فولكلور كۆرگەزمىسىنى، باللار رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆرۈپ ھەممىدە ياشلارنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيىلىرىنى ئاڭلاپ، تۈركلەرنىڭ ئۆز مىللىي ئەنئەنىلىرىگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى، شېئىرىيەتكە بولغان قايناق ئىشتىياقى ۋە باللارنىڭمۇ نازۇك ئېستېتىك زوقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندۇق.

## "قەشقەرلىق مەھمۇت"

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنى تۈركلەر "قەشقەرلىق مەھمۇت" دەپ ئاتايدۇ. بۇ توغرۇلۇق گەپ قوزغالغان ئايرىم سورۇنلاردا بىزنىڭ "مەھمۇت قەشقەرى" تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان بۈيۈك بىر ئىلمىي سىما. ئۇنىڭ ئىلمىي دۇردانىلىرى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر مۇھىتىدىكى مول مەنىۋى كانلاردىن قېزىپ ئېلىنغان. لېكىن بۇ دۇردانىلار خەزىنىسىدە قەشقەر-ئۇيغۇر مۇھىتىغا مەنسۇپ بولغان جاۋاھىرلارنىڭ سالمىقى چوڭ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۆزىلا بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا مەھمۇت قەشقەرى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىلمىي تارىخىدىكى شادلىق نامايەندە" دېگەن پىكىرلىرىمىزنى ئاڭلىغان ئالىملار "ئەۋەت-ئەۋەت" دېيىشتى. نۇرغۇن سورۇنلاردا ئۇلار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىلمىي تۆھپىسى، شان-شۆھرىتىدىن گەپ ئاچقاندا ئۇيغۇرلارنى تەبرىكلەيدۇ. نۇرغۇن تۈرك ئالىملىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەرباپلىرىمۇ بىز بىلەن كۆرۈشكەندە "سىلەر بەك ئەزىز مېھمان. چۈنكى، دۇنيادىكى بىر مىليارتتىن ئوشۇق نوپۇسقا ئىگە چوڭ ئەلدىن. شۇنىڭدەك قەشقەرلىق مەھمۇتنىڭ يۇرتىدىن كەلدىڭلار" دەپ ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. بىز بۇ ھۆرمەت ئالدىدا چوڭقۇر ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىغا چۆمۈلدۇق. شۇنداقلا مەھمۇت قەشقەرىنى ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك «دىۋانى»نى تەتقىق قىلىش ساھەسىدە تۈرك ئالىملىرىنىڭمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىجابىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بولغان ھۆرمىتىمىزنى ئىزھار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىشتۇق.

سېمىنارىيە جەريانىدا يولداش ئابدۇشۇكۇر تۇردى سۆزگە چىققاندا، ئۆز تېمىسىغا مۇناسىپ ھالدا سېمىنارىيە ھەيئىتىگە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان 1- تومىنى تەقدىم قىلغانىدى، زالدا قىزغىن چاۋاك ياڭراپ كەتتى. بىرقانچە ئالىملار بۇنى، قەشقەرلىق مەھمۇتنىڭ ئۆز يۇرتىدا نەشر قىلىنغان تەۋەررۈك نۇسخا، دەپ قولىدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈشۈپ، بەزىلىرى ھەتتا كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كېتىشتى. مۇخبىرلار سۈرەتكە تارتىشتى (شۇنىڭدەك يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نى نەشرگە تەييارلاۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشتى. ئاندىن ئابدۇشۇكۇر تۇردى قەشقەرگە قاراشلىق ئوپال رايونىنىڭ ئازىق كەنتىدە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازارى تېپىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، چاۋاك تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى (بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ توغرۇلۇق شىنخۇاشې تارقاتقان خەۋەر تۈركىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان گېزىت- ژۇرناللىرى ھەمدە رادىئو- تېلېۋىزىيە، ئىستانسىلىرى ئارقىلىق داغدۇغا بىلەن تەكرار- تەكرار ئېلان قىلىنغان ئىكەن). مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سېمىنارىيە قاتناشقۇچىلىرى بىزنى يەنە قىزغىن تەبرىكلىدى. مازار توغرۇلۇق ئىزدەنگەن ئىبراھىم مۇتىئى ۋە مىرسۇلتان ئەپەندىلەرگە سالام دەڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلمىي ئىشىدا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىنى تىلەيمىز، دېيىشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرى مازارىغا بېرىپ زىيارەت قىلىش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ھەقىقەتەنمۇ تۈركىيىدىكى ئاز بولمىغان ئالىم، يازغۇچىلارنىڭ ئېلىمىزنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ يېڭى قىياپىتىنى ئۆز كۆزى

بىلەن كۆرۈش، جۈملىدىن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانا يۇرتىنى كېزىش، ئۇنىڭ ئەۋلاد ۋارىسلىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇش ئارزۇسى بەك كۈچلۈك. ئۇلار ئۇيغۇرلارنى تارىختا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ باشلامچىسى بولغان دەپ قارايدۇ. شۇڭلا-دەك، نۇرغۇن تۈرك ئالىملىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چوڭ ئائىلىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جۈملىدىن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىلمىي روھىنى جانلان-دۇرۇپ، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلىرىدىن بولۇشقا، ئىلىم دۇنياسىغا شانلىق تۆھپىلەر قوشۇشىغا چىن قەلبىدىن تىلەكداش-لىقىنى بىلدۈرۈشتى. ھەشقاللا!

## شېئىر سورۇنلىرىدا

"تۈرك خەلقى شائىر خەلقتۇر. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى شېئىر ئاڭلايدۇ، شېئىر ئوقۇيدۇ، شېئىر يازىدۇ" — ئىرفان نەسراتتىن ئوغلۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ مۇبالىغە دېگىلى بولمايدۇ. تۈركلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قوشاقچىلىق، داستانچىلىق ئەنئەنىسى ھېلىمۇ كەڭ داۋام قىلماقتا. تۈرك كلاسسىك شېئىرىيىتى تارىخىدا نۇرغۇن مەشھۇر شائىرلار مەيدانغا چىققاندەك، مۇشۇ ئەسىر-دىمۇ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە شائىرلار ئۆزلۈكسىز مەيدانغا چىقماقتا. كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە شېئىرىيەتكە بولغان زوق-ئىشتىياق ئادەم دىتىنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى بولماقتا.

تۈركلەردە شېئىرىيەت پائالىيىتى، يەنى شېئىر ئوقۇش كېچىلىكى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شېئىر مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈش كەڭ ئادەتكە ئايلانغان. مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز، بايرام تۈسىنى ئالغان داغدۇغىلىق پائالىيەتتىنمۇ شېئىرىيەت يىلتىزىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، شېئىر ئوقۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر شېئىرىي سەنئەت. بۇ جەھەتتە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئەھۋال ئەسكىشەھىردە ئېچىلغان فولكلور كۆرگەزمىسى زالىدا يۈز بەردى. بۇ سورۇندا ئۈچ نەپەر قىز ئارقا-ئارقىدىن شېئىر ئوقۇدى، بىر-بىرىدىن تەسىرلىك. بولۇپمۇ 3-قېتىم شېئىر ئوقۇغان 15 ياشلىق گۈزەل بىر قىز يۇنۇس ئەمرەنىڭ «باناسەنى گەرەك، سەنى» (ماڭا سەنلا كېرەك) دېگەن مۇناجات شېئىرىنى ئوقۇغاندا، تىڭشىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى داڭقېتىپ قالدى. مەنمۇ شېئىر بۇ قىزنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتامدۇ ياكى قىز شېئىرنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتامدۇ، دېگەن بىر خىل تېڭىرقاش ھېسسىياتىغا چۆكۈپ كەتتىم. ئۇ، شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى ئوقۇشى بىلەن تەڭ ئاجايىپ بىر نەپىس ھېسسىياتلىق ھەرىكەتتە، ھاياجان ئىلكىدە ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ تىزلانغانىدى، ھەممە ئادەمنىڭ دېگۈدەك بېشى ئېگىلىپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ ھەربىر مىسرا، ھەربىر جۈملىنى ئوقۇغان چاغدىكى قىياپىتى ۋە ئاۋازىدىن شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ سۈرىتى گەۋدىلىنىدۇ. ھەتتا ئارىلىقتىكى سۈكۈت ۋە تىنىقلارمۇ ئاشۇ شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ. بۇ ھالەت ئالدىدا، ئىختىيارسىز ھالدا "ياخشى ئوقۇش شېئىرگە شېئىر قوندۇرىدۇ" دېگەن سۆزنى تەكرارلايدۇ كىشى.

بۇ يەردە شۇنداق بىر ھېسسىياتىمنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن:

شېئىرنىڭ ئىچكى ھەم تاشقى مۇزىكىلىقى بار. شېئىرنىڭ تاشقى مۇزىكىلىقى شېئىرنىڭ ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىش، راۋان تەلەپپۇز قىلىش، ئاھاڭدارلىقىنى، نۇقتىلىق ئۇرغۇلارنى گەۋدىلەندۇرۇش. تېخىمۇ مۇھىمى، ئىچكى مۇزىكا، يەنى شېئىرىي ھېسسىياتنى گەۋدىلەندۇرۇش، بولۇپمۇ شېئىردىكى ھەربىر مىسرادىكى ئاساسىي پىكىرنى ئىپادىلىگۈچى سۆزنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئوقۇلۇشىنى مەھكەم ئىگىلەش. ماجازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىردىكى ھېسسىيات كۈيىگە شېئىرنى ئوقۇغۇچى ئادەم ئۆز يۈرەك سازىنى تەڭكەش قىلىش.

مەن ئەسكىشەھىردە ئىككى قېتىم شائىرلارنىڭ شېئىر ئوقۇش سورۇنىغا قاتناشتىم. بىرىنچى سورۇندا مەن «مەيلىمۇ» دېگەن غەزىلىمنى ئوقۇپ بەردىم. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شېئىرنى ئاساسەن چۈشىنىپتۇ. قىزغىن ئالقىشلىدى، بولۇپمۇ بىر نەچچە شائىر بۇ شېئىردىكى:

"ئىشقىڭ ئۇرۇق، كۆڭلۈم زېمىن، ئاھىم شامال، ياشىم يېغىن.
ئۇەيلەپ ئېكىننى پەرۋەرىش، ئاچ قالسا دېھقان، مەيلىمۇ» دېگەن مىسرالارغا زوقلانغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

سېمىنارىيە تاماملانغان كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتنىڭ ئاخىرى شېئىر ئوقۇش كېچىلىكىگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ يەردە بىرقانچە تۈرك شائىرى مېنىڭ «تۇكۇمەس ناخشا» دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىشتى. مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىمۇ ئوقۇلدى. سورۇندىكىلەر يەنە چوڭ ئالقىش بىغىشلىدى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە جۇش ئۇرۇپ خەلقئارا شېئىرىيەت مۇنبەرلىرىدىمۇ داۋاملىق ياڭراپ

تۇرۇشنى ئۇمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ ئالقىش، بۇ ئۇمىد ئالدىدا كۆڭلۈمدە مۇنداق بىر ھېسسىيات تۇرغۇدى:

ياغسا ئالدىمغا ھامان ئالقىش - شەرەپ،
دېمگەيمەن: بۇ، پەقەت ئەجرىمگە خاس.
قەترەمەن دەريادىكى،
ئالقىش - شەرەپ
ئەڭ بۇرۇن دەريا — ئىلىم، دەۋرىمگە خاس.
شېئىرىيەت گۈلزارىدۇر يۇرتۇم - ئېلىم،
ھۆسنىگە تولغۇسى باغ، دەۋرىم باھار.
ھەممىنى زوقلاندۇرار گۈلدەستىسى،
خۇش پۇراق، بىر - بىرىسىدىن ئۈز، جىلۋىدار.

"ئىككى ئەزىز مسافىر"

بىز تۈركىيىدىكى كۈنلىرىمىزنى قىزغىن ھۆرمەت ۋە دوستلۇق قۇچىقىدا ئۆتكۈزدۇق، بىز بىلەن كۆرۈشكەن ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن ئىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇردى. ھەممىلا سورۇندا دېگۈدەك، بىز تۈرگە تەكلىپ قىلىنىپ تۇردۇق.

تۈركلەر مېھماننى "مسافىر" دەيدىكەن. يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى بىلەن مېنىڭ ئورتاق ئىسمىم "جۇڭگولۇق ئىككى ئەزىز مسافىر" بولدى. بېشىمىزدىكى چىمەن دوپپىمۇ جۇڭگولۇق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىزنىڭ خېلىلا ئېنىق بىر بەلگىسى ئىدى. كوچىلاردا كېتىۋاتقىنىمىزدا، بۇ بەلگىگە سەپسالغان نۇرغۇن تۈركلەر بىز

بىلەن ئالاھىدە قىزغىن كۆرۈشۈپ سالاملاشتى. بىر كۈنى ئەنقەرەدىكى ئاناتولى مۇزېيىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىمىزدا، بىزنى بۇرۇن تېلېۋىزوردا كۆرگەن بىر تۈرك بوۋاي ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىپ: "مەن سىلەرنى تونۇدۇم. سىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى ئۆز ئۆيۈمدە كۆرگەن ئىدىم. سىلەر ئەزىز ئەلدىن كەلگەن ئەزىز مىسافىرلار" دەپ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، بىزگە ئالاقىدار ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ۋە مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ھۆرمىتى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى.

مەن 9 ـ ماي كۈنى ئەسكىشەھىر ئارخېئولوگىيە مۇزېيىدا راسلانغان فولكلور كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئېپتىخار بىلەن ئەسلەيمەن (بۇ كۆرگەزمىگە، ئاساسەن، تۈركلەرنىڭ قەدىمىي كىيىم ـ كېچەك، نەقىش، كەشتە، ئۆي جاھازلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ۋە بۇنىڭغا ئائىت رەسىملەر قويۇلغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ مەدەنىيەت تارىخى، ئېتنوگرافىيىگە دائىر قىممەتلىك بۇيۇملار ئىكەن). كۆرگەزمە ئېچىلىش ئالدىدا يۈزلەپ ئادەم (تولىسى ئالىم، يازغۇچى، مۇتەخەسسىسلەر ۋە چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمانلار) كۆرگەزمە ئىشىكى ئالدىغا جەم بولۇپ تۇرغاندا، ئەسكىشەھىر ۋالىيسى ئۆمەر خالىل ئوغلۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەسلىدە بۇ كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى باش ساھىبخان ۋە لېنتا كەسكۈچى پەخرىي ئادەم ئىدى. بىراق ئۇ ساھىبخانلىق سۈپىتىدە مۇراسىمغا بېغىشلاپ ئىككى لېنتا كېسىشكە "جۇڭگودىن كەلگەن ئەزىز مىسافىرىمىز، ئەزىز دوستىمىز تېيىپجان ئېلىيوۋنى تەكلىپ قىلىمەن" دەپ ئېھتىرام بىلەن ماڭا قايچا سۇندى. مەن بۇ ئالاھىدە ھۆرمەتكە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، قىزغىن ئالقىشلار ئىچىدە لېنتا

كەستىم. ھاياجان ئىچىدە كۆڭلۈمدىن شۇنداق ئويلار كەچتى: قارىماققا، مەن بۇ يەردە بىر لېنتىنى كەستىم، ماھىيەتتە، دوستلۇقنىڭ يەنە بىر رىشتىسىنى باغلىدىم. شۇ چاغدىكى ھۆرمەت، تەشەككۈر، ئالقىشلارنىڭ ھەقىقى مەنىسىمۇ مەشەدە! شۇڭا بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى تۈزدۈم:

. . . . . . . . . . . .

لېنتا كېسىلدى ئالقىش ئىچىدە،
چۈنكى بۇ ئۈزۈش — باغلاش ۋاستىسى.
ئۈزۈلگىنى — راۋانلىق دېمەك،
باغلانغىنى كۆڭۈل رىشتىسى.

كۆڭۈل رىشتىسى — دوستلۇق رىشتىسى.
ئىككى ئۇچى ئىككى يۈرەكتە.
بىر يۈرەك بېيجىڭ،
بىرسى ئەنقەرە.
ھەر ئىككىسىگە دوستلۇق كېرەكتە.

. . . . . . . . . . . .

شۇ كۈنى بىز يەنە يۇنۇس ئەمرە خاتىرىسىگە بېغىشلانغان، ئاساسەن يۇنۇس ئەمرە شېئىرلىرىنى تېما قىلغان باللار رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆردۇق ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن باللارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلىدۇق. بۇ يەردە يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن مۇكاپات تەقدىم قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. بۇ چاغدىكى چاۋاكلارنى ھەم مۇكاپات ئالغۇچى ئۈچۈن، ھەم مۇكاپات تەقدىم قىلغۇچى ئۈچۈن چېلىندى دېيىش مۇمكىن.

ئەنقەرەدىكى ۋاقتىمىزدا ياۋۇز ئەپەندى بىزنى ئىزدەپ كېلىپ، "بۇ يەردە سىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار ئاز ئەمەس. مەن بۇ ئارزۇ يولىدا بىر ۋاسىتىلىق رولنى ئوينىدىم، يۇرۇڭلار!" دەپ، بىزنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئەنقەرە رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئېلىپ باردى. بۇ يەردە بىزنى بۇلتۇر مەن يۇگوسلاۋىيىدە تونۇشقان دوستۇم شائىر كەرەم ئايدىن قۇچاقلاپ قارشى ئالدى (ئۇ بۇ يەرنىڭ مەسئۇل بىر خادىمى ئىكەن). ئاندىن ئۇنىڭ بۆلۈمىگە ئىشداش-دوستلىرى ئارقا-ئارقىدىن كىرىپ، بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. بىز ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلاشتۇق. بىزنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەنلىرىمىزنى ئۇلار زوق بىلەن ئاڭلاشتى، ئۇزۇن يىللىق ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ، ۋەزىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوڭشىۋالغىنىمىزغا خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە "جۇڭگو ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ ئەل. جۇڭگو بىلەن بىزنىڭ دوستلۇقىمىزمۇ ئۇلۇغ ئىش" دېيىشتى. ئارىلىقتا كەرەم ئايدىن "بۇ قېتىمقى سېمىنارىيىگە جۇڭگولۇق دوستلارنىڭ كېلىشى بىزنى تېخىمۇ خۇش قىلدى، بىز بۇ ئەھۋالنى خۇش خەۋەر تەرىقىسىدە رادىئو ئارقىلىق 16 خىل تىلدا داغدۇغا بىلەن تەكرار خەۋەر قىلىمىز" دېدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى.

ئەتىسى بىزنى تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرىنىڭ مۇئاۋىنى كامال گۆكچە ئايرىم قوبۇل قىلدى. بۇ سورۇندا بىز دوستلۇق كەيپىياتى ئىچىدە كەڭ-كۇشادە پاراڭلاشتۇق. مۇئاۋىن مىنىستىر ۋە باشقا ئەربابلار: جۇڭگولۇق سىز ئىككى مېھمىنىمىزنىڭ قاتنىشىشى سېمىنارىيىمىزنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى، دېيىشتى ھەم مۇشۇنداق

ئۆزئارا بىلىم ئالماشتۇرۇش، دوستانە بېرىش - كېلىشلەرنىڭ كەڭ قانات يېيىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئاخىرىدا جۇڭگو ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن جۇڭگو ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تۈركىيە جاما-ئەتچىلىكىگە، تۈركىيە ئەدەبىياتىنى جۇڭگو جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ۋە بۇ جەھەتتە ئۆزئارا ۋەزىپە ئېلىش لازىملىقىنى تەكلىپ قىلىشتى. بىز بۇ پىكىرنى قىزغىن قارشى ئالىدى-غانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. خوشلىشىش ئالدىدا كامال گۆكچەگە ئۆزىمىزدە نەشر قىلىنغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 - تومىنى ۋە قازاق خەلقىنىڭ مىللىي نەقىشلىرى توپلىمىنى يادىكار - سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىۋىدۇق، قىزغىن تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، بىزگە تۈركىيە خەلق ناخشىلىرىدىن تاللانمىلار ئېلىنغان پىلاستىنكىلارنى تەقدىم قىلدى.

رەسمىي تەكلىپ قىلىنغان سېمىنارىيە تاماملانغاندىن كېيىنمۇ تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىزنىڭ تۈركىيىدىكى زىيارەت ۋە ئېكىسكۇرسىيە پائالىيەتلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللۈك بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مۇئاۋىن مىنىستىر كامال گۆكچە بىرقانچە مۇزېي ۋە كۇتۇپخانىلارغا ئېكىسكۇرسىيىنى ياخشى ئۇيۇش-تۇرۇش توغرۇلۇق رەسمىي ھۆججەت چۈشۈردى. بىرقانچە مەسئۇل خادىملار (تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مىللىي فولكلور تەتقىقات ئورگىنىنىڭ ياردەمچىسى كامىل تويغار، ئەنقەرە شەھەرلىك مەدە-نىيەت مۇدىرى يەھيا ئاكوي قاتارلىق كىشىلەر) ھەمراھ بولۇپ، بىزنى كۆڭۈللۈك ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى. مۇئاۋىن مىنىستىر يەنە ئىستامبۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت مۇدىرلىكىگە تېلېفون ئارقىلىق بىزنىڭ ئۇ يەردە ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىمىزگە يېقىندىن

ياردەمدە بولۇشنى تاپىلىدى.

تۈركىيىدە بىزگە كۆرسىتىلگەن ھۆرمەت ۋە دوستانىلىق، شۈبھىسىزكى، جۇڭگو - تۈركىيە دوستلۇقىنىڭ يارقىن بىر ئىپادىسى. بىز شۇنى ئېنىق ھېس قىلدۇقكى، بۈگۈنكى تۈركىيىدە ئېلىمىزنى توغرا چۈشىنىش كەيپىياتى كۈنسايىن ئۆسۈۋېتىپتۇ. تۈركىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو بىلەن بولغان دوستلۇقنى قەدىرلەيدىكەن. تۈركىيە زېمىنىدا جۇڭگوغا قارشى ھەرىكەتلەرگە يول قويمايدىكەن. زىيارەتكە بارغان جۇڭگولۇقلارغا دوستلۇق قۇچىقى كەڭ ئېچىلغان. بۇ — ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىنىڭ، بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردا ئىچكى - تاشقى سىياسەتتە چوڭ ئۇتۇق ئېلىپ بارغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندۇق ۋە چوڭقۇر ئىپتىخارلىققا چۆمدۇق.

مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا چەت ئەللىك يازغۇچى، شائىر ۋە ئالىملار بىلەن خېلى كۆپ ئۇچراشتىم. بۇ جەرياندا شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، سوتسىيالىستىك ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا ئەھمىيىتى بارغانسېرى زورايماقتا، ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان پىتنە - ئىغۋالارنىڭ بازىرى كۈندىن - كۈنگە كاساتلاشماقتا.

جۇڭگو بىلەن دوست بولۇشقا ئىنتىلىش — تەڭداشسىز كۈچلۈك ئېقىم. بۇنىڭ سەۋەبى ئېلىمىزنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دوستلۇقنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىغانلىقىدا، بۇنداق دوستلۇقنى قەدىرلەش بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇرچىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىزنىڭ ئەلچىخانىمىز

بىز ئەنقەرەگە يېتىپ كەلگەن كۈنى بۇ يەردىكى باش ئەلچىخا-نىمىزنىڭ بىرقانچە مەسئۇل خادىمى بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىققانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكىمىزنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئەسكىشەھىردىكى سىمنارىيە تاماھ-لانغاندىن كېيىن، بىز يەنە ئەنقەرەگە قايتتۇق-دە، توپتوغرا باش ئەلچىخانىمىزغا كېلىپ چۈشتۇق. مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىزنى تۇغقانلارچە قارشى ئېلىپ، مەخسۇس ئازادە ئۆيلەرگە ئورۇنلاش-تۇردى. تاماق ۋە باشقا نەرسىلەرنىمۇ بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتى-مىزگە، خاھىشىمىزغا لايىق قىلىپ تەييارلاپ بېرىشتى. تۈركىيە ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەرنى تونۇش-تۇرۇپ، كوچا ئارىلىتىپ، سەيلە قىلدۇردى. مۇستاپا كامال — ئاتاتۈرك مازارىغا زىيارەتكە ئېلىپ باردى. بىز ئەلچىخانىمىزدا خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدەك ئەركىن، قوۋناق ياشىدۇق. ئەلچىخانىنىڭ ئەھمىيىتىنى، ۋەتەنداشلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چەت ئەلگە چىققاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدىكەن كىشى.

شۇ كۈنلەردە باش ئەلچىمىز يولداش جۇ جۆ بەك ئالدىراش بولسىمۇ، لېكىن بىرقانچە قېتىم بىرقانچە سائەتلەپ ۋاقىت چىقىرىپ، بىز بىلەن تۇغقانلارچە پاراڭلاشتى. بىزنىڭ سىمنارىيىدە ئوقۇغان ماقالىلىرىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىشلىنىپ ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىمىزدىن خۇش بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تۈركىيە ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى، بولۇپمۇ ئىككى دۆلەت

مۇناسىۋىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس رول ئويناۋاتقانلىقىنى، جۇملىدىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ تۆھپىسىمۇ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى زوقلىنىپ سۆزلىدى.

شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىزنىڭ تۈركىيىدىكى يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمىز، بارلىق پائالىيىتىمىز بەك ئەركىن بولدى. بۇ، تۈركىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەممىھەرلەر ئىچىدىمۇ ياخشى تەسىر قالدۇردى. ئۇلار: بەزى دۆلەت ئەلچىخانىلىرى ئۆز مەملىكىتىدىن چەت ئەلگە چىققان ئاز سانلىق مىللەت ئادەملىرىنىڭ پائالىيىتىنى بەك چەكلەيدۇ. سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلار بەك ئەركىن. بۇنىڭدىن جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكتىن كەڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەلچىخانىڭلارمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بەك قەدىرلەيدىكەن، دېيىشتى. ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىمىز خەلقئارادىكى ئېلىمىزگە قارشى كۈچلەرنىڭ "جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاسارەتتە ياشايدۇ" دېگەن ئىغۋالىرىغا نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك بىر رەددىيە بولدى.

## ئىستانبۇل مەنزىرىسى

بىز 17 - مايدىن 24 - مايغىچە ئىستانبۇلدا بولدۇق.

ئالتە مىليونغا يېقىن ئادەم ياشايدىغان ئىستانبۇل — تۈركىيىنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مەدەنىي شەھىرى. ئۇ، ئاسىيا بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياۋروپانىڭ چېگرىسى بويىغا، يەنى قارا دېڭىز بىلەن مەرمەر دېڭىزى ئارىلىقىدىكى پوسپور بوغۇزىنىڭ، ياكى ئىستانبۇل بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان، ئىككى قىتئەگە — بىر تەرىپى ئاسىياغا، بىر تەرىپى ياۋروپاغا مەنسۇپ شەھەر. بوغاز ئۈستىگە سېلىنغان 1560 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ھەيۋەتلىك كۆۋرۈك ئىككى قىتئەنىڭ قۇرۇقلۇق يولىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ.

پوسپور بوغۇزى — ئىستانبۇلنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك كۆرۈكى. ئاسماندىن قارىسىڭىز، ئۇ خۇددى ئۇزۇن ئەگىم - ئەگىم ئەينەكلىك ۋادىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئەينەكتەك شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ — ئىككى قىتئە بويىنىڭ ئەكسى جىلۋىلىنىدۇ.

بىز بىركۈنى بوغۇز بويلاپ بۇ ئەزىمەت شەھەرنى ئايلىنىپ كېزىپ، تا قارا دېڭىزغىچە باردۇق. ئۇ يەردىن يېنىپ شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز مەنزىرىلىك جايى — شامچىغا چىقىپ سەيلە قىلغاچ، شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق، ئوتتۇرىسى سۇ، ئىككى تەرىپى قىزغۇچ تۇپراق باغرىدا كۆكىرىپ تۇرغان باراقسانلىق ۋە ئۇنىڭ ئارا - ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان غەرب شەكلىدىكى ھەم تۈركىيىنىڭ ئەنئەنىلىك مىللىي شەكلىدىكى ھەر خىل يۇكسەك بىنالار ۋە مۇنارلار بىلەن تولغان بۇ شەھەرنىڭ مەنزىرىسى ھەقىقەتەنمۇ جىلۋىدار.

ئاخشىمى يانغان سان - ساناقسىز ھەر خىل رەڭدىكى ئېلېكتر چىراغلىرى خۇددى يەر باغرىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزدەك، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۇزلۇكسىز قاتناۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرى بولسا ئۇچار يۇلتۇزدەك، بۇ شەھەرگە بۆلەكچىلا يارقىن، جىلۋىلىك تۈس بېرىپ تۇرىدۇ. شىنخۇاشېنىڭ بىر مۇخبىرى ”ئىستانبۇل — كېچە

بولماس شەھەر" دەپ يازغانىدى، راستتىنلا شۇنداق.

ئىستانبۇل مەشھۇر قەدىمىي شەھەر. بۇرۇن كونىستانتىنوپول دەپ ئاتالغان. ئۆز ۋاقتىدا ۋىزانتىيىنىڭ مەركىزى بولغان. 1453 ـ يىلى ئۇنى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىشغال قىلىپ پايتەخت قىلغان. بۇ يەردە مۇستاپا كامال ـــ ئاتاتۈركنىڭمۇ نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك پائالىيەت ئىزلىرى بار. ھازىر ئۇ تۈركىيىنىڭ چوڭ پورتى، مۇھىم سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى.

ئىستانبۇلدا تارىخىي يادىكارلىقلار ناھايىتى كۆپ. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى ـــ ئۈچ قىتئەگە مەنسۇپ نۇرغۇن جايلىرىغا زىلزىلە سالغان زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى. "توپ قاپى" مۇزېيىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئادەم بۇ تۇپراقنىڭ ئۆتمۈشىگە، بولۇپمۇ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ھەر خىل تەسىرىگە دائىر كەڭ تارىخىي مەلۇماتقا ئىگە بولىدۇ. ھەربىي مۇزېينى كۆرگەنلەر تۈركلەرنىڭ تارىختىكى ھەربىي يۈرۈشلىرى، ھەربىي ئالاھىدىلىكى، تۈزۈملىرى، ئىستراتېگىيە، تاكتىكىلىرى ۋە ھەربىي قورال تەرەققىياتىغا ئائىت ئەھۋاللارنى ناھايىتى ئېنىق ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. سۇلتان ئوردىسى بولغان "دولما باغچە سارىيى"نى زىيارەت قىلغۇچىلار سۇلتان ئەۋلادىنىڭ ھەشەمەتلىك ھاياتى بىلەن تونۇشىدۇ. بۇ يەردە ساقلانغان ئالتۇن بۆشۈك، ئالتۇن تەخت، ئالتۇن شامدان ۋە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئالماس قاتارلىقلار مۇستەبىت ئوردا ھەشەمەتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك پاكىتى، شۇنداقلا بۇ يەردە ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئەڭ قەدىمى، ئەڭ قىممەتلىك "تەۋەررۈك" خاتىرە ـ يادىكارلىقلارنى كۆرۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز يەنە بىرقانچە جامەلەرنى زىيارەت قىلدۇق. "سۇلايمانىيە جامەسى"، "ئايا سوفىيا جامەسى"، "سۇلتان ئەخمەت جامەسى" ئىستانبۇلدىكى ئەڭ چوڭ مەشھۇر جامەلەر بولۇپ، بۇ زور پۇختا، يۈكسەك، ھەيۋەتلىك، سەنئەتلىك قۇرۇلۇشلار بىرقانچە يۈز يىل بۇرۇنقى تۈرك مىمارچىلىقىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرى، شۇنداقلا ئۇ تۈركىيەدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت چوڭ مۇزېيلاردۇر. بۇ شەھەردىكى ئەڭ ئېسىل جامە ۋە سارايلار "مىمارسىنا" دەپ ئاتالغان مەشھۇر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرىنىڭ قولىدىن چىققان، ئۇنىڭ قولى راستىنلا گۈل ئىكەن.

جامەلەرنىڭ مۇنارلىرى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك. ئېگىزلىكى يۈز مېتىرگە يېقىن مۇنارلارمۇ خېلى كۆپ، ئۇنىڭ نەقىشلىرى ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدۇ. "سۇلتان ئەخمەت جامەسى"نىڭ ئەتراپىدا ئالتۇندەك ئالتە يۈكسەك مۇنار بار. بۇ مۇنارلار توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھېكايە ئاڭلىدۇق: "توققۇز يېشىدا سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئەخمەت بۇرۇن ئۆتكەن سۇلتانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش نىيىتىدە بىر چوڭ جامە سالدۇرماقچى بوپتۇ ـ دە، 'ئالتۇن مۇنارلىق زور جامە ياسالسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. مىمارلارنىڭ سۇلتان پەرمانىنى رەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا مۇنارنى ئالتۇندىن ياساشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنچىلىك كۆپ ئالتۇننى نەدىنمۇ تاپقىلى بولسۇن. ئاخىر باش مىمار ئەقىل ئىشلىتىپ، ئامال تېپىپتۇ، ئىشقا كىرىشىپ، ۋاقتى ـ قارارىدا جامەنى ھەم ئالتە مۇنارنى پۈتتۈرۈپتۇ. ئۇنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن سۇلتان مۇنارنىڭ ئالتۇن ئەمەسلىكىنى بايقاپ، غەزەپ بىلەن: 'مەن سىلەرگە ئالتۇن مۇنار ياساڭلار دېمىگەنمىدىم' دەپ مىمارلارنى سوراققا تارتىپتۇ. سۇلتاننىڭ پەر-

مانىغا خىلاپلىق قىلىشىنىڭ جازاسى ئۆلۈم بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇ چاغدا باش مىمار: "ئەپسۇس، بىز "ئالتۇن مۇنار" دېگەن سۆزنى "ئالتە مۇنار" دەپ خاتا ئاڭلاپ قاپتىمىز" دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن، سۇلتان ئامالسىز غەزىپىدىن يېنىپتۇ ۋە مىمارلار سۇلتانىنىڭ پەرمانىغا قەستەن خىلاپلىق قىلغان ئەمەس، دەپ قارىلىپ، جازادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ."

ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى — تۈركىيىنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ مەشھۇر بىلىم يۇرتى. بىز ئۇنىڭ مەركىزىي بىنالىرى ئەتراپىدىن بىرقانچە قېتىم ئۆتكەن ئىدۇق. كېيىن مىمارچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئالدىنقى يىلى ئېلىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن نىجات دىيار بەگنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىچىگە كىردۇق: ئۇ يەردە بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ باراقسانلىق ئىچىدە بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ، ئىلىم-پەنگە بولغان شەيدالىقا زوقلاندۇق. چۈشتە پروفېسسورلار ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئازادە، چىرايلىق ۋە مول داستىخانلىق تاماقخانىدا غىزالاندۇق ۋە مەكتەپنىڭ بۇ يەردىكى بىلىم ئەھلىگە بولغان ئالاھىدە ئېتىبارىدىن خۇش بولدۇق.

### ھەمشەھەرلەر بىزنى قۇچاقلاپ سۆيدى

تۈركلەر يۇرتداشنى "ھەمشەھىر" (ھەمشەھەر) دەيدىكەن. بۇ مەملىكەتتە تەكتى جۇڭگولۇق ھەمشەھەرلىرىمىز خېلى بار، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئازادلىقتىن بۇرۇن ئوقەت ئىزدەپ چىققان؛ بەزىلىرى رەسمىيەت بويىچە ئافغانىستانغا كۆچۈپ، كېيىن تۈركىيىگە يۆتكەل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

گەن؛ بەزىلىرى ئازادلىق ھارپىسىدا قىزىل بايراقتىن قورقۇپ ئەيمە-نىپ قېچىپ كەتكەن؛ بەزىلىرى ئازادلىقتىن كېيىن، كۆپىنچە تۇغقاند-لىرىغا تارتىشىپ چىققان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك يۇرتداش — ھەمشەھەرلەر بولۇپ ، ھازىر ھەممىسى دېگۈدەك (بىرقانچە ئون مىڭ) تۈركىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن تۈركىيە پۇقرالىرى.

بىزنىڭ تۈركىيىگە كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلىغان نۇرغۇنلىغان ھەم-شەھەرلەر بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ناھايىتى تەقەززا ئىكەنلىكىنى بىل-دۈرۈشتى. بىزمۇ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۆزىمىزنىڭ بىر بۇرچى دەپ چۈشىنىمىز، ئەلۋەتتە. شۇڭا سېمىنارىيە تاماملانغاندىن كېيىن، ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇلدىكى زىيارىتىمىز ئارىلىقىدا، ئايرىم ۋاقىت ئاجرىتىپ بىرەر يۈزگە يېقىن ھەمشەھەرلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىز بىلەن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. بەزىلىرى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۆيلىرىگە — مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىشتى. ئىمكان قەدەر ۋاقىت چىقىرىپ بىرقانچىسىنىڭ ئۆيلىرىگە باردۇق. ئۇلار بىزنى كۆپىنچە ئانا يۇرت-نىڭ مەشھۇر مەززىلىك يېمەكلىرى (پولۇ، لەغمەن، گاڭپەن، چۆچۈرە، ئۇگرە قاتارلىق تاماقلار) بىلەن مېھمان قىلىشتى.

ھەر خىل سورۇندا ئۇچراشقان ھەمشەھەرلەر مىنۇت-سېكۇنتنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەي بىز بىلەن پاراڭلاشتى. گەرچە ئۇلارنىڭ مىللىتى، جىنسى، ياش-قۇرامى، كەسپى، ئاڭ-سەۋىيىسى، ئىدىيە ۋە سىياسىي چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىر ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە، يەنى ئانا يۇرتنى سېغىنىپ ئەسلەيدۇ، ئانا يۇرتنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ھەر خىل سوئاللارنى —

سودىگەرلىرى بازار ئەھۋالىنى، بۇرۇن دېھقانچىلىق قىلغانلىرى يېزىنىڭ ئەھۋالىنى، زىيالىيلىرى مەدەنىي-مائارىپ ئەھۋالىنى سورايدۇ. بىز ئۇلارغا ئېلىمىزنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى، جۈملىدىن بازارلارنىڭ ئاۋاتلاشقانلىقىنى، باھانىڭ، پۇل قىممىتىنىڭ مۇقىملىقىنى، يېزا بازارلىرىغا مۇۋاپىق يول بېرىلگەنلىكىنى، يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلار چوڭ غەيرەت ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىشلەپ بىر باشتىن بېيىۋاتقانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىمۇ جانلىنىپ، ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۈركۈملەپ مەيدانغا چىقىۋاتقانلىقىنى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى، ئىلمىي تەتقىقات، نەشرىيات ساھەسىدىكى جانلىنىشلارنى، قىسقىسى، ئېلىمىزنىڭ قاينام-تاشقىنلىق جاسارەت بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كىرىشكەنلىكىنى بىرقانچە تىپىك، تەسىرلىك مىساللار بىلەن سۆزلەپ بەرگىنىمىزدە، ئورغۇنلىغان ھەمشەھەرلەر چوڭقۇر ھاياجانغا چۆكتى ۋە بەزىلىرى يىغلىۋەتتى. ئۇلار: "ئانا يۇرتنىڭ ئوتى باشقىچە بولىدىكەن. سىلەر كېلىپ بۇ ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتىڭلار" دەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشتى، يېڭى ۋەزىيىتىمىزدىن خۇش بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بەزىلەر: "سىلەرنىڭ ئەركىن، ئازادە كەيپىياتىڭلاردىن ئانا يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكىنى، خۇشال كۆلكىسىنى ھېس قىلدۇق" دېيىشتى ۋە بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە تەقەززا ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا ئىزھار قىلىشتى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يەردىكى ھەمشەھەرلىرىمىز ئىچىدىمۇ ئانا يۇرت ھەققىدە بىرمەزگىل غەشلىك تەسىراتلار ئەۋج

www.uyghurkitap.com

ئالغان. بۇ، كۆپىنچە، خەلقئارادىكى سوتسىيالىزمغا ۋە جۇڭگوغا قارشى ئېقىمنىڭ تارقاتقان زەھىرى تۈپەيلىدىن، شۇنىڭدەك، لىن بياۋ ۋە جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرىنىڭ قىلمىشلىرى، يەنى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ناملىق ئاپەتلىك ھەرىكەتنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان. كېيىنكى يىللاردا ئېلىمىز ئىچكى - تاشقى سىياسەتتە چوڭ ئۆزگىرىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، شۇنىڭدەك، تۈركىيىدىكىلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىمۇ سوتسىيالىستىك جۇڭگو ھەققىدىكى ئىنغۋالارنىڭ بازىرى بارغانسېرى كاساتلىشىشقا باشلىغان. بەزى ھەمشەھەرلەر شۇنداق دېدى: "بىرمەزگىل بۇ يەردە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تۈگىشىپ كەتتى، ئۇلار ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقىدىن مەھرۇم بولدى، بالىلىرى ئۈچۈن مىللىي مەكتەپ يوق، دېگەن گەپلەر خېلى بازار تاپقانىدى. ئەمدى ئۇقساق، بۇنداق ئەھۋال ھەتتا 'مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى' مەزگىلىدىمۇ بولماپتۇ. شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ھەر خىل ئەدەبىي، ئىلمىي ژۇرناللارنى، كىتابلارنى كۆرۈپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتىمۇ ئەركىن ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. بۇ جەھەتتە خېلى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپسىلەر، ئاپىرىن دېدۇق".

3 - ئومۇمىي يىغىنغا بارىكاللا! ئۇ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا داغدام يول ئېچىپ بەردى. جۇڭگولۇق يەنە بىر قېتىم "ئۇھ" دېدى. مەملىكەت ئىچىدىكى جۇشقۇنلۇق، شاد - خۇراملىق مەملىكەت سىرتىدىكى تۇغقانلىرىمىزنىمۇ خۇشال قىلدى. ئۇلار ئانا يۇرتىنى تېخىمۇ سېغىنماقتا، ئۇنىڭ يېڭى ھاياتىغا زوقلانماقتا.

بۇنىڭدىن جۇڭگوغا قارشى ئېقىم نارازى. چۈنكى بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىمىز ئۇلارنى بارغانسېرى شەرمەندە قىلماقتا. بىز بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز.

## خاتىمە

بىزنىڭ تۈركىيىدىكى 20 كۈنىمىز — بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى سېمىنارىيىسىگە قاتنىشىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زىيارەتلىرىمىز تۈركىيىلىك دوستلارنىڭ قىزغىن دوستانە ھۆرمىتى ئىچىدە كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بىز بۇ جەرياندا جۇڭگو-تۈركىيە دوستلۇقىنىڭ شېرىن مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولدۇق، بۇنىڭدىن بەك مەمنۇنىمىز.

جۇڭگو بىلەن تۈركىيىنىڭ ئارىلىقى يىراق. بىراق دوستلۇق يولى ئۈچۈن يىراقلىق يوق. بۇ يول ھەر ئىككى مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن ئەزىز ۋە قىممەتلىك، چۈنكى بۇ، ئەھمىيەتلىك ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان.

دوستلۇق — دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ لەززىتى. بۇ لەززەت ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈش ئەڭ چوڭ خۇشاللىق. بىزمۇ بۇ قېتىم دوستلۇق يولىدىن بېرىپ، كۆڭۈل خۇش بولىدىغان ئىز قالدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە — جۇڭگو ۋە تۈركىيە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئەجىر سىڭدۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بەك خۇشالمىز.

1983-يىل ئاۋغۇست-سېنتەبىر.

# شائىرنىڭ ئۆيىدە

بۇ يىل 2 - ئىيۇن كۈنى بېيجىڭدا مەن (يولداش خاۋ گۇەنجۇڭ بىلەن بىللە) شائىر ئەي چىڭنى يوقلاپ باردىم. بىز قەدىناسلارچە قىزغىن كۆرۈشتۇق. لېكىن شۇ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئەي چىڭ:

— ۋەدە قىلغان ۋاقتىڭلاردىن بىر سائەتچە كېچىكتىڭلارغۇ، — دېگەن گەپنىمۇ نېسى قويمىدى. مەن ئەيىبىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۆزرەمنى چاقچاققا بۇرىدىم:

— شىنجاڭ يىراق ئەمەسمۇ.

— ھە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ باھانەڭمۇ قاملاشتى.

ئاندىن مېنىڭ:

— ھازىر سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ — دېگەن سوئالىمغا يۇمۇرلۇق تەلەپپۇز بىلەن:

— ئىشقىلىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ كېتىۋاتىمەنغۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە گويا بۇ جاۋابىنى تەستىقلاتماقچى بولغاندەك رەپىقىسى يولداش گاۋ يىڭغا قاراپ قويدى. يولداش گاۋ يىڭ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئەي چىڭ:

— ھە، ئۇمۇ بار، — دېدى بىزنى چايغا تەكلىپ قىلغاچ.

مەن ئۇنىڭغا قايتا سەپسالدىم، گەرچە بىھۇدە جاپا ئۇنىڭ چىراي - بەستىگە قېرىلىق ئىزلىرىنى ۋاقىتسىز قوندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كەيپىياتىدىن يەنىلا جۇشقۇنلۇق شائىرانە روھ ئۇرغۇپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇپتۇ. بۇ روھ مېنى سۆيۈندۈردى.

سالام ـ سائەتتىن كېيىن، مەن شائىرغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمائىل ئەمەتنىڭ يوللىغان سالىمىنى ھەم ئۇنى يولداش گاۋ يىڭ بىلەن بىللە، بۇ يىل كۈزدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاپتونوم رايونىنىڭ 30 يىللىق توي ـ مەرىكىسىگە تەكلىپ قىلغانلىقىنى يەتكۈزگەن ئىدىم، ئۇ:

ــ يولداش ئىسمائىلغا رەھمەت! شىنجاڭدىكى يولداشلارغا رەھمەت! بىر ئامال قىلىپ، بېرىشقا تىرىشىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

مەن خۇش بولۇپ:

ــ سىزنىڭ بۇ جاۋابىڭىزنى شىنجاڭدىكى يولداشلارغا، بولۇپمۇ شائىرلارغا خۇش خەۋەر تەرىقىسىدە يەتكۈزىمەن، ــ دېۋىدىم، بۇ سۆزۈم ئۇنىڭغا ئانچە ياقمىدى بولغاي، شۇڭا:

ــ بۇنىڭ نېمىسى خۇش خەۋەر، ــ دەپ پېشىمنى تارتىپ قويدى.

مەيلى، ئۇ پېشىمنى تارتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ "خۇش خەۋەر" دېگەن سۆزۈمدىن يېنىۋالمايمەن. چۈنكى ماڭىمۇ ناھايىتى ئېنىقكى، بۈگۈنكى كۈندە شائىر ئەي چىڭنىڭ شىنجاڭغا بارماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان يۇرتداشلىرىم ئاجايىپ قىزغىن خۇشاللىق ئالقىشى بىلەن مېنىڭ بۇ سۆزۈمنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلايدۇ.

* * *

مەن ئەي چىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمنىمۇ ئەسلەپ ئولتۇردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۈگۈنكى دۇنيادا شېئىرگە زوقمەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئەي چىڭنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ھاياجانلانمىغان، لەززەتلەنمىگەن ئادەم بارمىدۇ؟ ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن مەسلەكداش بولمىغان ئادەملەرنىڭمۇ ئۇنىڭ شېئىرىي سەنئىتى ئالدىدا ئىختىيارسىز باش ئېگىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىۋاسىتە ھېس قىلغان.

مەن شۇنى ئىپتىخارلىق بىلەن ئەسلەيمەنكى، 1982 - يىلى يازدا يۇگوسلاۋىيىنىڭ ستروگا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 21 - نۆۋەتلىك خەلقئارالىق شېئىرىيەت فېستىۋالى جەريانىدا مەن بىلەن سۆزلەشكەن چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ ئىچىدە ئەي چىڭنىڭ ئەھۋالىنى سورىمىغان ۋە ئۇنىڭغا سالام ئېيتمىغان ئادەم يوق دېيەرلىك. بەزىلىرى ئەي چىڭنىڭ ئايرىم شېئىرلىرى ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى بايان قىلىشتى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ نامىنى پابلونېرودا، نازىم ھېكمەتلەر قاتارىدا تىلغا ئالدى، شۇنىڭدەك ئەي چىڭنى ستروگا شېئىرىيەت فېستىۋالى مۇكاپاتى لائۇرىياتىغىمۇ چوقۇم كۆرسىتىش كېرەك، دېگۈچىلەرمۇ ئاز بولمىدى.

مەن يۇگوسلاۋىيىنىڭ قاراتاغ رېسپۇبلىكىسىدا بولغان مەزگىلىمدە سوۋېت شائىرەسى ۋاسلىيېۋا بىلەن بىرنەچچە كۈن زىيارەتداش بولۇپ، تونۇشۇپ قالدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭدىن ئاتاقلىق سوۋېت شائىرى ئا. سۇركوۋنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان ئىدىم، ئۇ مەندىن ئەي چىڭنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ھەمدە يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەي چىڭ تاللانما شېئىرلىرىنىڭ رۇسچە يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىنغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ بۇ شېئىرلارنى بەك سۆيۈنۈپ ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ: "سوۋېت خەلقى ئەي چىڭنى ياخشى تونۇيدۇ، سۆيۈپ ئوقۇيدۇ" دېدى.

بۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن مەن بىر ئەرەب شائىرى بىلەن مەلۇم بىر سورۇندا بىللە بولۇپ قالدىم. ئۇ، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئاتالمىش "جۇڭگو شېئىرلىرى"نى كۆرگەن ئىكەن. شۇڭا بۈگۈنكى جۇڭگودا ھەقىقىي شېئىرنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىدىكەن. ئۇ، گەپ ئارىسىدا: "سىلەر رېئالىزمنى تەكىتلەيدىكەنسىلەر. مەن بۇنى چۈشىنەلمىدىم. مەسىلەن، مانا بۈگۈن ئاپتاپ، ئالدىمىزدا دەل-دەرەخلەر تۇرۇپتۇ... بۇ رېئال نەرسىلەر. رېئالىزم مانا مۇشۇ رېئاللىقنى كۆچۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ نېمىسى شېئىر بولىدۇ؟" دەپ سوراپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا مەنمۇ جاۋاب تەرىقىسىدە: "مەن سىزگە بىر شېئىر ئوقۇپ بېرەي، بۇنىڭدا سىز ھازىر ئاتاپ ئۆتكەن رېئال ھادىسىلەرمۇ يېزىلغان. سىز بۇنىڭدا شېئىرىيەت بار، دەپ ھېس قىلامسىزكىن" دەپ، شائىر ئەي چىڭنىڭ شۇ يىلى ئېلان قىلىنغان:

"سەن پارلاق قۇياشقا قاراپ
كېتىۋاتقاندا،
ئۇنتۇما
كەينىڭدىن قارا سايىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى..."

دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم، ئۇ بۇ شېئىرنىڭ ئەرەبچە ئاددىي تەرجىمىسىنى ئاڭلاپلا، ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە: "پاھ، ئاجايىپ شېئىر، ئۇلۇغ شېئىر! ياخشى جاۋاب!" دەپ تەشەككۈر بىلدۈردى. شۇ چاغدا مەن ئەي چىڭنى زوق بىلەن بىر ئەسلىۋالدىم، شۇنىڭدەك ئۆزەمنىڭمۇ ئەي چىڭ ئارقىلىق بىر چەت ئەللىككە بۈگۈنكى جۇڭگو شېئىرىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن پەخىرلەندىم. بۇنداق مىساللار

ئاز بولمسا كېرەك.
شۈبھىسىزكى، ئەي چىلىڭ بۈگۈنكى جۇڭگو شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى. بىز ئۇنىڭ 50 نەچچە يىللىق شائىرلىق ساداسىدىن (بولۇپمۇ، «دايەنخې ــ مېنىڭ ئانام»، «قۇياشقا قاراپ»، «يېزىغا بېغىشلاپ»، «بىر نېگىر قىزى ناخشا ئېيتماقتا»، «ئاتالانتىك ئوكيان»، «قۇياش مەدھىيىسى»، «گلادىئاتور» قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرىدىن) دەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم سوئاللىرىغا بېرىلگەن ئاجايىپ دەل ۋە ئوبرازلىق جاۋابىنى، ھەققىي جۇڭگولۇقنىڭ قەلب كۈيىنى ئاڭلايمىز. ئۇ، خەلق بىلەن قەلبداش، ئىنقىلاب بىلەن نەپەسداش، دەۋر بىلەن قەدەمداش شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن جۇڭگو شېئىرىيەت تارىخىدا شانلىق ئىز قالدۇردى.
بىز ئەي چىڭ ئەسەرلىرىدىن شېئىرىيەتنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ، باشقا ئەللەر شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىشنىڭ ئاجايىپ يارقىن ئۆلگىسىنى كۆرىمىز. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىزدىنىشى كۈچلۈك، ناۋاتور① سەنئەتكار. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ ساددىلىقى، ھېسسىياتىنىڭ نازۇكلۇقى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلىقى، تەسۋىرىنىڭ قۇرۇق دەبدەبىلىك سۆزلەردىن خالىيلىقى، تەبىئىي جىلۋىدارلىقى بىلەن ئوقۇغۇچى قەلبىنى ئالاھىدە مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەۋھۇم ئۇقۇملار كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان، سادا ھەتتا پۇراق ھېس قىلدۇرىدىغان كونكرېت نەرسىگە ئايلىنىدۇ.
قىسقىسى، ئۇ تىل بويىقى بىلەن ھېسسىياتنىڭ ئاجايىپ جانلىق

① ناۋاتور ــ يېڭىلىق ياراتقۇچى.

سۈرىتىنى سىزالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بۆگۈنكى جۇڭگو شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ جىلۋىدار يۇلتۇزىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى سانسىز مۇخلىسلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش دەستۇرى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا ئېستېتىكا خەزىنىسىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرى قاتارىغىمۇ كىردى. بۆگۈنكى جۇڭگو ئەي چىڭدەك بۈيۈك سەنئەتكارى بىلەن ئالاھىدە پەخىرلىنىدۇ.

ئەي چىڭ — ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر شېئىرىيىتىگىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن شائىر. ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە كىتابخانلىرى 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ (دەسلەپتە ئا. خوجايوۋنىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق) ئەي چىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدى. بۆگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاساسلىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇش. ھازىر ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تاللانغان شېئىرلىرى ئايرىم كىتاب بولۇپ، نەشىر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، مەن شۇنى ھېس قىلىمەنكى، ئەي چىڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى خەنزۇ شېئىرىيەت گۈلزارىغا ئەڭ دەسلەپ، ئەڭ كۈچلۈك جەلپ قىلغان شائىر. شۇنداقلا بۆگۈنكى جۇڭگو ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەي چىڭنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مەنمۇ شائىر ئەي چىڭنى ئۆزەمنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك مەنىۋى-بەدىئي ئۇستازلىرىمنىڭ بىرسى دەپ ھېسابلايمەن. مەن ئەي چىڭنىڭ نامىنى ئازادلىق ھارپىسىدا ئاڭلاپ، بىر قىسىم شېئىرلىرىنى 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئوقۇپ، ئۇنىڭغا زور ئىشتىياق باغلاپ كەلگەن. 1955 ـ يىلى شائىر لى جى بېيجىڭدا ئا. خوجايوۋ ئىككىمىزنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ تونۇشتۇردى. ئۇ شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

هامان "دوستلۇق شارابى" كەلتۈردى، مېھمان قىلدى. بۇ سورۇندا ئەي چىڭگىنىڭ ماڭا سىزىلگەن سەممىي، خۇش چاقچاق، رومانتىك مىجەزى ھەمدە يۇمۇرلۇق، لىرىك ئوبرازغا باي تاتلىق گەپ - سۆزلىرى ئۇنىڭغا بولغان زوق - ئىشتىياقىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. 1957 - يىلىنىڭ باھارىغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆرۈشۈپ، ئەھۋاللىشىپ، خېلىلا ئىچەكىشىپ كەتتىم. ئۇنىڭ شېئىرىيەت توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى لەززەتلىنىپ ئاڭلىدىم. جۈملىسىدىن ئۇنىڭ: "شائىرنىڭ تىلى باشقىچە بولىدۇ، ئۇ مەلۇم بىرنەرسىنى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي تۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ، مەسىلەن، ئاينى ئاي دەپ ئاتىماي تۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئاي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان باشقىچە سۆزنى قىلىدۇ" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرى مېنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇستىدە ئىزدىنىشىمگە چوڭ تۈرتكە بولدى.

شائىر ئەي چىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدە ئاجايىپ جۇشقۇن روھ بىلەن بۆسۈپ كېتىۋاتقاندا، 1957 - يىلى يازدا "سول" قۇيۇنىنىڭ دەھشەتلىك زەربىسىگە ئۇچرىدى: تەلۋە "سول"چىللىق ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بۇرمىلىدى، سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە، كوممۇنىزمغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان ساداقىتىنى قارىلىدى، سەپتىن ھەيدىدى. بۇ، جۇڭگو شېئىرىيىتى ئۈچۈن بەكمۇ ئېچىنىشلىق بىر پاجىئە ئىدى.

شائىرنىڭ 1959 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە 17 يىللىق ئۆمرى شىنجاڭدا ئۆتتى.

* * *

مەن بۇ قېتىم ئەي چىڭدىن شىنجاڭ توغرۇلۇق تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن ئىدىم، ئۇ گەپنى باشلاي دەپ تۇرۇ-

شىغا سىرتتىن بىرقانچە مېھمان ــ ئىنژېنېر كاڭ (رەپىقىسى بىلەن) ھەم سىنگاپوردىن كەلگەن سۈرەتچى جاڭ جىگسەي كىرىپ كەلدى. شائىر ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن مېھمانلارغا بىرنىمۇ تونۇشتۇردى. ۋە بىرئاز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ماڭا بۇرۇلۇپ:

ــ شىنجاڭ توغرۇلۇق تەسىراتىمنى ساڭا سۆزلەش، بەلكى ئوشۇقچە بولار. بۇنى شىنجاڭنى كۆرمىگەن ماۋۇ يولداشلارغا سۆزلىگىنىم تۈزۈك، ــ دەپ مېھمانلارغا قاراپ سۆزلىگىلى تۇردى، ــ شىنجاڭ بەك كەڭ، ھەرخىل كېلىماتلىق ئۇلۇغ زېمىن. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان قەشقەر، خوتەنلەردىمۇ بولدۇم. ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۆزىگە خاس قويۇق مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئادەم بۇ يەردە ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلىدۇ. ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن مەنبەمۇ چەكسىز. ئەپسۇسكى، مەن شىنجاڭدا تۇرغان 17 يىل جەرياندا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە كۆپ بولالمىدىم. بۇنىڭغا مېنىڭ شۇ چاغدىكى شارائىتىم يار بەرمىدى. شۇڭا كۆپرەك ۋاقتىم شىخەنزە، موسوۋەن تەرەپلەردە ئۆتتى. مەن شىنجاڭنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن. جۇ ئېنلەي زۇڭلى مېنىڭ غېمىمنى يەپ، بىرمەزگىل شىنجاڭدا تۇرۇشۇمنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ۋاڭ جېن، جاڭ جۇڭخەن قاتارلىق يولداشلار مېنى جىق ئاسرىدى، شىنجاڭ خەلقى جىق ئاسرىدى. بۇ جەرياندىكى كەچۈرمىشلىرىم گاۋ يىڭنىڭ ئېسىدە تېخىمۇ ئېنىق.

شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزىنى يولداش گاۋ يىڭ داۋاملاشتۇردى:

ــ بىز 1959 ــ يىلى قىشتا شىنجاڭغا باردۇق. ئۈرۈمچىگە كىرسەك، تازا قار يېغىۋېتىپتۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھە، راستىلا، — دەپ سۆز قىستۇردى ئەي چىڭ، — مەن ئۇرۇمچىگە بارغان كۈنى يولدا تېپىلىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. سۆڭەكچىلىرىم بەكلا ئاغرىغانلىقتىن قارىغاندا، ئوبدانلا چۈشكەن ئوخشايمەن...

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق.

— ئەمدى بارسىڭىز يىقىلمايسىز — دېدىم مەن، — يولەپ ماڭىدىغانلار كۆپ.

— مۇھىمى، ئەمدى بارسام، ياخشى پەسىلدە بارىمەن-دە، — دېدى ئەي چىڭ.

مەن ئۇنىڭ ۋە يولداش گاۋ يىڭنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى بەزى ئەسلىمىلىرىنى قىسقىچە خاتىرىلەپ ئالدىم.

ئەي چىڭ دەسلەپتە شىخەنزىدە تۇرمۇش جەھەتتىن خېلى ئېتىبارغا ئېرىشكەن، نۇرغۇنلىغان يولداشلار ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلىدە بولغان. بەزى رەھبەرلەر ئۇنى پات-پات يوقلاپ، زىياپەتلەرگىمۇ چاقىرىپ تۇرغان، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئۇ ياق بۇ ياققا ئېلىپ بارغان. رەھبەرلىك ئىلاجى بار، ئۇنى ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. لېكىن "سىنىپىي كۈرەشنى چىڭ تۇتۇش" تەكىتلەنگەنسېرى ئۇنىڭغا بولغان كۆيۈنۈش، ئىللىق مۇئامىلە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ روھىنى قاتتىق ئازابلاشقا باشلىغان.

"مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" باشلانغاندىن كېيىن، ئەي چىڭ تۇرۇۋاتقان جايدىكى رەھبەرلەر ئارقا-ئارقىدىن تارتىپ چىقىرىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ دېگۈدەك مۇھىم بىر جىنايىتى "ئەي چىڭغا پاناھ بولغانلىقى" ئىدى. ئۇنى "لاۋئەي" دەپ ئاتاشمۇ بىر گۇناھ. مەلۇم بىر رەھبەرنى بەزى بىرنېمىلەر: "نېمە ئۈچۈن سەن ئۇنىڭچە ئەي چىڭنى 'لاۋئەي' دەپ ئاتىدىڭ" دەپ جىددىي سوراققا تارتـ-

قان. لېكىن ئۇمۇ: "ئۇنى 'لاۋ ئەي' دېگىنىم ئوشۇق كەتكەن بولسا، 'شاۋئەي' دەيمۇ؟" دەپ قىزىق جاۋاب بەرگەن.

مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" باشلىنىش بىلەن شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىن ئەڭ دەسلەپ تارتىپ چىقىرىلغان يولداش ۋاڭ گولىن 1962 ـ يىلى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ تۇرغان خەنزۇچە «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا ئەي چىڭنىڭ بىر نەچچە شېئىرىنى (يەنى ئەي چىڭ يازغانلىقى ئۈچۈنلا "زەھەرلىك چۆپ" دەپ ئاتالغان شېئىرنى) ئېلان قىلىشقا تەشەببۇسكار بولغان "جىنايىتى" ئۈچۈنمۇ جىددىي سوراققا تارتىلىپ، جىق ئازاب چەككەندى.

بۇنداق ئەھۋالدا ئەي چىڭنىڭ ئۆزى نېمە بولماقچى!

ئەي چىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا بەزى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 7 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى يىغىپ رەتلىگەن ھەمدە خېلى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. بىراق خۇڭ-ۋېيبىڭلار ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىككى قېتىم ئاختۇرۇپ، بۇ قول يازمىلارنىڭ ھەممىسىنى، شۇنىڭدەك يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش جۇ ئېنلەينىڭ ئەي چىڭغا يازغان خەتلىرى، بىللە چۈشكەن رەسىملىرىنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ھازىرغىچە ئىز ـ دېرىكى يوق.

بەزىلەر ئۇنى "چوڭ ئوڭچى" دەپ ئاتىغان. لېكىن ئەي چىڭ يۇمۇرلۇق قىلىپ: "چوڭ دېگىنىڭلار نېمىسى؟ بېشىمنىڭ چوڭلۇقى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى داڭقىمنىڭ چوڭلۇقى ئۈچۈنمۇ؟" دېگەندە ئۇلار: "ئوڭچىنىڭ چوڭى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنى چوڭ ئوڭچى دەيمىز"

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ دوق بىلەن "چۈشەندۈرۈپ" قويغان بولسىمۇ، ئەي چىلەك ئۇلارغا: "ئۆز ۋاقتىدا مېنى ئوكچى دەپ بېكىتكەن رەسمىي ئەنزىندە "چولۇك" دېگەن خەت (سۆز) يوق ئىدى" دەپ "ئىنزاھات" بەرگەن.

قۇلاق كەستى تەلۋىلەر يولۇققان يەردىلا ئۇنى ھاقارەتلەشنى ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانى بۇرچىدەك ئادا قىلىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ ھاقارەتلەر ئەي چىلەك ئۈچۈن "روھىي ئوزۇق" ئىمىش.

ئۇ يەنە يىللاپ ئاتالمىش "ئىنقىلابىي نازارەت" ئاستىدا ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنغان، جىسمانىي ھارغىنلىق، روھىي ئازاب دەستىدىن شائىرنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ئېغىرلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، داۋالىنىش ئەركىنلىكىمۇ چەكلىنىپ. باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، بەزىدە كېسەلدىن كۆرە ئەي چىلەك ئۈچۈن دوختۇرغا كۆرۈنۈشنىڭ ئۆزى تېخىمۇ چوڭ ئازاب بولغان. چۈنكى بەزى دوختۇرلار "ئوكچى"لاردىن قەتئىي چېگرا ئاجراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشنى رەت قىلغان، ھەتتا رېتسېپ ئورنىغا ئاھانەت بەرگەن. بەزىلىرى بولسا داۋالاشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان دوختۇرلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئەي چىلەك ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈپ داۋالىشىدىن ئۇلارغا گەپ كېلىپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرىگەن. ئۇ بىرمەزگىل ھاجەتخانا تازىلاپ يۈرگەندە ئاغرىپ قېلىپ، دوختۇردىن دورا تەلەپ قىلغان. دوختۇر: "ئەڭ ياخشىسى، سىز بىرقانچە كۈن دەم ئېلىڭ" دېگەندە ئەي چىلەك: "شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى، بىراق مەن دەم ئالغان بىلەن خەقنىڭ قورسىقى دەم ئالمايدۇ-دە" دەپ دوختۇرنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتكەن.

يولداش ئەي چىڭ ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنى شىكايەت تەلەپپۇزى بىلەن ئەمەس، قانداقتۇر يۇمۇرلۇق ھېكايە ئېيتىۋاتقاندەك سۆزلەيدۇ. ئۇ ئۆزىگە ناھەق ئازار بەرگەن ئادەملەرنىڭ نامىنى ئاتاشنى خالىمايدۇ، سۆزىدە ئۇلارغا نىسبەتەن شەخسىي ئاداۋەتتىن زادى ئەسەر يوق. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىدىن ئاتالمىش "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"غا، سول لۇشيەنگە نىسبەتەن ئاچچىق كۈلكە ـ ھەجۋى ئۆرلەپ تۇرىدۇ.

مەن گەپ ئارىسىدا:

سىز شىنجاڭدا تۇرغان ۋاقتىدا مەن سىزدىن ئەھۋال سورىيالمىدىم، ــ دېۋىدىم، ئۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

سىزنىڭ ئۇ چاغلاردىكى ئەھۋالىڭىز مېنىڭكىدىن ياخشى بولمىسا كېرەك. بۇنداق ۋاقىتتا بىزدەكلەرنىڭ ئۆزئارا ھال سوراپ بېرىشى تېخىمۇ بىئەپ بولىدىغۇ، ــ دەپ، گويا ماڭا تەسەللى بەرگەندەك قوللىرىمنى سىلاپ كەتتى.

شۇ مەزگىللەرنى ئويلىسام، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بەك غەش بولىدۇ، گەرچە ئۇ چاغدا مەن ئەي چىڭنى يوقلاپ بارالمىساممۇ، بەزىدە (ئەھۋالىم بىرئاز ياخشىلىنىپ قالغان ئارىلىقلاردا) ئاپتونوم رايوننىڭ بەزى رەھبەرلىرىگە ئۇنى ئاياش، ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلىرىمنى بەردىم. بۇنىڭ قانچىلىك ئۈنۈمى بولغانلىقى ماڭا نامەلۇم.

* * *

باشقا مېھمانلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن يولداش ئەي چىڭدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدىكى كۆز قاراش ۋە ئۈمىدلىرىنى ئاڭلىغىم كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— شىنجاڭنىڭ شېئىرلىرى ياخشى ئىكەن، — دېدى ئۇ، — بىراق مېنىڭ كۆرگەنلىرىم ئاز. ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىمۇ ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقانداق ياخشى تەرجىمىمۇ ئەسلى تېكىستنى تولۇق ئىپادىلەپ كېتەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ كۆرگەنلىرىمنىڭ خېلى كۆپى مەندە ياخشى تەسىر قالدۇردى.

ئاندىن ئۇ شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ باي ئەدەبىي تىلى بار مىللەتلەر-نىڭ كۆپلۈكى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىپ:

— سىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر ئەدەبىي تىلنى ساقلاپ كەلگىنىڭلار، ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئەۋزەللىك، — دېدى، — مىللىي تىل شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى ئەمەسمۇ. مەرھۇم لاۋشې خەنزۇ تىلىدا يازاتتى. ئۇ ماڭا بىرقانچە قېتىم: "گەرچە مەن مانجۇ بولساممۇ، لېكىن مەن مانجۇ يازغۇچىسى دەپ باققىنىم يوق" دېگە-نىدى...مەن ئاز سانلىق مىللەت شېئىرلىرىنى كۆرۈشكە بەك قىزىقىمەن. سىلەرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىڭلارنى خەنزۇچىغا كۆپرەك تەرجىمە قىلىپ، تونۇشتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت، — دېدى. ئۇ يەنە يولداش خاۋ گۇەنجۇڭنىڭ ئۇيغۇرچە تىلنى ياخشى بىلىدىغان ئەدەبىي تەرجىمان ئىكەنلىكىدىن زوقلىنىپ:

— سەنمۇ قالتىس ئادەم ئىكەنسەن! — دېدى ۋە بۇنداق قالتىس ئادەملەرنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاخىرىدا مەن:

— ئەگەر ۋاقتىڭىز، سالامەتلىكىڭىز يار بەرسە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 30 يىللىق تويى ئالدىدا، شىنجاڭ ھەققىدە بىرەر پارچە شېئىر يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز، بەك ياخشى بولاتتى، —

دېۋىدىم، ئۇ:

— شىنجاڭ توغرۇلۇق تۇزۇكرەك بىر شېئىر يازالىسام، ئۆزەممۇ خۇش بولاتتىم. بىر ئامال قىلىپ، يېزىپ باقاي، — دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇ جاۋابنى بۇ قېتىمقى زىيارىتىمنىڭ مۇھىم بىر ئۇتۇقى دەپ، ئىنتايىن خۇش بولدۇم.

بىز خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنىڭ ئىشخانا، ياتاقلىرىنى، جۈملىدىن، كىتابلىرىنىمۇ كۆرۈپ چىقتۇق. ئەي چىڭ بىزگە ئۆزىنىڭ يېڭى نەشر قىلىنغان «داستانلار توپلىمى» بىلەن «بوستان خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدىن خاتىرە ئۈچۈن بىر نۇسخىدىن تەقدىم قىلدى. بىر كىتابقا «يولداش تېيىپجانغا تەقدىم» دېگەن سۆزنى يازغاندا مېنىڭ ئىسمىمنىڭ 3 - ھەرپى « 甫 » دېگەن خەتنى « 浦 » دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن يولداش گاۋ يىڭ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، — دېدى ئەي چىڭغا، — « 甫 »نىڭ يېنىغا سۇ تۆكۈپ قويۇپسەنغۇ؟

ئەي چىڭمۇ كۈلۈپ كەتتى - دە:

— بوپتۇ، ئازراق سۇ قوشۇپ بەرسەم نېمە بوپتۇ؟ — دەپ ماڭا سوئاللىق قارىدى. ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— بۇ سۇ ئۇشۇقلۇق قىلمايدۇ. ئىچىۋېتىمەن، — دېۋىدىم، ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى.

بىز خۇشال - خۇرام خوشلىشىپ ياندۇق.

1985 - يىل 28 - ئىيۇن.

www.uyghurkitap.com

(京)新登字151号

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت پولات
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوسمان موللەك
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەمرا ھاسىل

تېيىپجان ئېلىيېۋ
**ئەسەرلەر**
(ماقالىلەر، خەت ـ چەكلەر، ئەسلىمىلەر ۋە ھېكايىلەر)

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1992 ـ يىل 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1992 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 4.70 يۈەن

(京)新登字154号

铁依甫江文稿书信
(维吾尔文)
买实提普拉提整理
民族出版社出版发行　各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：850×1168 毫米 1/32 印张：13 1/4
1992年 8月第1版
1992年 8月北京第1次印刷
印数：0001—3,000册
ISBN 7—105—01580—2/I·341
民　文（维 58）定价：4.70元

ISBN 7—105—01580—2/I·341
民 文 (维 58) 定价：4.70元